# دۇنيا چۆچەكلىرى



شنجاڭ خەلق نەشرياتى



ISBN 7-228-04417-7

9 787228 044177 >

ISBN 7-228-04417-7
I·1613(民文)定价:15.00元

15
118
3

# دۇنيا چۆچەكلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

世界童话/努热别克·耐采米译. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2004.12
ISBN 7—228—0447—7

Ⅰ.世… Ⅱ.努… Ⅲ.童话—作品集—世界—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I18
中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 015878 号

责任编辑:帕提古丽·米吉提
封面设计:艾力西尔·艾克拜尔

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 9.625 印张 2 插页
2003 年 3 月第 1 版 2006 年 9 月第 2 次印刷
印数:3,001—6,000

ISBN 7—228—04417—7 定价:15.00 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: پاتىگۈل مىجىت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەلىشىر ئەكبەر

# دۇنيا چۆچەكلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرامبېك نەسەمى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 9.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2003 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىلى 9 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىراژى: 3,001—6,000
ISBN 7—228—04417—7
باھاسى: 15.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


باتۇر پېرسەي (قەدىمىي گرېك چۆچىكى) ........................ 1
قاراقات قىز (ۋېنگرىيە خەلق چۆچىكى) ........................ 13
قىزىل چىشلىق ئايىن (ئەنگلىيە خەلق چۆچىكى) ........................ 24
كونال، دونال ۋە تەگ (ئىرلاندىيە خەلق چۆچىكى) ........................ 36
پوپ بىلەن ئىشەك (ئىسپانىيە خەلق چۆچىكى) ........................ 46
تۇگمەنچى (ئىتالىيە خەلق چۆچىكى) ........................ 49
ئەقىللىق تىككۈچى (ئىمىس خەلق چۆچىكى) ........................ 65
ئەر بىلەن خوتۇن (نورۋېگىيە خەلق چۆچىكى) ........................ 71
پادىچى پادىشاھ (پولشا خەلق چۆچىكى) ........................ 76
كەمبەغەلنىڭ دانىشمەن قىزى (رۇمىنىيە خەلق چۆچىكى) ........................ 88
ئامەت (بۇلغارىيە خەلق چۆچىكى) ........................ 99
موھتاجلىق ئۆگەتتى (بۇلغارىيە خەلق چۆچىكى) ........................ 105
شادىمان ژاننو بىلەن سېھىرلىك نەي (فرانسىيە خەلق چۆچىكى) ... 108
ئالتۇن چاچلىق ساھىبجامال (چېخ خەلق چۆچىكى) ........................ 114
شۇمشۇك قىز (يۇگوسلاۋىيە خەلق چۆچىكى) ........................ 128
تەتۈر تىكىلگەن كۆك چەكمەن چاپان (بېلورۇسىيە خەلق چۆچىكى) ... 136
قوۋۇ ئوۋچى (ئۇكرائىنا خەلق چۆچىكى) ........................ 142
كەرقولا ئاتلىق كەندىباي (قازاق خەلق چۆچىكى) ........................ 150
كىمنىڭ چۈشى ئەڭ ياخشى (ئۆزبېك خەلق چۆچىكى) ........................ 168
ئالاھىددىن بىلەن ھېكمەتلىك چىراغ (ئەرەب خەلق چۆچىكى) ... 170
بىر دەرەختىن ئۈچ قېتىم ھوسۇل ئېلىش (ئافغان خەلق چۆچىكى) ... 212

خسلەتلىك خوراز (بىرما خەلق چۆچىكى) ........................ 214

ئەڭ چوڭ بايلىق (تۈركىيە خەلق چۆچىكى)........................ 219

دانا ئاقلىغۇچى (ۋيېتنام خەلق چۆچىكى) ........................ 221

سۇلايمان پادشاھ ۋە ئەقىللىق تۇرنا (ھىندى خەلق چۆچىكى) ... 228

ئاچ كۆز پاك (كورىيە خەلق چۆچىكى) ........................ 230

بايتال يولۋاسنى قانداق ئالدىدى (مالاي خەلق چۆچىكى) ......... 232

ئادەم ئۆزى ئۈچۈن تۇغۇلمايدۇ (موڭغۇلىيە خەلق چۆچىكى) ...... 235

راھىب بىلەن چاكار (ياپونىيە خەلق چۆچىكى)........................ 248

ماختانچاق بارامبا (گۋىنىيە خەلق چۆچىكى) ........................ 256

قورقماس قىز نژىرى (كېنىيە خەلق چۆچىكى) ........................ 267

كالا قۇيرۇقىدىن ياسالغان قامچا (لىۋىيە خەلق چۆچىكى) ......... 271

گۈزەل فارىماتا (مالاي خەلق چۆچىكى) ........................ 280

گۈلدۇرمامىغا خوتۇن بولغان قىز (ئىندىئانلار چۆچىكى) ......... 287

ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ يامان (كۇبا خەلق چۆچىكى)........................ 295

كايوت بىلەن سكۇنىس (مېكسىكا خەلق چۆچىكى) ........................ 300

# باتۇر پېرسەي

## (قەدىمي گرېك چۆچىكى)

بىر شەھەردە بالايىئاپەت يوْز بېرىپتۇ. قاياقتىندۇر قاناتلىق بىر خوتۇن — مېدۇزا گورگونا ئۇچۇپ كەپتۇ. ئۇ كوچا - كويلاردىن ئاستا ئايلىنىپ ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭغا قارىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇئان تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ.

بۇ مېدۇزا گورگونانىڭ چاچلىرىنىڭ ئورنىغا ئۇزۇن قاپقارا يىلانلار ساڭگىلاپ تۇرىدىكەن. ئۇلار توختىماي مىژىلدىشىپ ۋە ۋىشىلدىشىپ تۇرىدىكەن.

ئۇ يولۇچىلارنىڭ كۆزلىرىگە ئاستا ۋە غېرىبانە قاراپ قويسا، ئۇلار شۇ ھامان تاش ھەيكەللەرگە ئايلىنىپ قالىدىكەن، ھەتتا ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشمۇ مېدۇزا گورگوناغا قاراپ سالسا، ئۇ شۇئان يەرگە تاش بولۇپ چۈشىدىكەن.

يازنىڭ ئاجايىپ بىر كۈنى ئىكەن. باللار چىمەنزارلاردا، باغلاردا، كوچا - كويلاردا سەكرىشىپ، كۈلۈشۈپ ۋە ناخشا ئېيتىشىپ خۇشال - خۇرام ئوينىپتۇ. ئەمما مېدۇزا گورگونا ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشى بىلەنلا ئۇلار بىر دۆۋە سوغۇق تاشلارغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

مۇشۇ شەھەردىكى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئوردىدا پادىشاھ پاندېكت تۇرىدىكەن. ئۇ قورقۇنچاق ۋە دۆت بولغاچقا،

مىدۇزا گورگونادىن شۇ قەدەر قورقۇپتۇكى، ئوردىدىن دەرھال قېچىپ چىقىپتۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن چوڭقۇر يەر ئاستىدىكى گەمىگە يوشۇرۇنۇپتۇ.

— مەن بۇ يەردە مىدۇزا گورگونادىن ئەمدى قورقمايمەن، — دەپتۇ ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — مىنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىم ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدۇ!

گەمىدە ئىچىملىك ۋە يېمەكلىك مول ئىكەن. پادىشاھ ئۇستەلدە ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن بەزمە قىپتۇ. شەھەردىكى — ئۆزىنىڭ ئۇستىدىكى پۇقرالىرىنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن قىلچە كارى بولماپتۇ!

بەختكە يارىشا، بۇ شەھەردە باتۇر پېرسەي دېگەن يىگىت بار ئىكەن، ئۇنى ھەممەيلەن ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ ھېچقاچان ھېچكىمدىن قورقۇپ باققان ئەمەسكەن.

قورقۇنچلۇق مىدۇزا گورگونا بۇ شەھەردىن ئۆتكەندە، ئۇ ئۆيدە يوق ئىكەن. كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. قوشنىسى ئۇنىڭغا مىدۇزا گورگونا توغرىسىدىكى ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ياۋۇز، ۋەھشىي يالماۋۇز! — دەپ ۋارقىرىۋې-تىپتۇ ئۇ، — مەن بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈرىمەن.

قوشنىسى ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— مىدۇزا گورگونا بىلەن ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلغان بىرتالاي جەسۇر يىگىتلەر بولغان. لېكىن ئۇلارنىڭ بىرەرىمۇ قايتىپ كەلگەن ئەمەس! ئۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن، — دەپتۇ.

— بىراق، مەن ھەرگىز قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرالمايمەن! چۈنكى ئۇ شەھىرىمىز خەلقىنى ھالاك قىلىۋاتسا! مەن بۇگۈنلا ئۇنىڭ بۇنداق ياۋۇز قىلمىشلىرى

ئۇچۇن ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالىمەن، — دەپتۇ ئۇ.
شۇنىڭ بىلەن پىرسەي كوچا - كويلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۇچرىغانلىكى كىشىلەردىن مېدۇزىنىڭ تۇرالغۇ جايىنى سوراپتۇ.
بىراق، ھېچكىم ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي، قانداقتۇر تاشلارنىڭ ئۈستىدە يىغلىشىپ تۇرۇپتۇ.
پىرسەي يول بويىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىگە كىرىپ، ئۇ يەردە مېدۇزا گورگونا بارمىكىن دەپ قاراپ چىقىپتۇ.
ئۇ پادىشاھنىڭ يەر ئاستى گەمىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ شۇ يەردە بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ دەپ ئويلاپتۇ - دە، پەلەمپەيدىن يۇگۇرگەن پېتى تۆۋەنگە چۈشۈپتۇ ۋە گەمىنىڭ ئىچىدە پادىشاھنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن بەزمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.
— ھەي! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ ئۇنىڭغا، — مەن ئىشىنىمەنكى، سەن بۇ يەرگە ھەرگىز قۇرۇق قول كەلمەيسەن! ماڭا سوۋغات قىلىدىغان قانداقتۇر ئاجايىپ بېلىقلىرىڭ ياكى يېڭى مېۋە، يەل - يېمىشلىرىڭ بارغۇ دەيمەن؟
— يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پىرسەي، — مەن بېلىقمۇ، مېۋىمۇ، يەل - يېمىشمۇ ئېلىپ كەلمىدىم، لېكىن مەن پات ئارىدا سىزنى خۇشال قىلىدىغان ۋە كۆڭلىڭىزنى ئاچىدىغان قىممەت باھالىق سوۋغاتنى ساڭا تەقدىم قىلىمەن.
پادىشاھنىڭ ئاچ كۆزلۈكىدىن كۆزلىرى پارقىراپ كېتىپتۇ.
— يارايسەن يىگىت، — دەپتۇ ئۇ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن، — ماڭا يېقىن كېلىپ، ماڭا قىلماقچى بولغان

قىممەت باھالىق سوۋغىتىڭنىڭ نېمىلىكىنى دەپ باقىنا. دېڭىزنىڭ تەكتىدىن گۆھەر ياكى ئالتۇن تاج تاپتىڭمۇ - يا؟

— ياق، — دەپتۇ پېرسەي، — مېنىڭ سوۋغىتىم ئالتۇندىنمۇ، ھەرقانداق ئەڭ ياخشى گۆھەردىنمۇ قىممەتلىك...

— ئۇ قانداق نېمىدۇ؟ ئېيتقىنا!

— ئۇ — مېدۇزا گورگونانىڭ كاللىسى! — دەپ ئۇنلۇك جاۋاب بېرىپتۇ پېرسەي، — مەن مېدۇزىنىڭ كاللىسىنى سوۋغات قىلىمەن! مەن بۇ ۋەھشىي يالماۋۇزنى ئۆلتۈرىمەن، مەن ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن ۋەتىنىمنى قۇتقۇزىمەن!

پادىشاھ ئۇستەلگە بىر مۇشت ئۇرۇپ:

— يوقال كۆزۈمدىن، يارىماس ئەخمەق! سەن مېنىڭ مېدۇزىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان مىڭلىغان جەسۇر لەشكەرلىرىمنى ئۇنىڭ تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكىنى، قالغانلىرى بولسا يىرتقۇچ ھايۋاندىن ئۇركۈگەندەك قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ — دەپتۇ.

— سېنىڭ ئەسكەرلىرىڭ خۇددى ئۆزۈڭگە ئوخشاش قورقۇنچاق ئىكەن! — دەپ غەزەپ بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ پېرسەي، — بىراق مەن ھېچكىمدىن ھېچقاچان قورقمايمەن! مەن مېدۇزا گورگونادىن قاچمايمەن. سەن ئۇنىڭ بېشىنى مەندىن ئالىسەن!

ئۇ بۇ سۆزلەرنى دەپ بولغاندىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپتۇ، ئىتتىك قەدەم تاشلاپ يەر ئاستى گەمىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ، بىرلا نەرسىنى، يەنى مېدۇزىنى قانداق قىلىپ تېپىش ۋە

ئۇنىڭدىن ئانا ۋەتىنىنى قۇتقۇزۇشنىلا ئويلايدىكەن.

بىراق، ئۇ شەھەر كوچا - كويلىرىنى كېچىچە بىھۇدە كېزىپ چىقىپتۇ. پەقەت تاڭ ئاتقاندىلا ئۇنىڭغا بىر تونۇش بىلىقچى ئۇچراپتۇ. ئۇ ئۇنىڭغا مېدۇزىنىڭ يېقىن ئارىدىكى ئېگىز تاغ ئاستىدىكى سۇ بويىدا ياشايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

قاراڭغۇ چۈشكەندە پېرسەي بۇ ئېگىز تاغقا يېتىپ كەپتۇ. تاغنىڭ يانباغرىدىكى كۆل رەڭ تاشلار ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق دەرەخلەر ئىچىدە مېدۇزا گورگونا قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقانىكەن.

پېرسەي قىلىچىنى يالىڭاچلاپتۇ - دە، تاغنىڭ بەلدەملىرىنى بويلاپ تۆۋەنگە يۈگۈرۈپتۇ. لېكىن دەرھال توختاپ ئويلىنىپ قاپتۇ: «ئۇخلاۋاتقان يالماۋۇزنىڭ بېشىنى چېپىپ تاشلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ، مەن ئۇنىڭغا قارىسام، ئۇ مېنى شۇئان تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغۇ.»

ئۇ ئۆزىنىڭ دۇپدۇگىلەك مىسران قالقىنىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ يالتىراق، سىپسىلىق يۈزىگە ئەينەككە قارىغاندەك قاراپتۇ. قالقان يۈزىدە تاغ باغرىدىكى دەرەخلەرمۇ، كۆل رەڭ تاشلارمۇ ئەكس ئېتىپتۇ. ئۇ يەردە ئۇخلاۋاتقان خوتۇنمۇ، ئۇنىڭ بېشى ئەتراپىدا چاچ ئەمەس، بەلكى مىژىلدىشىپ تۇرغان قارا يىلانلارمۇ ئەكس ئېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ پېرسەي ئاجايىپ قالقىنىنىڭ ياردىمى بىلەن مېدۇزىغا قارىمايمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بوپتۇ.

مېدۇزا ئۆزىنىڭ بەتبەشىرە سىڭىللىرى بىلەن يەردە ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ سىڭىللىرى يوغان، سېمىز چوشقىلارغا ئوخشايدىكەن. مېدۇزىنىڭ قاناتلىرى خۇددى

ھەسەن ـ ھۆسەندەك يالتىرايدىكەن، ئۇنىڭ چېھرى گۈزەل بولۇپ، بالىلارنىڭكىگە ئوخشاش سەبىي كۆرۈنىدىكەن. پېرسەينىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قولى بارماپتۇ. لېكىن، شۇ پەيتتە مېدۇزىنىڭ بېشىدىكى ۋىشىلدىشىپ تۇرغان زەھەرلىك قارا يىلانلارنى كۆرۈپتۇ ـ دە، بۇ ياۋۇز گۈزەلنىڭ قانچىلىغان بىگۇناھ ئادەملەر ۋە بالىلارنى ھالاك قىلغانلىقى، قانچىلىغان ئاق كۆڭۈل، بەختىيار ۋە خۇش چاقچاق كىشىلەرنى ئۆلۈك تاشلارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئەسلەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ ھەسسىلەپ غەيرەتكە كېلىپ، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بوپتۇ.

پېرسەي مېدۇزا گورگونا ئەكس ئەتكەن ئەينەك قالقانغا قارىغان ھالدا ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ ۋە قىلىچىنى بىر ئۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ دەھشەتلىك كاللىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. مېدۇزىنىڭ كاللىسى ئېتىلىپ چۈشۈپ دومىلىغان پېتى سايدىكى سۇغا چۈشۈپتۇ. پېرسەي بۇ چاغدىمۇ ئۇنىڭغا قارىماپتۇ، چۈنكى ئۇ ھېلىمۇ ئۇنى تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويالايدىكەن. ئۇ ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇلۇمغا مېدۇزىنىڭ كاللىسىنى ساپتۇ ـ دە، تاغقا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپتۇ.

مېدۇزىنىڭ سىڭىللىرى ئويغىنىپتۇ. مېدۇزىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن قىيا ـ چىيا بىلەن ھاۋاغا ئۇچۇپ چىقىپ، يىرتقۇچ قۇشلاردەك دەرەخلەر ئۈستىدە ئايلىنىشقا باشلاپتۇ، شۇ ئەسنادا ئۇلار پېرسەينى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئارقىسىدىن قوغلاپ ئۇچۇپتۇ.

— ھەدىمىزنىڭ بېشىنى قايتۇرۇپ بەر! — دەپ چۇرقىرىشىپتۇ ئۇلار، — ھەدىمىزنىڭ بېشىنى قايتۇرۇپ بەر!

پېرسەي ئارقىسىغا قارىماي تاغنى بويلاپ قېچىۋېرىپتۇ، دەھشەتلىك گورگونالار بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭغا يېتىشىپ كەپتۇ ـ دە، ئۆتكۈر، زەھەرلىك تىرناقلىرىنى ئۇنىڭ بەدىنىگە سانجىشقا ئۇرۇنۇپتۇ! لېكىن ئۇلار ئۇزاققا ئۇچالماپتۇ، چۈنكى ئۇلار ئىنتايىن سېمىز ۋە ئېغىر ئىكەن. ئۇلار:

— ھەدىمىزنىڭ بېشىنى قايتۇرۇپ بەر! — دەپ چۇرقىراشقىنىچە ئارقىدا قېلىشقا باشلاپتۇ.

پېرسەي ئارقىسىغا قارىماي قېچىۋېرىپتۇ. ئۇ چۆللۈكتە قېچىپتۇ. مېدۇزىنىڭ بېشىدىن تامچىغان ھەر تامچە قان ئىسسىق قۇمغا چۈشۈشى بىلەنلا يىلانغا ئايلىنىپتۇ.

يىلانلار پېرسەيىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگرى ـ بۈگرى تولغىنىپ، ئۆمىلەپ قوغلاپ، ئۇنى چېقىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. لېكىن ئۇ شامالدەك ئۇچۇپ تۇتۇق بەرمەپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە تولىمۇ سۆيۈنۈپتۇ: مېدۇزا گورگونا ئۆلتۈرۈلدى، ئەمدى ئۇ ھەرگىز ياۋۇزلۇق قىلالمايدۇ. يول ئۈستىدە ئۇنىڭغا ئافىناپاللادا ناملىق ئاق كۆڭۈل سېھىرگەر ئۇچراپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا:

— قەھرىمانغا شانۇ شەرەپلەر بولسۇن! سېنىڭ مېدۇزىنى يوقاتقىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆز شەھىرىڭنى قۇتقۇزغىنىڭ ئۈچۈن، مەن ساڭا مۇشۇ پوپۇچنى ھەدىيە قىلىمەن. بۇ پوپۇچلار سېھىرلىكتۇر، كۆرۈۋاتامسەن، ئۇنىڭ كىچىككىنە قاناتلىرى بار، ئۇلارنى دەرھال پۇتلىرىڭغا كىيىۋال، شۇ چاغدا سەن گويا بۈركۈتتەك ئۇچىسەن، — دەپتۇ.

سېھىرگەر بۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

پېرسەي پوپۇچلارنى پۇتلىرىغا ئەمدىلا كىيىشىگە ئۇنىڭ قاناتلىرى پىلدىرلاپتۇ ـ دە، ئۇ خۇددى بىر كۆتەك چۈللۈكتىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇ كۆپكۆك دېڭىز ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىنمۇ ھالقىپ ئۆتۈپتۇ. تۇيۇقسىز ئۇ يوغان بىر قىيالىقنى كۆرۈپ قاپتۇ.

قىيالىق قىرغاق بويىدا بولۇپ، ئۇنى قۇياش ھەمىشە يورۇتۇپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭغا بىر قىز زەنجىر بىلەن مىخلاپ باغلانغان، ئۇ ھەدەپ نالە قىلىشۋاتقانىكەن.

پېرسەي ئۇنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كەپتۇ ـ دە، ۋارقىراپتۇ:

ـــ ماڭا ئېيتقىنا، گۈزەل قىز، سېنى بۇ قىيالىققا مىخلىشۋەتكەن ۋەھشىي ئادەملەر كىم ئۇ؟ مەن ئۇلارنى ئۆتكۈر قىلىچىم بىلەن پارە ـ پارە قىلىشۋېتىمەن!

ـــ كەتكىن، كەت! ـــ دەپ ۋارقىراپتۇ قىز، ـــ دەھشەتلىك دېڭىز مەخلۇقى ـــ ئەجدىھا ھازىرلا دېڭىزدىن چىقىپ كېلىدۇ. ئۇ سېنىمۇ، مېنىمۇ يۇتۇۋېتىدۇ! ئۇ ھەر كۈنى بۇ يەرگە ئۈزۈپ كېلىدۇ، تاغقا يامىشىدۇ، ئاندىن بېرىپ شەھىرىمىزدىكى ئادەملەرنى يەيدۇ. ئۇ ياش ـ قېرى دېمەي ھەممىنى يۇتىدۇ. شۇڭا، پۇقرالارنى ئۇنىڭدىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، مېنى مۇشۇ قىيالىققا مىخلاپ قويغان. ئۇ مېنى كۆرىدۇ ـ دە، شۇ ھامان يۇتۇۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شەھىرىمىزدىكى ھەممە ئادەم تىرىك قالىدۇ.

ـــ مەن ئۇنداق دېڭىز مەخلۇقىدىن قورقمايمەن! ـــ دەپتۇ ئەر يۈرەك پېرسەي، ـــ بۈگۈن مەن باشقا بىر مەخلۇقنى ئۆلتۈردۈم، ئۇ ئۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىكرەك ئىدى!

بىراق، قىزنىڭ پېرسەيگە يەنىلا ئىچى ئاغرىپتۇ.

— مېنى ئۆز ھالىمغا قويغىن، — دەپتۇ ئۇ، — ئۆزۈڭ كەتكىن! مەن مەخلۇقنىڭ سېنى يۇتۇۋېتىشىنى خالىمايمەن.

— ياق، مەن سېنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن! مەن بۇ يەردە قېلىپ، ھېمايىسىز قالغان كىشىلەرنى يەۋېتىدىغان ئاشۇ ۋەھشىي ئەجدىھانى ئۆلتۈرمەي قويمايمەن!

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قىز باغلاقلىق تۇرغان زەنجىرنى ئۆتكۈر قىلىچى بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇرۇپ ئۈزۈپ تاشلاپتۇ.

— سەن ئەمدى ئازاد بولدۇڭ! — دەپتۇ ئۇ.

قىز خۇشال بوپتۇ ھەم ئۆزىنى قۇتقۇزغۇچىغا تەشەككۈر ئېيتىپتۇ. ئۇ تۇيۇقسىز دېڭىزغا قاراپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ.

— ئەجدىھا كېلىپ قاپتۇ! ئۇ بۇياققا ئۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ! قانداق قىلىمىز؟ قانداق قىلىمىز؟ ئۇنىڭ چىشلىرى بەك ئۆتكۈر، بىزنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىدۇ، سېنىمۇ، مېنىمۇ يۇتۇۋېتىدۇ! كەت، تېز كەت! مەن سېنىڭ مېنى دەپ ھالاك بولۇشۇڭنى خالىمايمەن.

— مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىم تۇرغان، — دەپتۇ پېرسەي، — مەن سېنىمۇ، شەھىرىڭنىمۇ ياۋۇز ئەجدىھادىن قۇتقۇزىمەن. ئەمدى سەن ماڭا، ناۋادا مەن ئۇنى يوقاتسام، ماڭا تېگىدىغانلىقىڭ، مېنىڭ بىلەن بىللە دۆلىتىمگە كېتىدىغانلىقىڭ ھەققىدە ۋەدە بەرگىن.

ئەجدىھا يېقىنلا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ خۇددى كاراپتەك دولقۇن يېرىپ كەپتۇ. ئۇ قىزنى كۆرۈشى بىلەنلا ئۆزىنىڭ قۇربانلىقىنى يۇتۇش ئۈچۈن ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئۆتكۈر چىشلىق ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قىرغاققا ئېتىلىپتۇ. قورقماس پېرسەي دەرھال ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ،

ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇلۇمدىن مېدۇزا گورگونانىڭ بېشىنى تارتىپ چىقىرىپتۇ ـ دە، ئۇنى قەھرلىك مەخلۇققا كۆرسىتىپتۇ.

بۇ مەخلۇق سېھىرلىك باشقا قارىشى بىلەنلا تاشقا ئايلىنىپ، دېڭىز بويىدىكى مەڭگۈلۈك غايەت زور قارا قىيا تاش بولۇپ قاپتۇ.

قىز ئەجدىھادىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. پېرسەي ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاغنىڭ چوققىسىغا يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ، بۇ يەردىن ئاشۇ مەخلۇق تەھدىت سالغان شەھەرنى كۆرۈپتۇ.

شەھەردىكى ھەممە كىشى خۇشاللىققا، بەختىيارلىققا چۆمۈپتۇ. كىشىلەر پېرسەينى قۇچاقلاپتۇ، سۆيۈپتۇ ۋە ھاياجانلىنىپ:

— دۆلىتىمىزنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزغان ئۇلۇغ قەھرىمان ياشىسۇن! — دەپ توۋلىشىپتۇ.

قىزنىڭ ئاندرومېدا دېگەن چىرايلىق ئىسمى بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنى قالماي پېرسەيگە تېگىپتۇ، ئۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ پوپۇچىنى ھەدىيە قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىسى قورقۇنچاق پادىشاھ پاندېكت ھۆكۈمرانلىق قىلغان شەھەرگە ئۇچۇپ كەپتۇ.

پادىشاھ يەر ئاستى گەمىسىدە ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن تېخىچە بەزمە قىلىپ ئولتۇرغانىكەن.

پادىشاھ پېرسەينى كۆرۈشى بىلەنلا مازاق قىلىپ كۈلۈپتۇ.

— كېلە بۇياققا، ماختانچاق! قېنى، مېدۇزىنىڭ بېشى؟ ئورۇندىماقتىن كۆرە ۋەدە بەرمەك ئاسانغۇ، دەيمەن!

— يوقسۇ، پادىشاھ، مەن ئۆزۈمنىڭ ۋەدىسىنى

ئورۇندىدىم. مەن ساڭا ئاجايىپ سوۋغات — مىدۇزا گورگونانىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلدىم! بىراق، ئەڭ ياخشىسى سەن ئۇنىڭغا ھەرگىز قارىما.

— ياق، ياق! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ پادىشاھ، — كۆرسەت! مەن ساڭا ئىشەنمەيمەن. سەن بولساڭ بىر ماختانچاق ۋە ئالدامچى!

— ئۇنىڭ بېشى مۇشۇ يەردە، مانا بۇ تولۇمدا.

— يالغان ئېيتىۋاتىسەن، مەن ساڭا ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ پادىشاھ، — سېنىڭ ئۇ نېمەڭدىكى ئادەتتىكى بىر قاپاقتۇ تايىن.

— ئۇنداق بولسا ئامال يوق! بوپتۇ، ئىشەنمىسەڭ كۆرگىن! — دەپتۇ پېرسەي كۆلۈپ تۇرۇپ، ئاندىن تولۇمدىن مىدۇزىنىڭ بېشىنى چىقىرىپتۇ ۋە، ئۆزى كۆرۈپ قالماسلىق ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ، ئۇنى پادىشاھقا ۋە ئەمەلدارلىرىغا كۆرسىتىپتۇ.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قاچماقچى بولۇشۇپتۇ، لېكىن قوزغىلالماپتۇ.

— مانا بۇ — سىلەرنىڭ يارىماس، قورقۇنچاق بولغانلىقىڭلار، خەلقنى ھالاكەتكە ئىتتىرىپ، ئۆزۈڭلارنى بولسا دەھشەتلىك خەۋپتىن قاچۇرۇپ، ئەتىدىن - كەچكىچە بەزمە قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر!

لېكىن، بۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بەرمەپتۇ، چۈنكى پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى ئاللىقاچان سوغۇق تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ.

شەھەرنىڭ بارلىق ئاھالىسى پادىشاھ پاندېكتىنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ.

— ئەمدى بىزگە پېرسەي پادىشاھ بولسۇن! — دەپ

تەلەپ قىلىشىپتۇ ئۇلار، — ئۇ شۇنداق باتۇر تۇرسا!

لېكىن، پېرسەي پادىشاھ بولۇشنى خالىماپتۇ. ئۇ مېدۇزا گورگونانىڭ بېشىنى دېڭىزنىڭ تەكتىگە تاشلىۋېتىپتۇ - دە، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى بىلەن بىللە يىراقتىكى ئەللەرگە كېتىپ قاپتۇ.

ھاۋا ئوچۇق كېچىسى ئۆيدىن چىقىپ ئاسمانغا، چېچىلىپ كەتكەن يۇلتۇزلار تۈركۈمىگە قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇ يەردە تۇرغان پېرسەينىڭ ياش يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى كۆرەلەيسىز. پېرسەينىڭ قولىدا مېدۇزا گورگونانىڭ بېشى بار، لېكىن ئۇنىڭغا قاراشتىن قورقماڭ، ئۇ ئەمدى سىزنى تاشقا ئايلاندۇرالمايدۇ، پېرسەينىڭ يېنىدا ئۇنىڭ گۈزەل خوتۇنى — ئاندرومېدانى كۆرىسىز، ئۇنىڭ قوللىرى خۇددى قىياغا مىخلاپ قويۇلغاندەك كۆتۈرۈلگەن. كىشىلەر نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئاشۇ يۇلتۇزلار تۈركۈمىگە قاراپ، ئۆزلىرىنى مېدۇزا گورگونادىن ۋە دەھشەتلىك دېڭىز مەخلۇقىدىن قۇتقۇزغان قەھرىمانى — پېرسەينى ئەسلەپ تۇرىدۇ.

# قاراقات قىز

## (ۋېنگرىيە خەلق چۆچىكى)

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، تولىمۇ يىراق جايدا بىر قېرى تۇل خوتۇن ياشايدىكەن. بۇ تۇل خوتۇننىڭ چىرايلىق قىزى چوڭ بوپتۇ. ئۇ قاراقاتنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىكەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇنى رىبكە دەپ ئاتايدىكەن، بۇ — قاراقات قىز دېگەنلىك ئىكەن.

مانا، مومايمۇ قازا قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قاراقات قىز يېتىم بولۇپ قاپتۇ.

بۇ بىچارە قىزغا كىممۇ پاسىبانلىق قىلار؟ قاراقات قىزغا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئەمدى قانداق قىلىش ۋە قايسى ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئويلىنىشقا توغرا كەپتۇ.

قاراقات قىز ياشىغان شۇ شەھەردە يېگانە بىر موماي ياشايدىكەن. ئۇ قاراقات قىز دېگەن ياخشى ۋە چىرايلىق قىزنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوشنىسى ئارقىلىق ئۇنى ئۆيىگە ئەكىلىۋېلىپ، ئۆزى ئۆلۈپ كەتكۈچە باقىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. قاراقات قىز مومايىنىڭكىگە كۆچۈپ كەپتۇ.

ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قاراقات قىز دېرىزىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ كەشتە ئىشلەيدىكەن ياكى

تور توقۇيدىكەن. گويا كى ئۇ يېتىم قىز ئەمەستەك، ئۇنىڭغا ھېچكىم چېقىلمايدىكەن ۋە رەنجىتمەيدىكەن.

بۇ شەھەردە بىر باي بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بىر كۈنى قاراقات قىز دەل دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ تور توقۇۋاتقان چاغدا، ئۇلار ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپتۇ. ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا كۆيۈپ قاپتۇ، كۆيگەندىمۇ شۇنداق كۆيۈپتۇكى، ھاياتى نە ھاياتتەك، تامىقى نە تاماقتەك بولماي قاپتۇ، ھەتتا سۇمۇ گېلىدىن ئۆتمەس بولۇپ قاپتۇ. پۈتۈن ئەس - يادى قاراقات قىز بىلەنلا بولۇپ قاپتۇ. قاراقات قىزمۇ ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغانىكەن. ئوغلىنىڭ كۆزىنىڭ گادايىنىڭ قىزىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلگەن باينىڭ غەزىپى قايناپ تېشىپتۇ - دە، خىزمەتچىلىرىگە قاراقات قىزنى دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ.

كەنجى ئوغۇلنىڭ قاراقات قىزنىڭ دېرىزىسىنىڭ تۈۋىگە دوقۇرۇپ يۈرۈشى قاملاشمىغان بىر ئىش بوپتۇ، بىر ئوبدان تۇرغان قاراقات قىزنىمۇ ئۇ ئەمدى كۆرەلمەيدىغان بوپتۇ! . . . ئۇ گويا دەرەخ شېخىدىكى كەپتەردەك كۈن - كۈنلەپ ھەسرەت - نادامەت چېكىپتۇ، قاراقات قىزنى تولىمۇ سېغىنىپتۇ.

بىر كۈنى باي ئۈچ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ كېلىپ ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— قايسىڭلار ماڭا بويى يۈز گەز، ئېنى يۈز گەز كېلىدىغان، يەنە كېلىپ ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈزگىلى بولىدىغان گەزمالنى ئەكېلىپ بەرسەڭلار، شۇ

مېنىڭ بارلىق بىساتىمنىڭ ئۇچتىن بىرى ئۇلۇشىگە ئىگە بولىدۇ.

ئوغۇللار يوق ـ تاقلىرىنى جابدۇپتۇ ـ دە، سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئىككى چوڭ ئوغۇل رەزىل بولغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپتۇ:

ــ يور، ئۇنى تاشلاپ قېچىپ كېتەيلى، ئۇ يالغۇز قېلىپ ئۆلسۇن، مانا شۇ چاغدا بارلىق بىسات بىزگە قالىدۇ!

ئۇلار شۇنداق قىپتۇ: كىچىك ئىنىسىدىن يوشۇرۇنچە كېتىپ قاپتۇ. ئۇ يالغۇز قاپتۇ ـ دە، دەل دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە بارىدىغان يولغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ.

ئۇ سەرسان ـ سەرگەردانلىقتا غەمكىن ـ مىسكىن مېڭىپتۇ، يەتتە مەملىكەتنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە يېتىپ بارمىغۇچە ھېچ توختىماپتۇ.

بۇ يەردە ئۇ بىر تاش كۆۋرۈككە يېتىپ كەپتۇ ھەم قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنىغا ئولتۇرۇپتۇ. ئولتۇرۇش بىلەنلا خىيالغا چۆكۈپتۇ. ئەمدى ئۇ نېمە قىلىشى كېرەك؟ ئۇ دۇنيانىڭ بۇ چېتىگىمۇ يېتىپ كەپتۇ، بۇ يەردە بولسا دادىسىغا ئېلىپ بارغۇدەك گەزمال تۇگۇل، ھېچنېمە يوق ئىكەن.

ئۇ شۇنداق خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا، ئوت ـ چۆپ ئارىسىدىن كىچىككىنە بىر كەسلەنچۈك لىپ ئېتىپ چىقىپ كەپتۇ.

ــ نېمانچىۋالا غەم ـ قايغۇغا چۆكۈپ كەتتىڭ، چىرايلىق يىگىت؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئۇ.

يىگىت بولسا غەم ـ قايغۇ دەستىدىن دەرھال ئۆزىگە كېلەلمەپتۇ. ئاندىن كەسلەنچۈك ئۆزىنىڭ سوئالىنى تەكرارلاپتۇ. ئۇ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپتۇ ـ دە، مۇنداق دەپتۇ:

— نېمىدىن غەم ـ قايغۇ قىلىشىمنىڭ ساڭا نېمە كېرىكى بار؟ مېنى ئارامىمغا قويغىن، جېنىم كەسلەنچۈكۈم!

كەسلەنچۈك ئۆزىنىڭ ئەقىللىق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپتۇ.

— سەن نېمىشقا مېنى قوغلايسەن؟ ـ دەپتۇ ئۇ، — مېنى ھەيدىسەڭ بولمايدۇ. چۈنكى مەن ساڭا يامانلىق قىلمايمەن!

يىگىت ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاقمۇ سالماي، يەنىلا ئۆزىنىڭ غەم ـ قايغۇسىغا چۆكۈپتۇ. لېكىن كەسلەنچۈك بولسا ھېچ تىنىم تاپماي ئۇنىڭ ئەتراپىدا، ئوت ـ چۆپ ئۈستىدە توختىماي سەكرەپتۇ.

— ئېيتقىنا، چىرايلىق يىگىت، دېگىنە قېنى، قانداق بەختسىزلىك سېنى بۇ قايغۇغا مۇپتىلا قىلدى؟ بەلكىم، مېنىڭ ياردىمىم تېگىپ قالار؟

شۇنىڭدىن كېيىن يىگىت ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپتۇ:

— سېنىڭ شۇنچە ياردەم بەرگۈڭ كېلىپ كەتكەن بولسا، مەن ساڭا ھەممىنى ئېيتىپ بېرەي. دادام بىز ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىغا بويى يۈز گەز، ئېنى يۈز گەز كېلىدىغان، يەنە كېلىپ ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈزگىلى بولىدىغان بىر پارچە گەزمالنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇغانىدى. ئاكىلىرىم ۋە مەن شۇ غەلىتە گەزمالنى

ئىزدەپ سەپەرگە چىققانىدۇق. لېكىن بىزنىڭ تارتقان جەبىر - جاپالىرىمىزنىڭ نېمە بىلەن ئاياغلىشىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟

— ياخشى، مەسىلە شۇنىڭدىلا بولسا، — دەپتۇ كەسلەنچۈك، — ئۇ چاغدا مەن ساڭا ياردەم بېرەلىشىم مۇمكىن. بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن، مەن ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ چۆپلۈك ئىچىدە غايىب بوپتۇ.

كەسلەنچۈك ئۆمۈچۈكلەر يېنىغا بېرىپتۇ. ئۇلارغا ئۆزىگە كېرەك نەرسىنى دەپ بېرىپتۇ.

ئۆمۈچۈكلەر ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:

— ماقۇل كەسلەنچۈك، سېنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلالمايدىغان. بىر ئاز كۈتسەڭلا بولغىنى. بىز سەن ئۈچۈن گەزمالنى ھازىرلا تەييار قىلىمىز.

بۇ يەردە يۈزلىگەن ئۆمۈچۈكلەر ھەرىكەتكە كەپتۇ - دە، ئايلىنىشقا باشلاپتۇ، بىرئاز ۋاقىت ئۆتۈشى بىلەن گەزمالمۇ تەييار بوپتۇ. بۇ گەزمالنىڭ بويى يۈز گەز، ئېنى يۈز گەز كېلىدىكەن، يەنە كېلىپ ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ كۆزىدىنمۇ ئۆتكۈزگىلى بولىدىكەن.

— مانا گەزمال، كەسلەنچۈك، — دەپتۇ ئۆمۈچۈك- لەر، — ئۇ دېگىنىڭدەك تەييار بولدى.

كەسلەنچۈك گەزمالنى ئېلىپ ياڭاق قېپىغا سېپتۇ - دە، يىگىتنىڭ يېنىغا چېپىپتۇ.

ئۇ بولسا كۆۋرۈكتە غەمگە پاتقىنىچە ئولتۇرغانىكەن. يىگىت تۇيۇقسىزلا ئالدىغا قانداقتۇر بىرنەرسىنىڭ چۆشكەنلىكىدىن چۆچۈپ كېتىپتۇ، قارىسا ئۇنىڭ

كەسلەنچۈك تاشلاپ بەرگەنىكەن.
يىگىت ياغاقنى ئېلىپ قېپىنى ئېچىپتۇ ــ دە، ئۇنىڭ ئىچىدىن گەزمالنى ئاپتۇ. يىگىت گەزمالنى يېيىپتۇ، لېكىن ئايغى چىقمايدىغاندەك كۆرۈنۈپتۇ.
يىگىت راسا خۇشال بوپتۇ. كىچىك كەسلەنچۈكنىڭ ياخشىلىقىغا تەشەككۈر ئېيتىپتۇ ــ دە، ئۆيىگە قاراپ مېڭىپ كېتىپتۇ.
ئۇ يول بويى يانچۇقىدىكى قىممەت باھالىق ياغاقنى سىلاپ مېڭىپتۇ.
ئۇ ئاكىلىرى تاشلاپ كەتكەن ئۈچ يولنىڭ قوشۇلغان يېرىدە ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ئۇلار بولسا ئېگىز ھارۋىدا باداشقانىنى قۇرۇپ، تاي ــ تاي گەزماللارنىڭ ئۇستىدە سۆلەت بىلەن ئولتۇرغانىكەن.
ئۇلار ئۆيىگە قايتىپ كېلىشىپتۇ. ئىككى ئاكىسى تاي ــ تاي گەزماللىرىنى پۈتۈن بىر كۈن ئۆيلىرىگە توشۇپتۇ. كىچىك ئىنىسى بولسا كۈلۈپ قويۇپتۇ ــ دە، جىم تۇرۇپتۇ.
ــ قېنى ئوغۇللىرىم! ــ دەپتۇ دادىسى، ــ سىلەرنىڭ ئۇ يەردىن ئېلىپ كەلگەن نەرسەڭلارنى كۆرۈپ باقمايلىمۇ؟
ئۇ چوڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئېلىپ كەلگەن گەزماللىرىنى ھەم كۆرۈپ، ھەم ئۆلچەپ، ئاندىن ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈزۈپ بېقىپتۇ، لېكىن ھېچقايسىسى ئۆتمەپتۇ.
نۆۋەت كىچىك ئوغلىغا كەپتۇ. ئۇ ياغاق قېپىنى ئېچىپتۇ ــ دە، ئۇنىڭ ئىچىدىن گەزمالنى ئېلىپ دادىسىغا

بېرىپتۇ.

— مانا بۇ ئاجايىپ نەرسىكەن! — دەپتۇ بوۋاي، — بويى يۈز گەز، ئېنى يۈز گەز ئىكەن، شۇنداق كىچىككىنە ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ كۆزىدىنمۇ ئۆتىدىكەن! ئوغلۇم، ئامىتىڭ بار ئىكەن، مېنىڭ بىساتىمنىڭ ئۈچتىن بىرى ھەقلىق يوسۇندا ساڭا تەۋە بولسۇن! ئەمدى، سىلەرگە باشقا ۋەزىپە تاپشۇرىمەن: سىلەردىن قايسىڭلار قۇتىغا سىغىدىغان ۋە كۈمۈشتەك ئاۋازى ھۆرىيدىغان، يەنە كېلىپ ئاۋازىنى دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىمۇ ئاڭلىغىلى بولىدىغان ئىتنى تېپىپ كەلسەڭلار، شۇنىڭغا بايلىقىمنىڭ يېرىمىنى بۆلۈپ بېرىمەن.

ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى يەنە سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۈچ يولنىڭ قوشۇلغان يېرىگە كەلگەندە ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ كونا يولىغا مېڭىپتۇ.

كىچىك ئوغۇل بولسا يەنە شۇ دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە كېلىپ تاش كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ ـ دە، خىيالغا چۆكۈپتۇ. كەسلەنچۈك بولسا چۆپ ئىچىدىن يەنە چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىدا نېرى ـ بېرى يۈگۈرگىلى تۇرۇپتۇ.

— ساڭا نېمە بولدى، چىرايلىق يىگىت، نېمانچە مۇڭلىنىسەن؟

— ھەي، ئەقىللىق كەسلەنچۈك! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت، — دادام بىزگە ئۆزى قۇتىغا سىغىدىغان، كۈمۈشتەك ئاۋاز بىلەن ھۆرىيدىغان ھەم ئۈنى دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىمۇ ئاڭلىغىلى بولىدىغان ئىتنى ئۆزىگە ئەكېلىپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

— بۇنىڭغىمۇ مانا مەن بار! — دەپتۇ كەسلەن-

چۇڭ، — تاقەت قىلساڭلا بولغىنى. مەن ھازىرلا كېلىمەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ پاپىلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ ھەمدە ئۇلارغا ئۆزىگە كېرەك بولغان نەرسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپتۇ پاپىلار، — دېگىنىڭدەك بولىدۇ، بىز ساڭا ئېتىمىزنى بېرىمىز، سەنمۇ بىزگە ھېممىتىڭنى ھەرقاچان ئايىمىغان.

كەسلەنچۈك يىگىتكە قۇتىنى بېرىپتۇ، لېكىن يول ئۈستىدە ئۇنى ھەرگىز ئاچماسلىقنى بۇيرۇپتۇ. چۈنكى ناۋادا ئىت سەكرەپ چىقىپ كېتىپ قالسا، ئۇ چاغدا ئۇنى مەڭگۈ تاپقىلى بولمايدىكەن.

ئۇ ئۈچ يولنىڭ قوشۇلغان يېرىدە ئاكىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپتۇ ھەم ئۇلار ئارغامچىغا باغلاپ ئېلىپ كېلىۋاتقان چوڭ ۋە كىچىك ئىتلارنى كۆرۈپ كۇلۇۋەتكىلى تاس قاپتۇ.

بوۋاي چوڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىتلىرىنى كۆرۈپ دەرغەزەپكە كەپتۇ.

ھەممىدىن كېيىن كىچىك ئوغلى كېلىپ يانچۇقىدىن قۇتىنى ئاپتۇ ـ دە، ئۇنى دادىسىغا سۇنۇپ بېرىپتۇ. بوۋاي بۇنىڭدىن شۇنداق مەمنۇن بوپتۇكى، شۇ زامان بايلىقىنىڭ بىرىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقى كىچىك ئوغلىنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىنى جاكارلاپتۇ.

بوۋاي شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇللىرىغا ئۈچىنچى ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپتۇ.

— كىم ئۆزىگە ئەڭ چىرايلىق كېلىنچەك تاپسا، شۇ

ئاخىرقى بايلىقىمنىڭ تۇچىسى بىرىنى ئالدۇ!

ئوغۇللار ئۆز يوللىرىغا راۋان بوپتۇ.

كىچىك ئوغۇل يەنە شۇ كۆۋرۈككە كەپتۇ ـ دە، خۇددى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىمدىكىدەك ئولتۇرۇپتۇ، كەسلەنچۈك بولسا يەنە پەيدا بوپتۇ.

ـــ ساڭا نېمە بولدى، يىگىت، يەنە خاپا كۆرۈنىسەنغۇ، نېمە ئۈچۈن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ ئۇ.

ـــ ھەي، مېنىڭ دوستۇم! ـــ دەپتۇ يىگىت، ـــ مۇبادا مەن ئەڭ چىرايلىق كېلىنچەك تاپمايدىغان بولسام، دادامنىڭ بۇيرۇقىنى ئادا قىلمىغان بولىمەن.

كەسلەنچۈك ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

ـــ ماڭا قارا، بۇ ئىشتىمۇ مەن ساڭا ياردەم بېرەلەيمەن.

يىگىت كەسلەنچۈكنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا تاقەت قىلالماپتۇ.

ـــ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلا، چىرايلىق يىگىت، ـــ دەپتۇ ئۇ، ـــ سەن مېنى قۇيرۇقۇمدىن تۇتقىن ـ دە، پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنىغا ئۇرغىن، شۇنىڭدىن كېيىن ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ ئېتىڭغا قارىغىن. شۇ چاغدا يەر يۈزىدىكى ئەڭ چىرايلىق كېلىنچىكىڭ پەيدا بولىدۇ!

ـــ ياق، قەدىرلىك كەسلەنچۈكۈم! مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن. مەن ساڭا شۇنچە قەرزدار تۇرسام، سەن تېخى ئۆزۈڭنى ماڭا ئۆلتۈرگۈزمەكچىمۇ سەن.

ـــ ئامال يوق، ـــ دەپتۇ كەسلەنچۈك، ـــ ئۇنداقتا سېنىڭ ئەڭ چىرايلىق كېلىنچىكىڭ بولماي قالىدۇ.

ئاخىر كەسلەنچۈك ھەر ئامال بىلەن ئۇنى شۇنداق قىلىشقا كۆندۈرۈپتۇ.

يىگىت ئېغىشىپ كەسلەنچۈكنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۇنى كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنىغا شۇنداق ئۇرۇپتۇكى، بىچارە جانىۋار مىڭ پارە بولۇپ كېتىپتۇ، ئۆزى بولسا دەرھال ئېتىغا قاراپتۇ.

توساتتىن ئارقىسىدىن بىركىم گەپ قىپتۇ:

— قېنى، چىرايلىق يىگىت، ئەمدى بىر قارىغىنا!

يىگىت شۇنداقلا قارىغانىكەن، مىسلىسى كۆرۈلۈپ باقمىغان گۈزەللىك جۇلاسىنىڭ چاقنىشىدىن كۆزلىرى قارىغۇ بولۇپ قالغىلى تاس قاپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ بىر قىز تۇرغۇدەك، پېشانىسىدىن قۇياشنىڭ، كۆكرىكىدىن ئاينىڭ، تىزلىرىدىن بولسا يۇلتۇزلارنىڭ نۇرلىرى چاقنايدىكەن.

ساھىبجامال قىز ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەمدى مېنى داداڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغىن. سەن مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسەن؟ مەن دەل سەن موماينىڭ دېرىكىدىن كۆرگەن رىبكە — قاراقات قىزنىڭ ئۆزىمەن. سېنىڭ داداڭ مېنى كەسلەنچۈككە ئايلاندۇرۇپ قويغان، لېكىن سەن مېنى قۇتقۇزدۇڭ، شۇ سەۋەبتىن ئەمدى بىزنى ئۆلۈملا ئايرىۋېتەلەيدۇ. سېنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، مەنمۇ ساڭا خوتۇن بولۇشقا رازىمەن. ھازىر مەن مومايغا ئايلىنىمەن. بولمىسا ئاكىلىرىڭ مېنى كۆرۈپ قالسا، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن.

قاراقات قىز قانداق دېگەن بولسا شۇنداق بوپتۇ: ئۇ

قېرى، مۇكچەيگەن مومايغا ئايلىنىپتۇ. ئاكىلىرى بولسا ئىنىسىنى تېرىكتۇرگىلى باشلاپتۇ:

— پاھ، نېمىدېگەن كېلىشكەن كېلىنچەك بۇ! خۇددى سىز ئۇالغاندەكلا چىرايلىق ئىكەنغۇ!

بوۋاي دەرۋازا ئالدىدا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ كىچىك ئوغلىنىڭ كېلىنچىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇنى ئۆزىنى مەسخىرە قىلغانلىق دەپ قاراپ شۇنداق تېرىكىپتۇكى، ئوغلىنى موماي بىلەن قوشۇپ قوغلاپ چىقارغىلى تاماس قاپتۇ. لېكىن قاراقات قىزمۇ چاققان كەپتۇ. بوۋاي ئاغزىنى ئۈمەللەپ بولغۇچە، ئۇ تاڭ نۇرىدەك جۇلالىق، كېلىشكەن ياش بىر قىزغا ئايلىنىپ بوپتۇ.

ئۇنىڭ چوڭ ئوغۇللىرىنىڭ كېلىنچەكلىرىنى قانداقمۇ ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟!

— خوش، ئوغلۇم، مېنىڭ تاكى خىزمەتكارلاردىن تارتىپ بارلىق بايلىقىمنىڭ ھەممىسى ساڭا تەۋە بولدى. مېنىڭ ئۇچ تەلىپىمنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندىدىڭ. ئەمدى ئىككىڭلارغا كەلسەك، — دەپتۇ ئۇ ئىككى چوڭ ئوغلىغا قاراپ، — ئۆزۈڭلارنى بىر تەرەپكە ئېلىڭلار. سىلەر پەمسىز، يەنە كېلىپ رەزىل ئىكەنسىلەر.

كىچىك ئوغلى قاراقات قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. ئۇلار شۇنداق توي قىپتۇكى، ئۇستەللەر تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر بىلەن تولۇپ تېشىپتۇ، بۇ نازۇنېمەتلەرنىڭ تەمى بولسا ھازىرغىچە ئاغزىمدا تۇرۇپتۇ.

# قىزىل چىشلىق ئايىن

## (ئەنگلىيە خەلق چۆچىكى)

بىر زاماندا كالىگان دېگەن ئاچ كۆز ۋە قوپال بالا بولغانىكەن. ئۇ ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنى ياخشى كۆرمەيدىكەن. ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشتىن بىزار بوپتۇ ـ دە، سىرتقا چىقىپ بېشى قايغان ياققا كەتمەكچى بوپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قېرى، تۇل ئانىسى ئانىنا كالىگانغا:

— قۇدۇقتىن ماڭا سۇ ئەكېلىپ بەرگىن. مەن ساڭا يوللۇق قىلىپ سامسا يېقىپ بېرەي، بىراق چېلەكتىكى سۇ چايقىلىپ تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن، — دەپتۇ.

كالىگان چېلەكنى ئېلىپ قۇدۇققا كېلىپ، سۇنى ھاپىلا ـ شاپىلا ئاپتۇ ـ دە، ئارقىسىغا يېنىپ يۈگۈرۈپ مېڭىپ سۇنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈۋېتىپتۇ. پەقەت چېلەكنىڭ تۈۋىدە كىچىككىنە سۇ قاپتۇ.

شۇ چاغدا ئانىنا ئۇنىڭغا:

— سۇنى ئازراقلا ئېلىپ كەپسەنغۇ! شۇ سەۋەبتىن سامسىمۇ كىچىك بولۇپ قالىدىغان بولدى. سۇنى جىقراق ئەكەلگەن بولساڭ، سامسىمۇ چوڭراق بولاتتى، — دەپتۇ.

دەرۋەقە، سامسىمۇ زىغىردەك كىچىك بولۇپ قاپتۇ.

ئانىنا كالىگانغا قاراپ:

— ئوغلۇم، مەن كۆپ بويى ھېچنېمە يېمىدىم.

سامساخدىن بىر چىشلەم بەرسەڭ، — دەپ سوراپتۇ.

— بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كالىگان، — مېنىڭ ئۆزۈمگىمۇ ئارانلا يېتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ سامسىنى خالتىسىغا سېپتۇ.

— ماڭ، كۆزۈمدىن يوقال! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئاننا، — سەن ماڭا سامسىدىن بەرمىسەڭ، مەنمۇ ساڭا ئانىلىق دۇئاسىنى بەرمەيمەن!

— ئۇنىڭ كېرىكىمۇ يوق، — دەپتۇ كالىگان، — بۇنىڭدىن ھەسرەت چەكمەيمەن. سېنىڭ دۇئايىڭنى مەن نېمە قىلاتتىم! ئۇنىڭسىزمۇ ئۆتۈۋېرىمەن!

شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىلچىمۇ پەرۋا قىلماي قانداقتۇر بىر ناخشىنى ئېيتىپ يولغا راۋان بوپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، داللاردا، ئورمانلاردا مېڭىپتۇ. بىر چاغدا يول بويىدا ئوتلاۋاتقان بىر توپ قوينى كۆرۈپتۇ. مۇشۇ يەردىكى بىر تۆپىلىكتە تولىمۇ قېرىپ كەتكەن پادىچى بوۋاي ئولتۇرغانىكەن.

كالىگان پادىچى بوۋاينىڭ يېنىغا كەپتۇ - دە، سوراپتۇ:

— بۇ كىمنىڭ قويلىرى؟ خوجايىنىڭ قانداق ئادەم؟ خوجايىنىڭغا چاكار كېرەكمۇ؟

پادىچى ئۇنىڭغا قاراپتۇ - دە، تىلىنى چايناپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

خوجايىنىم ئايىندۇر،
چىشلىرى قىزىلدۇر،
ئۇ ھەر يەر - ھەر يەردىن
قىزلارنى ئوغرىلايدۇ.
ئۇلارغا تاماق بەرمەيدۇ،

تاياق بىلەن دۇمبالايدۇ.
تايىقى ئالتۇندىن ياسالغان،
يىپەك بىلەن ئورالغان.

«بولمايدىكەن، — دەپ ئويلاپتۇ كالىگان ئىچىدە، — ماڭا مۇنداق خوجايىن كېرەك ئەمەس!»

ئۇ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، كۆنلەرمۇ ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى چوڭ چوشقا پادىسى بىلەن شۇ يەردىكى بىر دۆڭدە ئولتۇرغان چوشقا باققۇچىنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ چوشقا باققۇچىدىن سوراپتۇ:

— قېنى ئېيتقىنا، بوۋا، خوجايىنىڭ كىم؟ خوجايىنىڭ چاكار ئىشلىتەمدۇ؟

چوشقا باققۇچى بەكمۇ قېرى ئىكەن. ئۇ ئۇزاق ئۇنچىقماي نېمىلەرنىدۇر ئويلاپتۇ، ئاندىن توۋەن ئاۋازدا غودۇراپتۇ:

خوجايىنىم ئايىندۇر،
چىشلىرى قىزىلدۇر.
ھەر يەر - ھەر يەردىن
قىزلارنى ئوغرىلايدۇ.
ئۇلارغا تاماق بەرمەيدۇ،
تاياق بىلەن دۇمبالايدۇ.
تايىقى ئالتۇندىن ياسالغان،
يىپەك بىلەن ئورالغان.

«يەنە شۇ ئايىن! — دەپ ئويلاپتۇ كالىگان ھەيران قېلىپ، — ياق، ماڭا مۇنداق خوجايىن كېرەك ئەمەس. بۇ يەردىن تېز كېتىپ قالاي!»

ئۇ يولىنى داۋام قىلىپ، چوڭ - چوڭ چامداپ مېڭىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە كالىلار پادىسىنى، ئۇنىڭ

يېنىدىكى چۆپلۈكتە ئولتۇرغان چار ساقال پادىچىنى كۆرۈپتۇ.

— بۇ كىمنىڭ كالىلىرى؟ — دەپ سوراپتۇ كالىغان، — خوجايىنىڭ مېنى چاكارلىققا ئالارمۇ؟

پادىچى بولسا، ئۇنىڭغا بەختسىز قىزلارنى ئوغرىلاپ كېلىپ، ئاچلىق ۋە تاياق بىلەن ئازابلاپ قىيناۋاتقان قىزىل چىشلىق قاراقچى ئايىن ھەققىدىكى ھېلىقى ناخشىنى ئاران ئاڭلانغۇدەك قىلىپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ئايىن دېگەن بۇ گەپنى ئاڭلاش مېنى تولىمۇ بىزار قىلىۋەتتى! — دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ كالىگان، — ئايىن، ئايىن، نەگىلا بارسا شۇ ئايىن! بۇ نېمىدىن تېزرەك نېرى كەتمىسەم بولمىغۇدەك!

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە يولغا چۈشۈپتۇ. ئەمما بوۋاي ئارقىسىدىن ئۇنى چاقىرىپتۇ:

— ھەي، نېمە قىلماقچىسەن، ئەخمەق؟ ھوشۇڭنى تاپ! يە ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ سەن يولدا ئۇچراتقان چوشقا، كالا ۋە قويلار بولسا زەرەرسىز، ياۋاش جانىۋارلاردۇر، مانا ئەمدى يىرتقۇچ مەخلۇقلارنى ئۇچرىتىسەن، ئۇلار سېنى تىتىپ تاشلايدۇ!

— جۆيلۈمە، قورقۇنچاق بوۋاي! — كالىگان بوۋايغا قوپال تېگىپتۇ ۋە ھېچنېمە بولمىغاندەك بەخىرامان ئالدىغا مېڭىپتۇ.

لېكىن يۈز قەدەم ماڭا - ماڭمايلا، توساتتىن ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان قورقۇنچلۇق مەخلۇقلارنى كۆرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۈچتىن بىشى، ھەربىر بېشىدا تۆتتىن مۈڭگۈزى بار ئىكەن، ئۇلار ئېتىلىپ ۋە ھۆركىرىشىپ ئۇنى يېۋەتمەكچى بوپتۇ.

ئۇ قورقۇپ كېتىپتۇ - دە، بەدەر قېچىپتۇ. ئۇ تاغلاردىن ھالقىپتۇ، دالا - ئورمانلاردىن ئۆتۈپتۇ. تۇساتتىن ئۇ ئېگىز قەلئەنىڭ دەرۋازىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. دەرۋازا ئۇلۇغ ئوچۇق ئىكەن. ئۇ يۈگۈرۈپ كىرىشى بىلەنلا ئازادە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ھەشەمەتلىك بىر ئۆيگە كىرىپ قاپتۇ. ئۆيدە ئادەم يوق ئىكەن. ئۇ باشقا ئۆيگە كىرىپتۇ، ئۇ يەردىمۇ ھېچكىمنى ئۇچرىتالماپتۇ. ئۈچىنچى ئۆيگە كىرسە، ئۇمۇ بوش ئىكەن. ئادەملەر نەدىدۇر؟ ئۇ پەلەمپەي بىلەن ئاشخانا ئۆيگە چۈشۈپتۇ. بۇ يەردە ئۇ دومچىيىپ قالغان، مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ تور توقۇۋاتقان مومايىنى كۆرۈپتۇ.

— مېنى قوغلىمىساڭ، مەرھەمەت قىلساڭ، رەھىم-دىل موما، — دەپتۇ ئۇ قورقۇپ تىترەپ تۇرۇپ، — بۇ قەلئەدە قونۇپ قېلىشقا رۇخسەت قىلساڭ.

— ماقۇل، قېپقالغىن، — دەپتۇ موماي، — بۇ يەردىن سېنى ھېچكىم قوغلىمايدۇ. بىراق، بۇ يەرنىڭ ساھىبى يېقىپ قېلىشى ناتايىن. چۈنكى بۇ قىزىل چىشلىق ئايىنىنىڭ قەلئەسى، ئۇ بولسا ھېچقانداق ئادەمگە رەھىم قىلمايدۇ. ئايالىلارنىمۇ، قىزلىرىنىمۇ، بالىلارنىمۇ بىردەك يۇتۇۋېرىدۇ!

كالىگان تېخىمۇ قورقۇنچقا چۈشۈپتۇ - دە، ئىشىككە قاراپ قېچىشقا تەمشىلىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ يادىغا دالادا ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاشۇ قورقۇنچلۇق ئۈچ باشلىق مەخلۇقلار كەپتۇ - دە، توختاپ قاپتۇ ۋە زار يىغلاپ تۇرۇپ:

— مېنى يوشۇرۇپ قويغىن، جېنىم موما، ئەتىگىچە پاناھىڭدا ساقلىساڭ، سەھەردە جىمجىتلا كېتىۋالى-

مەن! — دەپتۇ.

— ئەمسە بۇ يەرگە ئۆملەپ كىرگىن، — دەپتۇ ئايال ۋە ئۇنى پەلەمپەي ئاستىدىكى قاپقاراڭغۇ بۇلۇڭغا ئىتتىرىۋېتىپتۇ.

ئۇ يەردە ئۇ يېتىپتۇ ۋە بىر دەمدىلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەمما، بىردىنلا پەلەمپەي غىچىرلاشقا باشلاپتۇ، ئۇ بېشى ئۇستىدە كىمنىڭدۇر ئاستا ۋە ئېغىر ئاياغ تاۋۇشىنى ئاڭلاپتۇ. بۇ ئايىن بولۇپ، ئۆيگە قايتقان ۋە پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىدىكى ياتاق ئۆيگە چىقىۋاتقانىكەن. ئۇ نېمە ئۇچۇندۇر پەلەمپەيدە توختاپتۇ، نېمە ئۇچۇندۇر تۆۋەنگە چۈشۈپتۇ، ئاخىر ئاشخانىغىمۇ كىرىپتۇ. . . ئۇنىڭغا نېمە لازىم بولۇپ قالغاندۇ؟ نېمىشقا بارلىق بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنى تىمىسقىلاپ ئاختۇرىدىغاندۇ؟

تۇيۇقسىزلا گويا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك ئاۋازدا ئايىن ۋەھشىيلەرچە ھۆركىرەپتۇ:

— سېزىۋاتىمەن، ئادەم ھىدىنى سېزىۋاتىمەن! ماڭا تازا ياخشى بىر كەچلىك تاماق بولغۇدەك!

ئۇ غايەت زور چاڭگىلىنى پەلەمپەينىڭ ئاستىغا تىقىپتۇ - دە، ئۇ يەردىن كالىگاننى تارتىپ چىقىپتۇ. كالىگان ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا قېتىپ قاپتۇ. ئايىن خۇددى ئۆيدەك يوغان بولۇپ، ئاغزىنى ئېچىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرىدىكەن، چىشلىرى خۇددى ئادەم قېنىدەك قىپقىزىل ئىكەن. كالىگان شۇ ھامان باش ئۇرۇپ رەھىم قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئايىن كۈلۈپ كېتىپتۇ - دە:

— بولىدۇ، بىر تېپىشماقنى تاپالىساڭ، جېنىڭنى ئالماي. مۇبادا تاپالمىساڭ، ئۇ چاغدا مەندىن رەنجىمە، — دەپتۇ.

— قانداق تېپىشماق؟

— دۇنيادا نېمە ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ۋە قۇياشتىنمۇ چىرايلىق؟

كالىگان شۇئان جاۋاب بېرىپتۇ:

— تاتلىق ھەسەلدىن ياسالغان پىرەنىك يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىدىن قىممەتلىك!

يالماۋۇز قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ، ئاندىن:

— بەس، ئەخمەق، نېمىلەرنى دەپ يۈرىسەن! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇنى سېھىرلىك ھاسا بىلەن بىر سايپتۇ ۋە بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ.

كالىگاننىڭ گارولىت دېگەن ئىنىسى بار ئىكەن. ئۇمۇ قوپال ۋە ئاچ كۆز ئىكەن. ئۇ سەپەرگە ئاتلانماقچى بولغاندا، ئانىسى ئۇنىڭغىمۇ يوللۇق قىلىپ سامسا پىشۇرۇپ بېرىپتۇ، ئاندىن:

— ماڭا بىر پارچە ئۇشتۇپ بەرسەڭ، مەن تۇنۇگۇندىن بېرى ھېچ نەرسە يېمىدىم، — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇۋۇقىنىمۇ بەرمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇمۇ ۋە ئانىسىغا قاراپمۇ قويماي ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇمۇ ئۇزاققىمۇ قالماي، قىزىل چىشلىق ئايىنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئۇنىڭغىمۇ تېپىشماق تاپقۇزۇپتۇ:

— دۇنيادا نېمە ئالتۇندىن قىممەتلىك ۋە قۇياشتىن چىرايلىق؟

ئۇمۇ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھەسەلدىن ياسالغان پىرەنىك!

قىزىل چىشلىق ئايىن ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپتۇ-دە، شۇ ھامان تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

بىچارە تۇل خوتۇن ئانىنىڭ يەنە بىر كەنجى ئوغلى

بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى ۋالېنتايىن ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئانىسىدىن سوراپتۇ:

— نېمىشقا ئاكىلىرىم شۇ چاغقىچە قايتىپ كەلمەيدىغاندۇ. . . ئۇلارغا بىر بالا بولدىمۇ - يا؟ ماڭا ماقۇل دېسەڭ، مەن ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىپ كەلسەم، بەلكىم ئۇلارغا مېنىڭ ياردىمىم تېگىپ قالار.

ئانىسى ئۇنىڭغا:

— مېنىڭ بىلەن بىللە بولغىن، ئوغلۇم. چۈنكى سەن مېنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلۇم! — دەپتۇ.

— ياق، ئاپا، سەپىرىم ئۈچۈن دۇئا بەرگىن. مېنىڭ يۈرىكىم ئۇلارنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىنى سېزىپ تۇرۇپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئانىسى ئۇنىڭغا:

— ھەي، ئىلاج يوق، بوپتۇ بارغىن. ئاۋۋال مۇنۇ چېلەك بىلەن ماڭا قۇدۇقتىن سۇ ئەكېلىپ بەرگىن. ئەمما سۇنى چايقىۋەتمە، تۆكۈۋەتمە، — دەپتۇ.

بالا ئۇنىڭغا لىق بىر چېلەك سۇ ئەكېلىپ بېرىپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭغا سامسا يېقىپ بېرىپتۇ - دە، سوراپتۇ:

— سامساڭدىن بىر پارچە بەرگىن. مەن بۈگۈن كۈن بويى ھېچنېمە يېمىگەنىدىم.

— بوپتۇ ئالغىن، قەدىردان ئانا، ھەممىسىنى يېسەڭمۇ مەيلى!

شۇنىڭدىن كېيىن تۇل خوتۇن ئانىسى ئۇنى قۇچاقلاپتۇ ھەم ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ ئاق يول تىلەپتۇ. ئۇمۇ ئاكىلىرى ماڭغان يول بىلەن مېڭىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىر تاماق يېگۈسى كېلىپ، سومكىسىدىن بىر پارچە سامسىنى ئېلىپ، ئەمدى ئاغزىغا سالاي دەپ تۇرۇشىغىلا، ئالدىغا

دۇمچەك ۋە ئاقساق بىر موماي يېتىپ كېلىپ، قولىنى سۇنۇپ تۇرۇپ:

— ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالدىم، ئوغلۇم، ماڭا بىر پارچە بەرگىنە، — دەپ سوراپتۇ.

گەرچە ۋالېنتايىن ئۆزىمۇ ئاچ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مومايىنىڭ غەمكىن - مىسكىن قىياپىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىچى ئاغرىپ كېتىپتۇ - دە، ئۇنىڭغا بىر پارچە سامسىنى بېرىۋېتىپتۇ.

مانا شۇ چاغدا مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ! دۇمچەك گاداي خوتۇن بىر گۈزەل پەرىگە، ئۇنىڭ يىرتىق، جۇلجۇل كىيىملىرى ئېسىل كىيىملەرگە ئايلىنىپ قاپتۇ ھەم ئۇنىڭ قولىدا سېھىرلىك تاياقچە پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

— مانا بۇ سېھىرلىك تاياقچىنى ئالغىن، — دەپتۇ ئۇ، — مەن ئاق كۆڭۈل پەرىمەن. ئاناڭ ساڭا دۇئا بەرگەن ھەم سەپىرىڭگە ئاق يول تىلىگەن، مانا شۇ سەۋەبتىن ھەممە ئىشلىرىڭ ۋە كەچۈرمىشلىرىڭگە ئامەت يار بولىدۇ. ئاشۇ ئاناڭنىڭ دۇئاسى مېنى بۇ يەرگە، سېنىڭ سەپىرىڭگە ئېلىپ كەلدى. مانا بۇ تاياقچىنى يىتتۈرۈپ قويما، ئۇ ساڭا پات ئارىدا ئەسقېتىپ قالىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن پەرىمۇ ئايىغ بولۇتتەك تارقاپ غايىب بوپتۇ. ۋالېنتايىنمۇ خۇشال ھالدا تېتىك قەدەم تاشلاپ مېڭىپتۇ. ئۇمۇ ئاكىلىرىغا ئوخشاش ئۈچ پادىچى بوۋاينى كۆرۈپتۇ، ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا ئاشۇ ۋەھشىي ئالۋاستى ئايىن ھەققىدىكى ناخشىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

قورقۇنچلۇق ئۈچ باشلىق ۋەھشىي ھايۋانلار پەيدا بولغاندىمۇ ۋالېنتايىن قورقماپتۇ. ئۇ سېھىرلىك تاياقچىسىنى پۇلاڭلىتىش بىلەنلا ياۋۇز مەخلۇقلار شۇئان

يوقىلىپتۇ. ئۇ ئايىنىنىڭ قەلئەسىگە ھېچقانداق قورقماي يېتىپ كەپتۇ ۋە دەرۋازىسىنى پوتون كوچى بىلەن قاتتىق ئۇرۇپتۇ.

ئۇنىڭ ئالدىغا ئاق چاچلىق، دومچەك موماي چىقىپتۇ ــ دە، قورقۇپ تۇرۇپ پىچىرلاپتۇ:

ــ قايت، تېزرەك قايت! بۇ يەرگە كەلگەنلىكى ئادەملەر بالا ــ قازاغا يولۇقماي قالمايدۇ! ئايىن رەھىمسىز ۋە ياۋۇز.

لېكىن جەسۇر ۋالېنتايىن:

ــ مېنى كىرگۈزۈۋەتكىن، مەن ھېچكىمدىن قورقمايمەن! قاراپ تۇرسۇن، مەن ئۇنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىپ قويىمەن! ئۇ مېنىڭدىن ھەرگىز تىرىك قۇتۇ-لالمايدۇ! ــ دەپتۇ.

موماي ئۇنى خالىمىغان ھالدا كىرگۈزۈپتۇ ۋە پەلەمپەي ئاستىدىكى قازناق ئۆيگە يوشۇرۇپ قويۇپتۇ.

بىر چاغدا پەلەمپەي غىچىرلاپ كېتىپتۇ ــ دە، ئايىن ئاشخانىغا توساتتىن كىرىپ كەپتۇ. ئۇ كالپۇكلىرىنى يالاپ تۇرۇپ، ئۆينى بىر ئېلىپ ھۆركىرەشكە باشلاپتۇ:

ــ سېزىۋاتىمەن، ئادەم ھىدىنى سېزىۋاتىمەن! ماڭا تازا ياخشى كەچلىك تاماق بولغۇدەك!

ئۇ قولىنى پەلەمپەينىڭ ئاستىغا تىقىپ، ئۇ يەردىن ۋالېنتايىننى تارتىپ چىقىپتۇ.

ــ قېنى، ئەمدى مېنىڭ تېپىشمىقىمنى تاپ. دۇنيادا نېمە ئالتۇندىن قىممەتلىك، ھەسەلدىن تاتلىق ھەم بارلىق نەرسىدىن ياخشى؟

ۋالېنتايىن ئويلىماي تۇرۇپلا جاۋاب بېرىپتۇ:

ــ ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك، قۇياشتىنمۇ چىرايلىق،

ھەسەلدىنمۇ تاتلىق ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن ياخشى نەرسە — سۆيۈملۈك ئانىنىڭ خاسىيەتلىك دۇئاسىدۇر.

— تاپتىڭ، تاپتىڭ! — دەپ داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپتۇ يالماۋۇز يىغلاپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ قىزىل چىشلىرى قورقۇنچتىن كاسىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا، كىم ئۇنىڭ تېپىشمىقىنى تاپسا شۇنىڭ غەلىبە قىلىدىغىنى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرىدىغىنى ئايان ئىكەن. ئۇ رەھىم قىلىشنى ئۆتۈنۈپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ.

لېكىن، غەيۇر يىگىت پالتىنى ئېلىپ بىر ئۇرۇش بىلەنلا ئۇنىڭ كاللىسىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مومايدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ، قەلئەنىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە كىرىپتۇ ۋە يالماۋۇز تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنغان بىچارە قىزلارنى ئازاد قىپتۇ. ئۇلار زىنداندىن خۇشال ـ خۇرام ھالدا يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويلاپ ئۆز نىجاتچىسىنى مەدھىيىلەپتۇ.

لېكىن، ۋالېنتايىننىڭ كۆڭلى زادىلا ئېچىلماپتۇ. ئۇ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزلارنى يېشىل يايلاقتا قالدۇرۇپ قويۇپتۇ ـ دە، كونا، چۆلدەرەپ قالغان باغدىكى پۆپۈنەك بېسىپ كەتكەن، كۆچەتلەر ئارىسىدا دومىلىنىپ ياتقان ئىككى تاشنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەپتۇ. تاشلار سوغۇق، سىلىق بولۇپ، ئۈستىدە پاقا، كەسلەنچۈكلەر يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەنىكەن. ۋالېنتايىن ئۆزىنىڭ سېھىرلىك تاياقچىسىنى دەرھال چىقىرىپتىكەن، تاشلار جانلىنىپ، ئورنىدىن قوزغىلىپتۇ ـ دە، ۋالېنتايىننىڭ ئاكىلىرىغا ئايلىنىپتۇ. ئاكىلىرى ۋالېنتايىنغا ئېتىلىپ كېلىپ بوينىغا ئېسىلىپتۇ

ۋە ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنى جادۇگەرنىڭ سېھرىدىن ئازاد قىلغانلىقى ئۇچۇن قىزغىن تەشەككۇر ئېيتىپتۇ.

— ئەمدى بىز ئانىمىزنى رەنجىتىپ قويىدىغان ئىشنى ھەرگىز - ھەرگىز قىلمايمىز! ئانىلىق مېھرىدە نەقەدەر ئۇلۇغ قۇدرەتنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئەمدى بىلدۇق، — دەپتۇ ئۇلار.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن بەختلىك بوپتۇ. يىگىتلەر ۋە قىزلار قول تۇتۇشۇپ ۋە كۈلۈشۈپ، يايلاق ۋە ئورمانلاردا يۈگۈرۈشۈپ ئۆيلىرىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ دوست - يارەنلىرى ۋە تۇغقانلىرى ئۇلارنىڭ ھايات، سالامەت، ئەركىن ۋە خۇشال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن شادلىنىپتۇ.

ھەممەيلەن باتۇر ۋالىينتايىنغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ئاننا ئوغلىنىڭ قەھرىمانلىقىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېپتىخارلىنىپتۇ ھەم قورقۇنچاقلارنىڭ ھەر زامان چاكىنا، رەزىل بولىدىغانلىقىنى، ئاق كۆڭۈل، مەرد، سېخىي ئادەملەر بولسا ھەرقاچان باتۇر بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۇرۇپتۇ.

# كونال، دونال ۋە تەگ

## (ئىرلاندىيە خەلق چۆچىكى)

ئىرلاندىيە پادىشاھلىقىدا ئۈچ ئاكا - ئۇكا بولغانىكەن. ئۇلار كونال، دونال ۋە تەگ دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇلار ئىناق ئۆتكەنىكەن، لېكىن ئاخىر بىر كۈنى يايلاق تالىشىپ سوتلىشىپ قاپتۇ.

ئۈچ ئاكا - ئۇكىنىڭ ھەربىرىنىڭ يايلاققا ئىگە بولۇش ھوقۇقى تەڭ ئىكەن، شۇ سەۋەبتىن ھېچبىر سوتچى كىمنىڭ يايلاققا ئىگە بولۇشىنى ھەل قىلالماپتۇ.

ئىرلاندىيە بويىچە ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ مەشھۇر بىر سوتچى بار ئىكەن. ئاكا - ئۇكىلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ دەۋا ئىشىنى بايان قىلىشقا باشلاپتۇ. سوتچى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپتۇ. ئۇلار سۆزلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، سوتچى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بىر كېچە - كۈندۈز ئويلاپ كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

ئەتىسى ئۇ ئاكا - ئۇكىلارنى سوتقا چاقىرىپتۇ.

— خوش، باللار، — دەپتۇ سوتچى، — مەن بارلىق دەلىل - ئىسپاتلارنى ھەر جەھەتتىن تەكشۈرۈپ، دەڭسەپ كۆردۈم، ئۇنداقمۇ، مۇنداقمۇ ئويلىنىپ باقتىم، ئاخىر شۇنىڭغا ئىشەندىمكى، باشقىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سىلەردىن ھېچ بىرىڭلارنىڭ بۇ يايلاقتا ھەققىڭلار

يوق ئىكەن. ھاياتىمدا بىرىنچى قېتىم مۇنداق تەس ئىشنى ئۇچرىتىۋاتىمەن. بىراق مەن ھەل قىلالمايدىغان مەسىلە يوق. ئەمدى مەن يايلاقنىڭ سىلەردىن كىمگە تەۋە بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىمەن. سىلەر ئۇچىڭلار، ئوزايىڭلاردىن قارىغاندا، خېلىلا ھۇرۇندەك كۆرۈنىسىلەر، شۇڭا مەن سىلەردىن كىم ھەممىدىن ھۇرۇنراق بولسا، شۇنىڭغا يايلاقنى بۇيرۇپ بەرمەكچىمەن.

— خوش، مۇبادا ئىش شۇنداق بولسا، جانابىي سوتچى، — دەپتۇ كونال، — ئۇنداقتا يايلاق ماڭا تېگىدىكەن، چۈنكى مەن ئەڭ ھۇرۇن!

— سەن قانداق ھۇرۇن، كونال؟ — دەپ سوراپتۇ سوتچى.

— مېنىڭ ھۇرۇنلۇقۇم شۇ دەرىجىدىكى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كونال، — ئەگەر مەن يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىپ قېلىپ بىر پولك ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ دەسسەپ مىجىۋېتىشىگە دۇچ كېلىپ قالسام، ئۇلارنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزۈمنى تاشلاپ بېرىشكە رازىكى، ئورنۇمدىن قىمىرلاشقا رازى ئەمەسمەن!

— ۋاھ، سەن ھەقىقەتەن ھۇرۇن ئىكەنسەن! قارىغاندا، دونال بىلەن تەگ ھۇرۇنلۇقتا ساڭا تەڭ كېلەلمىگۈدەك، — دەپتۇ سوتچى ھەيران قېلىپ.

— نېمە دەۋاتىسىز، جانابىي سوتچى! ماڭا ئوخشاش ھۇرۇننى دۇنيانىڭ ھېچ يېرىدىنمۇ تاپقىلى بولماس! — دەپ خىتاب قىپتۇ دونال.

— قېنى، دەپ باقە، سەن قانداق ھۇرۇن؟ — دەپ بىلىشكە قىزىقىپتۇ سوتچى.

— مەن شۇنداق ھۆرۈنكى، ئەگەر مەن گۈلخاننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قالغان بولسام، كىشىلەر شۇ گۈلخانغا تۇشمۇتۇشتىن ئوتۇن تاشلاپ ئوتنى ئۆلغايتىپ مېڭەمنى قاينىتىپ قېپىدىن چىقىرىۋەتسىمۇ، مەن ئورنۇمدىن قىمىرلاپمۇ قويمايمەن! — دەپتۇ دونال.

— ھوي، بۇ قانداق ئىش، بۇنداق ھۆرۈننى خۇدايىم كۆرسەتمىسۇن! — دەپتۇ سوتچى ھەيران بولۇپ، — خوش، تەگ، سېنىڭ ھۆرۈنلۇقتا ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىشىڭ مۇمكىن ئەمەسقۇ، دەيمەن.

— يوقسۇ، بۇلارنىڭ ھېچقانچە ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق، جانابىي سوتچى! ھۆرۈنلۇقتا مەن ئۇلارغا ئۇستاز بولالايمەن! — دەپ خاتىرجەملىك بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ تەگ.

— قېنى، قانداق قىلىپ؟ — دەپ سوراپتۇ سوتچى.

— مەن شۇنداق ھۆرۈنكى، ئەگەر مەن ئوڭدامدا كۆزۈمنى ئېچىپ ياتقان بولسام، تورۇستىن يوغان قارا قۇرۇم پارچىلىرى چۈشۈپ كۆزۈمنى قارىغۇ قىلىۋەتسىمۇ مەيلى دەيمەن، قاپىقىمنى يۇمۇشقىمۇ ئېرىنىمەن!

— يائاللا! — دەۋېتىپتۇ سوتچى، — مەن يەنىلا بۇرۇنقىدەك قىيىن ئەھۋالدا قالدىم. ئۈچىڭلارنىڭ ئۆتتۈپ كەتكەن ھۆرۈنلاردىن ئىكەنلىكىڭلارنى بىلدىم. سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ھۆرۈنراق ئىكەنلىكىنى دۇنيادا ھېچكىم ھەل قىلالمىغۇدەك. ئەمدى مۇنداق بولسۇن. مەن يايلاقنى ياشتا ئەڭ چوڭىڭلارغا بۇيرۇپ بېرەي، — دەپ قارار قىپتۇ سوتچى.

— ئۇنداقتا، يايلاق مېنىڭكى ئىكەن! —

ئىشەنچلىك ھالدا دەپتۇ كونال.

— سەن نەچچە ياشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ سوتچى.

— مەن يىگىرمە يېشىمدا ئۈچ ھارۋا بىگىز سېتىۋېلىپ تا ھازىرغىچە بىرىنىمۇ سۇندۇرمىدىم، پەقەت تۇنۇگۇن ئاخىرقى بىرى قوشنامنىڭ ئۆتۈكىنى تىككەندە قاشىرىپ قاپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كونال.

— ھە، سەن بەكمۇ قېرى ئىكەنسەن. ئىككى ئۇكاڭ سەندىن خېلىلا ياشتەك قىلىدۇ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، جانابىي سوتچى! — دەپ نارازىلىق بىلدۈرۈپتۇ دونال، — مەن يىگىرمە ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا تولۇق بىر كېمە يىڭنە سېتىۋالغانىدىم، شۇ كەمگۈچە بىرىنىمۇ سۇندۇرماي ئىشلەتكەنىدىم. ئەڭ ئاخىرقى بىرى تۇنۇگۇن مومامنىڭ كىيىمىنى تىككەندە قاشىرىپ قاپتۇ.

— ھە، سىلەر ئىككىڭلار تولىمۇ قېرى ئىكەنسىلەر، — دەپتۇ سوتچى، — بەلكىم، تەگ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى تېمىپ تۇرغان گۆدەك بولسا كېرەك!

— يوقسۇ، ئۇنداق ئەمەس! مەن بىر ياشقىمۇ تەن بەرمەيمەن! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ تەگ.

— قانداقچە؟ سەن تېخى ئۇلاردىنمۇ قېرىراقمۇ؟ — دەپ ھەيران بوپتۇ سوتچى.

— شۇنداق بولمايچۇ! مەن تۇغۇلۇپ ئون توققۇز ياشقا كەلگەندە ئىككى كېمە بىرىنتىۋا سېتىۋالغانىدىم، تېخى تۇنۇگۇن ئەڭ ئاخىرقى بىرى سوتقا كېلىش ئالدىدا

ساقىلىمنى ئېلىۋېتىپ قاشىرىپ قالدى، — دەپتۇ.

— پاھ، ئەلمىساقتىن تارتىپ ھازىرغىچە دۇنيادا ھېچكىم بۇنداق قېرىنى كۆرگەن ئەمەس! — دەپ تاڭ قاپتۇ سوتچى.

— سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ چوڭراق ئىكەنلىكىنى مەن زادىلا ھەل قىلالمىغۇدەكمەن. ئەمدى مۇنداق بولسۇن: سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ خاتىرىسى ئەڭ ياخشى بولسا، مەن ياپلاقنى شۇنىڭغا بۇيرۇپ بېرەي.

— ئۇنداق بولسا، جانابىي سوتچى، — دەپ زۇۋان سۈرۈپتۇ كونال، — ئۇنداقتا ياپلاقنى مېنىڭ نامىمغا يېزىۋېرىڭ: كىشىلەرنىڭ مۇشۇكنىڭ قۇيرۇقىغا دەسسەپ سالىدىغان، ئۇنىڭ چىرايلىق، يۇمشاق ئاياغلىرىنى ئەرمەك قىلىشنى بىلمەيدىغان ۋاقىتلىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

— پاھ، پاھ! ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە قالمايدىغان ۋاقىتلارمۇ سېنىڭ خاتىرەڭدە ئىكەن، — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ سوتچى، — بولدى، ياپلاق ساڭا تەۋە بولسۇن.

— ئالدىرىماڭ، جانابىي سوتچى، — دەپ نارازىلىق بىلدۈرۈپتۇ دونال، — مەن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ياخشى دوستلىرى ئۇستىدە بىر ئېغىزمۇ يامان سۆز قىلمايدىغان ۋاقىتلىرى ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

— سېنىڭ خاتىرەڭ ئاجايىپ ياخشى ئىكەن، دونال، شۇنچە كونا زامانلارمۇ ئېسىڭدە ئىكەن!.. . خوش، سېنىڭ خاتىرەڭ، تەگ، ئېھتىمال، ئىككىسى ئاكاڭغا يەتمىسە كېرەك؟ — دەپ تەگكە خىتاب قىپتۇ سوتچى.

— نىمىشقا ئۇنداق بولغۇدەك! — دەپ ۋارقىراپتۇ تەگ، — ئۇن ئادەم ئىچىدە توققۇز يالغانچى تېپىلمايدىغان ۋاقىتلار ھازىرمۇ ئېسىمدە تۇرسا.

— ئوھوي! راست، سىنىڭ خاتىرەڭ دۇنيادا بىرلا ئىكەن! ئەمدى سىلەرنى قانداق قىلىشىمنى بىلمەيلا قالدىم. . . مۇنداق بولسا ياخشى بولغۇدەك: سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ كۆزى ئۆتكۈر بولسا، مەن شۇنىڭغا يايلاقنى ھۆكۈم قىلاي، — دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— ئىش مۇشۇنىڭ بىلەنلا پۈتىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا يايلاق مېنىڭكى! — دەپتۇ كونال، — بۇ يەردىن ئۇن بەش مىل يىراقلىقتىكى ئاشۇ تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرغان چىۋىننىڭ كۆزىنى چىمىلداتقان ياكى چىمىلداتمىغانلىقىنى ئېنىق دەپ بېرەلەيمەن.

— سىنىڭ كۆزۈڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۆتكۈر ئىكەن، كونال! قارىغاندا، يايلاق ساڭا قالسا بولغۇدەك، — دەپتۇ سوتچى ئويلىنىپ تۇرۇپ.

— سەۋر قىلىڭ، جانابى سوتچى، — دەپتۇ دونال، — مېنىڭ كۆزۈم شۇنداق ئۆتكۈركى، ئاشۇ چىۋىننىڭ كۆزىنى چىمىلدىتىشىنىڭ كۆزىگە كىرگەن ئەخلەتتىن ياكى شادلىقىدىن ۋە ياكى يىغىدىن ئىكەنلىكىنى ئېنىق دەپ بېرەلەيمەن.

— توۋا، مۇنداق ئۆتكۈر كۆزنى مەن تېخى كۆرمىگەنىكەنمەن! . . ئەمدى سىنىڭ ئىشىڭ چاتاق بولدى: خۇددى ئۆز قۇلىقىڭنى كۆرەلمىگەندەك، ئەمدى يايلاقنى كۆرەلمەيسەن، — دەپتۇ سوتچى تەگكە.

— بۇنداق بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، — دەپ

قارشىلىق قىپتۇ تەگ، — خالىسىڭىز، بۇ چىۋىننىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىكەنلىكىنى يۈرىكىنىڭ سوقۇشىغا قاراپ دەپ بېرەلەيمەن. مەن ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ قانچە سوقىدىغانلىقىنى ساناپ بېرەلەيمەن.

— ياپىرىم، سىلەر مېنى يەنە ئىنتايىن مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭلارغۇ! سىلەر دۇنيادا ئاجايىپ ئادەم ئىكەنسىلەر، مەن سىلەردەك ئادەملەرنىڭ زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن! مەن ھازىر بۇنى ئويلاپ تاپتىم. مەن يايلاقنى سىلەردىن ئەڭ چاققانىڭلارغا ھۆكۈم قىلماقچىمەن.

— رەھمەت، مەن يايلاقنى مېنىڭ بولدى دەپ ھېسابلايمەن، — دەپتۇ كونال.

— قانداق قىلىپ؟ — دەپ سوراپتۇ سوتچى.

— مانا مۇنداق: بۇ قارغىش تەگكۈر يايلاقتا مىڭ توشقاننى قويۇۋېتىپ ئوتتۇرىسىغا مېنى ئولتۇرغۇزۇڭلار-دە، سول پۇتۇمنى دۇمبەمگە تارتىپ باغلىۋېتىڭلار. مەن قانداق بولمىسۇن، بىرمۇ توشقاننى قاچۇرۇۋەتمەيمەن! — دەپ بايان قىپتۇ كونال.

— بولدى، يايلاق سىنىڭ بولسۇن!

— كەچۈرسىز، جانابىي سوتچى، يايلاقنى ئۇنىڭغا بۇيرۇشىڭىز بەك بالدۇر بولۇپ قالدىغۇ، دەيمەن! — دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ دونال.

— قانداقچە، دونال، سەن شۇنچە چاققانمۇ تېخى؟ — دەپ ھەيران بوپتۇ سوتچى.

— مەن ئۇنچە چاققانمۇ ئەمەس، سىز ئاشۇ سارايىنى كۆرۈۋاتامسىز؟ ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق ئىشىك-

دېرىزىلەر ئوچۇق، ئۆگزىلىرى ئېچىپ تاشلانغان، — دەپ كۆرسىتىپتۇ دونال.

— كۆرۈۋاتىمەن. ھە، بۇنىڭ بىلەن نېمە دېمەكچىسەن؟

— ئۇنى پەي - ماموق بىلەن لىق تولدۇرۇڭلار، راسا بورانلىق كۈندە مەن بۇ سارايدىن بىر تال پەينىمۇ ئۇچۇرىۋەتمەيمەن. مۇبادا بىرەر - يېرىمى ئۇچۇپ چىقىپ كەتكۇدەك بولسا، مەن ئۇنى چارەك فۇت ئارىلىقتا دەرھال تۇتۇۋېلىپ يەنە ئۆز جايىغا قويۇپ قويىمەن.

— سەن ماڭا باش قېتىنچىلىقى تېپىپ بەردىڭ، دونال! — دەپتۇ سوتچى، — مانا ئەمدى كىم چاققانىكەن دېسە، سېنى چاققان دېسەك بولغۇدەك! . . . خوش، تەگ، سېنىڭ ئىشىڭ ئەمدى چاتاق!

— ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ، جانابىي سوتچى، — دەپ خاتىرجەم ھالدا ئېغىز ئېچىپتۇ تەگ.

— قانداقچە ئۇنداق ئەمەس، سەن تېخى ئۇلار بىلەن بەسلەشمەكچىمۇ؟

— شۇنداق بولمايچۇ! دۇنيادا ئەڭ ئىتتىك ئاتنى ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقاندا تاقىلالايمەن، ئۇ ھەر قېتىم پۇتلىرىنى كۆتۈرگەندە تۇياقلىرىغا بىردىن مىخنى قاقدىمەن، — دەپ مەغرۇرانە جاۋاب بېرىپتۇ تەگ.

— پاھ، سەن ھەقىقەتەنمۇ چاققانىكەنسەن! سىلەر ئادەم ئەمەس، سېپى ئۆزىدىن جادۇگەر ئىكەنسىلەر! سىلەرگە ئوخشاش ئادەملەر دۇنيادا ھازىرغىچە بولغان ئەمەس، ئېھتىمال، سىلەردىن كېيىنمۇ بولماس. شۇنداق قىلىپ، ئاخىرقى بىر سىناق قالدى. مەن يايلاقنى

سىلەردىن ئەڭ پەملىك بىرىڭلارغا بەرمەكچىمەن.
— شۇنداق بولسا ئوشۇق - تۆشۈك گەپنى قويۇپ يايلاقنى ماڭا بېرىڭ! — دەپتۇ كونال.
— نېمىشقا؟ سەن شۇنچە پەملىكمىدىڭ؟ — دەپتۇ سوتچى.
— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مەن كىشىلەرگە كۆڭلەكنى چېچىنىڭ رەڭگىگە قاراپ تىكىمەن، كۆڭلەك بولسا ئۇلارغا يارىشىدۇ ھەم قۇيۇپ قويغاندەك كېلىدۇ، — دەپتۇ كونال.
— خوپ، بالىلار، مېنىڭچە مەسىلە ھەل بولدى.
— تېخى ھەل بولغىنى يوق، جانابىي سوتچى، — دەپ نارازىلىق قىپتۇ دونال.
— ھە، دونال، بۇنىڭدىنمۇ پەملىك بولۇش مۇمكىنمىدۇ؟
— مۇمكىن. مەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىكىنى ھېچقانداق ئۆلچىمەي، پەقەت يۆتەلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپلا تىكىۋېرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دونال.
— مانا بۇ مۆجىزە ئىكەن! قەسەم قىلىمەنكى، سېنىڭ پەمىڭ ھەرقانداق تەسەۋۋۇردىنمۇ يۇقىرى ئىكەن! . . ئەمدى بىچارە تەگ، سەن يايلاق بىلەن خوشلاشساڭ بولغۇدەك.
— يوقسۇ، مەن راست گەپنى قىلاي دەۋاتىمەن، — دەپتۇ تەگ.
— سەن بۇ ئىككىيلەندىنمۇ پەملىكرەكمۇ تېخى؟ — دەپ سوراپتۇ سوتچى.
— ھەئە، شۇنداق. مەن شۇ قەدەر پەملىككى،

ئەخمەق سوتچى بولغىنىمدىن ئەقىلللىق بىلەرمەن بولغىنىم ياخشى ئىكەن. چۈنكى، مەن بۇنداق ئاددىي بىر ئىشنى قانداق بولمىسۇن ھەل قىلغان بولاتتىم! — دەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپتۇ تەگ.

سوتچى ئۇزاق مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن:

— خوش، باللار، مەن بۇ دېلونى پىششىق ئويلىغاندىن كېيىن، ھەقىقەت ۋە ۋىجدانغا ئاساسەن قارار قىلدىم: يايلاق تەگكە تەئەللۇق بولسۇن! — دەپتۇ.

# پوپ بىلەن ئېشەك

## (ئىسپانىيە خەلق چۆچىكى)

بىر پوپ بولغانىكەن. ئۇنىڭ كۆكتاتلىقىدا بىر قۇدۇق بار ئىكەن. پوپ ئېشەكنى قۇدۇقتىكى چىغرىققا قوشۇپ كېچە ـ كۈندۈز توختاتماي ماڭدۇرۇپ سۇ تارتىپ چىقارغۇزىدىكەن. پوپ ئېشەك دەم ئېلىۋالمىسۇن، دەپ ئېشەككە قوڭغۇراقلارنى ئېسىپ قويۇپتۇ. ئېشەك چىغرىقنى ئايلاندۇرغاندا قوڭغۇراقلار جىرىڭلاپ تۇرىدىكەن، ئېشەك توختىشى بىلەنلا قوڭغۇراقلارمۇ جىمىپ قالىدىكەن. بۇ چاغدا پوپ دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئېشەككە ۋارقىراپ، ئۇنى توختىماي چۆرگىلەشكە مەجبۇر قىلىدىكەن.

بىر كۈنى پوپنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن ئۈچ يىگىت ئۆتۈپتۇ. ئۇلار تولىمۇ ئاچ ئىكەن، لېكىن ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرىدا يارماقنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق ئىكەن. شۇڭا ئۇلار پوپنىڭ ئېشىكىنى ئوغرىلىماقچى بوپتۇ.

ئۇلار پوپنىڭ توختىماي جىرىڭلاپ تۇرغان قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماي قالماسلىقى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپتۇ.

ئۇلار ئويلا ـ ئويلا، ئاخىر شۇنداق قارارغا كەپتۇ: بىرى قۇدۇقنىڭ يېنىدا قېلىپ چىغرىقنى بۇرادەرلىرى

يىراقلاپ كەتكۈچە ئايلاندۇرۇپ تۇرىدىغان بوپتۇ.

ئۇلار شۇنداق قىپتۇ.

قالغىنىغا كىچىككىنە چىغىرىقنى ئايلاندۇرۇپ قوڭغۇراقلارنى جىرىڭلىتىپ چىقىپتۇ، ئاخىر چارچاپ كېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

قوڭغۇراقلار جىمىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پوپ دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ قارىغانىكەن، ئۇ ئىشەكنىڭ ئورنىدا قانداقتۇر بىر ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، يوغان بىر پىچاقنى ئېلىپ قۇدۇقنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەپتۇ.

بىچارە يىگىت بۇنى كۆرۈپ بەكمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابنى ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغانىكەن.

— ھەيران بولما، قەدىرلىك خوجايىن! — دەپ مۇراجىئەت قىپتۇ پوپقا ئۇ، — مەن سىزنىڭ ئېشىكىڭىز! بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى بىر ياۋۇز جادۇگەر مېنى ئىشەككە ئايلاندۇرۇپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن مەن قۇدۇق چىغىرىقىنى بىر ئۆمۈر ئايلاندۇرىدىغان تەقدىرگە قالغانىدىم. لېكىن مېنىڭ ئۇزۇن يىل قىلغان دۇئا - تىلاۋىتىم بىكارغا كەتمەپتۇ: ئالىيجاناب ئىگەم مېنى يەنە ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى! ئەمدى مېنى قويۇپ بەرسەڭ، ھۆرمەتلىك خوجايىن!

پوپ ئىنتايىن ھەيران قاپتۇ. ئۇ يىگىتنى ئەركىنلىككە قويۇپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا يەنە ئېشەك بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەر كۈنى خۇداغا ئىبادەت قىلىپ تۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى پوپ يېڭى ئىشەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا بېرىپتۇ.

پوپ بازارغا كېلىشى بىلەنلا نەق ئۆزىنىڭ ئىشىكىنىڭ بازاردا سېتىلماقچى بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. پوپ بۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىپ دەرھال ئۆزىنى بىر تەرەپكە ئاپ- تۇ - دە، ۋارقىراپ ئۆيتۈپتۇ.

— بەس، شۇ قىلغىنىڭمۇ يېتەر! سەن ئەمدى مېنى بابلىيالمايسەن! ئەمدى سېنى سىرىڭنى بىلمىگەنلەر سېتىۋالسۇن!

# توگمەنچى

## (ئىتالىيە خەلق چۆچىكى)

دۇنيادا بىر توگمەنچى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ كېلىشكەن ئىككى قىزى بولۇپ، بىرى روتا (چاقپەلەك)، يەنە بىرى تراموجيا (توگمەن تېشى) دەپ ئاتىلىدىكەن.

كىشىلەر توگمەنگە ئۇن تارتقىلى كېلىپ توگمەنچىگە چاقچاق قىلىپ سورىشىدىكەن:

— كۇم، قاچان قىزلىرىڭىزنى ئەرگە بېرىسىز؟

— ئۇلارنى خوتۇنلۇققا ئالىدىغانلار تېپىلغان چاغدا! — دەپ جاۋاب بېرىدىكەن توگمەنچى.

— ئۇلارغا تويلۇق ئۇچۇن نېمە بېرىسىز؟

— ھېچنېمە! روتانى تەقدىم قىلىمەن، تراموجيانى بولسا بىكارغا بېرىمەن.

— نېمىدېگەن چاققانسىز - ھە، كۇم!

ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى كۈن چىقىــــۋاتقان چاغدا توگمەنچى بۇرغىــدەك رول ئوينايدىغان يوغان دېڭىــــز قۇلۇلىسى قېپىنى (چىغاناق) ئالىدىكەن - دە، پۈۋلەپ چېلىشقا كىرىشىدىكەن، ئاندىن قاتتىق ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتىدىكەن.

دۇت - دۇت - دۇت...

ئۇن تارتىدىغانلار،

كېلىڭلار ئۇن تارتىشقا!
كۇن پارقىراپ چىقتى،
چاقىرىپ ئىشقا.
هۇت - هۇت - هۇت...
كىم بىرىنچى بوپ كەلسە،
شۇ ئالىدۇ سۆيۈنچە!
دۇت - دۇت - دۇت...

كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئوردا خىزمەتكارى ئۇگۇت ئارتىلغان قېچىر بىلەن تۇگمەنگە كەپتۇ. ئۇن تارتىلىپ بوپتۇ. خىزمەتكار بولسا كۇتۇپ تۇرۇپتۇ.

تۇگمەنچى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەن نېمىنى كۇتىسەن؟

— پادىشاھ ۋەدە قىلغان سوۋغاتنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇغان.

— ماقۇل، مانا بۇنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بارغىن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ چوڭ قىزى روتانى خىزمەتكارغا قوشۇپ ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بولسا قىزنى ئۇنىڭغا شۇ جاۋاب بىلەن قايتۇرۇۋېتىپتۇ:

— پادىشاھقا يەپ - ئىچمەيدىغان سوۋغات كېرەك ئىكەن.

— بۇنىڭغىمۇ ماقۇل! — دەپتۇ تۇگمەنچى، — ئۇنداق بولسا ئۇنىڭغا مۇنۇنى ئېلىپ بارغىن، — شۇنىڭ بىلەن خىزمەتكارغا بۇقا مۇڭگۇزىنى كۆتۈرتۈپ قويۇپتۇ.

پادىشاھ تۇگمەنچىگە قاتتىق خاپا بوپتۇ ھەم بۇنى كۆڭلىگە سىلىپ قويۇپ، ئۆچ ئالماقچى بوپتۇ.

ئىككىنچى كۇنى ئەتىگەندە تۇگمەنچى يەنە قۇلۇلە

قىپىنى چېلىپ ناخشا ئېيتىپتۇ:

دۇت ـ دۇت ـ دۇت. . .

ئۇن تارتىدىغانلار،

كېلىڭلار ئۇن تارتىشقا!

كۇن پارقىراپ چىقتى،

چاقىرىپ ئىشقا.

هۇت ـ هۇت ـ هۇت. . .

كىم بىرىنچى بوپ كەلسە،

شۇ ئالىدۇ سۆيۇنچە!

دۇت ـ دۇت ـ دۇت. . .

يەنە هېلىقى ئوردا خىزمەتكارى كەپتۇ، بۇ قېتىم ئۇ ئىككى قېچىردا ئۇگۇت ئېلىپ كەپتۇ. ئۇن تارتىلىپ بوپتۇ، خىزمەتكار يەنە كۇتۇپ تۇرۇپتۇ. تۇگمەنچى ئۇنىڭدىن يەنە سوراپتۇ:

ـــ نېمىنى كۇتۇپ تۇرىسەن؟

ـــ پادىشاھ سوۋغاتنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇغان.

ـــ ماقۇل، مانا بۇنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بارغىن.

تۇگمەنچى خىزمەتكارغا ئىككىنچى قىزى تراموجيانى قوشۇپ ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ قىزنىمۇ شۇ جاۋاب بىلەن قايتۇرۇۋېتىپتۇ:

ـــ پادىشاھقا يەپ ـ ئىچمەيدىغان سوۋغات كېرەك ئىكەن.

ـــ بۇنىڭغىمۇ ماقۇل! ـــ دەپ خاپا بولماي جاۋاب بېرىپتۇ تۇگمەنچى، ـــ ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭغا بۇ نەرسىنى ئېلىپ بارغىن.

تۇگمەنچى خىزمەتكارغا ئىككىنچى مۇڭگۇزنى

تۆتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

پادىشاھ بىرىنچى قېتىمدىكىدىنمۇ بەتتەر خاپا بولۇپ دەرغەزەپكە كەپتۇ ـ دە، تۆگمەنچىنى قاماققا ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. تۆگمەنچىنى پادىشاھ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەن ماڭا بۇقا مۇڭگۈزلىرىنى سوۋغات قىلىپ نېمە قىلماقچىسەن؟

— ئالىيلىرىغا مۇڭگۈزنىڭ ئامەت ئېلىپ كېلىشىنى تىلىگەنىدىم. بىراق ئۇ دېتلىرىغا مۇۋاپىق كەلمىسە، مەن ئۇلارنى ھېلىمۇ قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتەلەيمەن.

— مە، ئېلىپ كەت! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھ تۆگمەنچىنى ئەركىنلىككە قويۇپ بېرىپتۇ. تۆگمەنچى ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ. يولدا كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

— قولۇڭدىكى كىمنىڭ مۇڭگۈزى، تۆگمەنچى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭكى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ، — ئۇلاردىن بىرىنى سوۋغات قىلىمەن، يەنە بىرىنى بىكارغا بېرىمەن.

كىشىلەر تۆگمەنگە كېلىپ ئۇن تارتىپتۇ، چاقچاق قىلىپ تۆگمەنچىدىن سورىشىپتۇ:

— كوم، قىزلىرىڭنى قاچان ئەرگە بېرىسەن؟

— قاچان ئۇلارنى خوتۇنلۇققا ئالىدىغانلار تېپىلغان چاغدا.

— ئۇلار ئۈچۈن قانچىلىك قىز مېلى بېرىسەن؟

— مانا بار ـ يوقى مۇشۇ ئىككى مۇڭگۈزنى بېرىمەن. بىرى روتا ئۈچۈن، يەنە بىرى تراموجيا ئۈچۈن.

— سەن تولىمۇ چاققان جۇمۇ، كۇم ! چۈنكى مۈڭگۈز دېگەن پېشانىدە جۈپ بولۇپ ئۆسىدۇ ـ دە.

— بۇ مۈڭگۈزلەرنىڭ بىرىمۇ يېتىدۇ! كىم بۇنىڭغا ئىشەنمىسە، ئۇنىڭ ھالى بەتتەر بولىدۇ.

مانا شۇ ۋاقىت ئىچىدە، پادىشاھ تۇگمەنچىنىڭ جاۋابى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈپ، مۈڭگۈزنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگىنىگە پۇشايمان قىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا خىزمەتكارىنى بۇيرۇق بىلەن ئەۋەتىپتۇ:

— پادىشاھ سوۋغاتلىرىڭىزنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ!

— بېرەلمەيمەن! مەن ئۇلارنى قىزلىرىمنىڭ قىز مېلى ئۈچۈن بېرىشكە ۋەدە قىلغان، ئەمدى ئۇلارنىڭ بىرنى بولسىمۇ ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىزلىرىمنىڭ بىرىگە ئۆيلىنىشىگە توغرا كېلىدۇ.

خىزمەتكار شۇ جاۋابنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، پادىشاھ بولسا تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىپ قاپتۇ: «بۇ مۈڭگۈزلەر دەرھەقىقەت ئامەت مۈڭگۈزلىرى بولۇپ قالسا ـ ھە؟» ئۇ خىزمەتكارىنى يەنە تۇگمەنچىگە ئەۋەتىپتۇ.

— ئالىيلىرى ئۆيلىنىشتىن ئىلگىرى، سىزنىڭ بۇ مۈڭگۈزلىرىڭىزنىڭ ئامەت مۈڭگۈزى ئىكەنلىكىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلىشنى خالايدىكەن.

تۇگمەنچى خىزمەتكارغا جاۋاب بېرىپ:

— كىم بۇنىڭغا ئىشەنمىسە، ئۇنىڭ ھالى بەتتەر بولىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھقا تۇگمەنچىنىڭ دېگىنى گويا چىن ھەقىقەتتەك

بىلىنىپ كېتىپتۇ. گەرچە بۇ پادىشاھنىڭ بايلىقى ھېسابسىز بولسىمۇ، ئامەت مۈڭگۈزلىرىگە ئىگە بولۇشقا تولىمۇ ئىنتىزار بوپتۇ... لېكىن تۈگمەنچىنىڭ ئۇنغا مىلىشىپ يۈرگەن قىزىغا ئۆيلىنىشنى ئۆزىنىڭ نام - ئابرۇيىنى چۈشۈرگەنلىك دەپ ھېسابلاپتۇ... پادىشاھ كېچە - كۈندۈز ئاشۇ مۈڭگۈزلەرنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قاپتۇ، ھەتتا چۈشىدىمۇ ئاشۇ مۈڭگۈزلەرنى كۆرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ چۈشىدە مۈڭگۈزلەرگە: «مۈڭگۈزلەر ماڭا ئۇنى ياكى بۇنى بەرگىن» دەر ئىمىش، شۇ ھامان ئۇنىڭ تىلىگەنلىرىنىڭ ھەممىسى مۈڭگۈزدىن تۆكۈلۈپ تۇرار ئىمىش...

«ئوڭۇمدا مۇشۇنداق بولسا - ھە!» دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ ھەمدە بۇ ئويىدىن زادىلا يانالماپتۇ. دۆلەت كېڭىشىنى چاقىرىپ ئەمەلدار - تۆرىلەرگە مۇنداق دەپتۇ:

— مەن بىر كىچىك قىزغا ئۆيلەنمەكچىمەن.

تۆرىلەر ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— ئالىيلىرى، پادىشاھ ئېسىلزادىلەرنىڭ قىزلىرىغىلا ئۆيلىنەلەيدۇ، — دېيىشىپتۇ.

— ئامەت مۈڭگۈزى قولۇمغا كىرگەندىن كېيىن، قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن!

تۆرىلەر پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاقارغان ياكى تاقىر باشلىرىنى ئېگىشىپ تۇرۇپتۇ، ئاندىن ئۇلار ئىچىدىن بىرى پادىشاھ نامىدىن تۈگمەنچىگە بېرىپتۇ:

— تۈگمەنچى! پادىشاھ قىزلىرىڭدىن بىرىنى خوتۇنلۇققا ئالىدىغان بولدى!

— ئەمىسە بوپتۇ! روتانى مەن ئۇنىڭغا سوۋغات

قىلىپ بېرەلەيمەن. ترامۋجىيانىڭ بىكارغا بېرەتتىم، بۇ مۇڭگۇزلەر ئۇلارنىڭ قىز مېلى بولاتتى.
پادىشاھ تۇگمەنچىنىڭ چوڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭ قىز مېلى ئۇچۇن مۇڭگۇزلەردىن بىرىنى ئاپتۇ.
دەل توي كۇنى كەچتە پادىشاھ ئۆزىنىڭ خوتۇنى روتاغا:
— يۇر، مەن ساڭا ئۆزۈڭنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قوياي، — دەپتۇ.
پادىشاھ ئۇنى پەلەمپەي بىلەن تۆۋەنگە باشلاپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ قىزنى ئاخىرىدا يەر ئاستى ئۆيىگە باشلاپ چۇشۇپتۇ، بۇ يەردە ھېچقانداق يورۇقلۇق يوق ئىكەن. پادىشاھ قىزنى ئۇنىڭ ئىچىگە ئىتتىرىۋېتىپلا، ئىشىكنى تاقاپ قۇلۇپنى سالپتۇ.
روتا بولسا:
— ئالىيلىرى، بۇ قانداق يۈزسىزلىك! — دەپ ۋارقىراشقا ئارانلا ئۇلگۇرۇپتۇ.
پادىشاھ بولسا يۇگۇرگىنىچە ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ ۋە ئىشىكنى غاچچىدە ئېتىپتۇ ـ دە، مۇڭگۇزنى قولىغا ئېلىپ بۇيرۇق قىپتۇ:
— مەرۋايىت بىلەن برىليانت كېرەك!
شۇ ھامان مۇڭگۇزدىن بىر دۆۋە برىليانت بىلەن مەرۋايىت تۆكۇلۇپ چۇشۇپتۇ.
ئىككىنچى كۇنى ئەتىگەندە تۇگمەنچى قىزىنى يوقلاپ كەپتۇ، ئوردىدىكىلەر ئۇنىڭغا:
— ئەتە كەلگىن، قىزىڭ ئۇخلاۋاتىدۇ، — دەپتۇ.
تۇگمەنچى ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە كەپتۇ.

— ئەتە كەلگىن، قىزىڭ تاماق يەۋاتىدۇ، — دەپتۇ يەنە ئۇنىڭغا.

تۆگمەنچى بولسا ئۈچىنچى كۈنى يەنە كەپتۇ، ئۇلار بولسا مۇنداق دەپتۇ:

— قىزىڭ ئۆلۈپ كەتتى، هازىر ئۇنى دەپنىمۇ قىلىپ بولدۇق. ئۇ پادىشاھ بىلەن بىر كۈنلا بىللە بولغانىدى.

بىچارە تۆگمەنچى يىغلاپتۇ ۋە ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئىچىگە يەنە جىن چۈشۈپتۇ. «ئەگەر مېنىڭدە مۇنداق مۆڭگۈزدىن ئىككىسى بولغان بولسا، قالتىس ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ تۆگمەنچىگە ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

— ئالىيلىرى سىزنىڭ ئىككىنچى قىزىڭىزغا ئۆيلەنمەكچى.

— ئەمىسە بوپتۇ! — دەپتۇ تۆگمەنچى، — روتانى مەن ئۇنىڭغا سوۋغات قىلغانىدىم، تراموجيانى بولسا بىكارغا بېرىمەن. ئىككىنچى مۆڭگۈز ئۇنىڭ قىزلىق مېلى بولسۇن!

پادىشاھ تراموجيا بىلەن توي قىپتۇ. دەل شۇ توي تەنتەنىسى بولۇۋاتقان كېچىدە، پادىشاھ ئۇنى شۇ پەلەمپەي بىلەن باشلاپ مېڭىپتۇ ۋە ھەدىسىگە ئوخشاش يەر ئاستى ئۆيىگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋېتىپتۇ-دە، ئىشىكنى چىڭ ئېتىپ يوغان قۇلۇپ بىلەن قۇلۇپلاپتۇ.

قىز بولسا:

— بۇ قانداق يۈزسىزلىك! — دەپ ۋارقىراشقا ئارانلا ئۈلگۈرۈپتۇ.

پادىشاھ يەنە يۇقىرىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۆزىنىڭ

ئۆيىگە كىرىپ قولىغا مۈشۈكنى ئاپتۇ ـ دە:

ــ ماڭا ئالتۇن بىلەن كۈمۈش كېرەك! ــ دەپتۇ.

شۇ هامان مۈشۈكتىن دۈۋە ـ دۈۋە ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەر تۆكۈلۈپتۇ.

ئەتىگەندە تۇغمەنچى قىزىنى كۆرگىلى كەپتىكەن:

ــ قىزىڭ ئۆلۈپ كەتكەن، كۆمۈپمۇ بولدۇق! ئۇ پادىشاھ بىلەن بىر كېچىلا بىللە بولغانىدى، ــ دېيىشىپتۇ.

بىچارە تۇغمەنچى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ قاتتىق يىغلاپتۇ.

ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ بىرمۇ ئۇن تارتقۇچىنى كۆرمىگەندىن كېيىن، قولىغا قوۇلە قېپىنى قولىغا ئاپتۇ ـ دە، ناخشا ئېيتىپتۇ:

دۇت ـ دۇت ـ دۇت...
ئۇن تارتىدىغانلار،
كېلىڭلار ئۇن تارتىشقا!
كۈن پارقىراپ چىقتى،
چاقىرىپ ئىشقا.
هۇت ـ هۇت ـ هۇت...
كىم بىرىنچى بوپ كەلسە،
شۇ ئالىدۇ سۆيۈنچە!
دۇت ـ دۇت ـ دۇت...

تۇغمەندە يەنىلا شۇ ئوردا خادىمى بىرىنچى بولۇپ ئۇگۇت بىلەن پەيدا بوپتۇ. ئۇنى تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، كەتمەي كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. تۇغمەنچى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— نېمىنى كۆتىسەن؟

— پادىشاھ سوۋغاتنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان.

— مە ئەمىسە، ئۇنىڭغا بۇنى ئېلىپ بارغىن.

تۈگمەنچى خىزمەتكارغا جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن بىر كونا باشماقنى بېرىپتۇ.

پادىشاھ سوۋغاتنى ئاپتۇ ـ دە، مۇنداق ئويلاپتۇ: «بۇ باشماقتا قانداقتۇر بىر سىر بولۇشى مۇمكىن. ئالدى بىلەن ئىككىنچىسىنى ئېلىۋالاي، ئاندىن سىناپ كۆرەرمەن.»

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، پادىشاھ ئوردىنىڭ بالكونىدىن تۈگمەنچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئۇنىڭغا خىزمەتكارنى ئۇگۇت بىلەن ئەۋەتىپتۇ ۋە بىرىنچى باشماقنىڭ جۈپتىنىمۇ ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇشال ھالدا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئىشىكنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ، مۆڭگۈزلەرنىمۇ، كونا باشماقلارنىمۇ ئالدىغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ. بۇلاردىن نېمە چىقىدىغانلىقىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئالدى بىلەن مۆڭگۈزلەردىن باشلاپتۇ. ئۇلارنى ئىككى قوللاپ ئاپتۇ ـ دە، بۇيرۇق قىپتۇ:

— قېنى، مەرۋايىت بىلەن بريلىيانتلار! ئالتۇن بىلەن كۈمۈشلەر!

ئۇمۇ، بۇمۇ تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ ـ دە، ئۇدۇل باشماقلارغا كىرگىلى تۇرۇپتۇ! باشماقلار لىپمۇلىپ تولۇپتۇ ۋە جاي ـ جايىغا جايلىشىپتۇ، ئاندىن باشماقلار پادىشاھنى تۇرتۇشكە ۋە ئېتتىرىشكە باشلاپتۇ.

باشماقلار تۇرتۇشكەنسېرى پادىشاھنىڭ بەزى يەرلىرى كۆكىرىپ كەتسە، بەزى يەرلىرى ھۆررەك بولۇپ ئىششىپتۇ. پادىشاھ ئۆيىدىن ئېتىلىپ قېچىپ چىقىپتۇ،

ئارقىدىن بولسا باشماقلار قوغلاپ چىقىپتۇ! پادىشاھ پۈتكۈل ئوردىنىڭ ئىچىدە جىنىنىڭ بارچە يۇگۇرگىلى باشلاپتۇ. ئەمەلدارلار ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، باشماقلارنى تۇتۇۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچبىر ئامال قىلالماپتۇ! باشماقلار ھېچكىمگە بوي بەرمەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بارلىق ئەمەلدارلار، ئەسكەرلەر، مالايلار چېپىشىپتۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھىنىڭ كالتەكلىنىشىنى ۋاتقان ۋە دۇمبالىنىدىغانلىقىنى كۆرگەنىكەن.

پادىشاھ باشماقلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پەلەمپەي بىلەن تۆۋەنگە يۇگۇرگەنىكەن، تېيىلىپ كېتىپ، يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. باشماقلار بولسا ئۇنىڭ دۇمبىسىگە سەكرەپ چىقىپتۇ ـ دە، ئۇنى يەرگە نىقتاپ بېسىۋاپتۇ.

ــ تۇگمەنچىنى تېز چاقىرىڭلار! تۇگمەنچىنى تېز چاقىرىڭلار! ــ دەپ خىرىلداپتۇ پادىشاھ.

تۇگمەنچىنى تېز ئەكېلىش ئۈچۈن ئەسكەرلەر ئاتلىق چېپىپ كېتىپتۇ. تۇگمەنچى بولسا:

ــ زادىلا بارالمايمەن، تۇگمىنىمنىڭ چاقپەلىكى توختاپ قالدى، تېشى چۆرگىلىمەيۋاتىدۇ... قىزلىرىم مەن بىلەن بىللە بولغان بولسا، مەن بارغان بولاتتىم... ــ دەپتۇ.

پادىشاھ بولسا يەردە دۈم يېتىپ قاتتىق بېسىم دەستىدىن ئارانلا دېمىنى ئاپتۇ، ئاخىرقى كۈنىنىڭ يېتىپ كەلگىنىنى ھېس قىپتۇ ـ دە، بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ:

ــ يەر ئاستى ئۆيىدىكىلەرنى دەرھال قويۇۋېتىڭلار، ئۇ يەردىن روتا بىلەن ترامونجىيانى ئېلىپ چىقىڭلار، مەن

ئۇلارنى ئۇ يەرگە قاماپ قويغان، شۇ سەۋەبتىن ئەمدى مۇشۇ جازانى تارتىۋاتىمەن! تېز بولۇڭلار. . .

پادىشاھنىڭ ئاخىرقى سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا، باشماقلار ئۇنىڭ دۇمبىسىدىن بىرى بۇ تەرەپكە، يەنە بىرى ئۇ تەرەپكە چۈشۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئاران ئۆرە تۇرۇپتۇ. ئاغرىق ئۇنىڭ جېنىغا پېتىپتۇ.

ــ ۋاي. . . ۋايجان. . .

ئەمەلدارلار ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈشۈپ كەپتۇ:

ــ ئالىيلىرى، ئۇلار، بىزنى پادىشاھ سولىغان، پادىشاھ ئۆزى كېلىپ چىقارسۇن! ــ دەيدۇ.

پادىشاھقا ئىككى قىزنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈش بەكمۇ ئوڭايسىز تۇيۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا باشماقلار مىدىرلىشىپ تەھدىت سېلىپ تۇرغانلىقتىن، ئاغرىغان يېرىنى تۇتقىنىچە ئىنجىقلاپ يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشۈپتۇ.

روتا ئولتۇرغان ئۆينىڭ تاملىرى بۇرۇن ئىسلىنىپ قارا قورۇم قاپلاپ كەتكەن بولسا، ئەمدىلىكتە ھەممە يەر ئۈن بىلەن پاك ـ پاكىز ئاقارتىلىپ قاپتۇ.

ــ مەرھابا ئالىيلىرى، ــ دەپتۇ روتا، ــ مەن سىزنى خېلىدىن بېرى كۈتۈۋاتاتتىم.

كۈتمىگەن يەردىن ئۇ پادىشاھنىڭ قولىدىن تۇتۇپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدە خۇددى تۈگمەننىڭ چاقپەلىكىدەك پىرقىراشقا باشلاپتۇ. پادىشاھقا خۇددى ھاۋادا ئۇچۇۋاتقاندەك بىلىنىپ: «ۋاي! ۋايجان!» دەپ ۋارقىراپتۇ دېمى سىقىلىپ. ئاخىرىدا روتا ئۇنى قويۇۋەتكەندە، پادىشاھ ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقىپ

كېتىپتۇ، قىز بولسا ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك پولدا ئولتۇرۇپ:

— ئەمدى بېرىپ دادامنى چاقىرىپ كېلىڭ، — دەپتۇ.

ترامىوجيا ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئىس ۋە قۇرۇم بېسىپ كەتكەن تاملىرى، پولى ۋە تورۇسى ئالتۇندەك ئۇگۇت بىلەن قاپلىنىپتۇ.

ترامىوجيا پادىشاھنى كۆرۈپ تەكلىپ قىپتۇ:

— كىرىڭ ئالىيلىرى، مەن سىزنى كۆپتىن بېرى كۈتكەندىم.

لېكىن، ئاچچىق ساۋاقتىن تەلىم ئالغان پادىشاھ ئۆيگە كىرىشتىن خەۋپسىرەپتۇ. . . شۇ چاغدا ترامىوجيا ئۇنىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ، خۇددى تۇگمەن تېشىدەك ئىرغىتقىلى تۇرۇپتۇ. پادىشاھ بولسا قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ ۋە ۋارقىراپتۇ. بىراق ھەممىسى بىھۇدە بولۇپ چىقىپتۇ! ئاخىرىدا ترامىوجيا ئۇنى ئىشىكنىڭ سىرتىغا پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ:

— بېرىڭ، دادامنى چاقىرىپ كېلىڭ، — دەپتۇ.

تۇگمەنچى ھالسىز قەدەملىرىنى سۆرىگىنىچە ئوردىغا كىرىپ سوراپتۇ:

— نېمە بۇيرۇقلىرى بار، ئالىيلىرى؟

— ئۆتۈنەي، ئېلىپ كەتكىن، روتانىمۇ، ترامىوجيانىمۇ، ئامەت مۇڭگۈزلىرىنىمۇ، باشماقلارنىمۇ، قىسقىسى، ھەممىسىنى ئېلىپ كەتكىن!

— ماقۇل، بىراق ئالىيلىرى، ناۋادا تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشايمەن دېسىلە، ئۇ چاغدا سىلىگە يەنە بەزىبىر

ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلەيمەن.

— مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟

— تولۇق بىر يىل، بىر ئاي، بىر كۈن مەن پادىشاھ بولىمەن. ئۆزلىرى بولسا بۇ مەزگىلدە تۈگمەنچى بولىلا. بۇ ۋاقىت ئىچىدە مېنىڭ قىزلىرىم ھەقىقىي خانىشلاردىن بولىدۇ، ئالىيلىرى بولسا، جازا سۈپىتىدە قۇرۇق قول بىلەن ھەم خوتۇنسىز، ھەم قىز مېلىسىز قالىلا.

پادىشاھ ئەمدى قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئامال بولمىغانلىقتىن ئىتائەت قىلىشقا توغرا كەپتۇ.

پادىشاھ تاجۇ تەختىنى تۈگمەنچىگە تاپشۇرۇپتۇ، ئۆزى بولسا تۈگمەنچىنىڭ كىيىمىنى كىيىپتۇ ـ دە، تۈگمەنگە قاراپ كېتىپتۇ.

كىشىلەر بولسا پادىشاھنىڭ تۈگمىنىدە ئۇن تارتىشتىن قورقۇپتۇ!

ئۇ تاڭ سەھەردە ئورنىدىن ـ بىكاردىن ـ بىكارغىلا تۇرۇپ قۇلۇلە قېپىنى قولىغا ئېلىپ چاپتۇ ۋە چاقىرىشقا باشلاپتۇ:

دۇت ـ دۇت ـ دۇت...
ئۇن تارتىدىغانلار،
كېلىڭلار ئۇن تارتىشقا.
كۈن چىقتى پارقىراپ،
چاقىرىپ ئىشقا.
ھۇت ـ ھۇت ـ ھۇت...
كىم بىرىنچى بولۇپ كەلسە،
شۇ ئالىدۇ سۆيۈنچە.
دۇت ـ دۇت ـ دۇت!

تۇگمەن چاقپەلىكى سۇدا ھەرىكەت قىلماي قېتىپ قاپتۇ، تۇگمەن ئىچىدە قۇرتلار مىغىلداپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بولسا بوسۇغىدا قول سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەتىدىن كەچكىچە بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ئەسنەپتۇ، ئۇنى تارتقۇچىلار بولسا يەنىلا كەلمەپتۇ. ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن پاقا، بىلەن قىسقۇچپاقىلارنى تۇتۇپ يېيىشكە توغرا كەپتۇ.

تۇگمەننىڭ يېنىدىن بىرەركىم ئۆتۈپ قالغۇدەك بولسا پادىشاھ ئۇنىڭدىن سورايدىكەن.

— كۆم توغرىسىدا بىرەر يېڭىلىقنى دەپ بېرەلەمسىز؟

— ھەئە، روتا ئەرگە تېگىدۇ! — دەپتۇ بىرەيلەن ئۇنىڭغا.

— كۆماغا نېمىدېگەن ياخشى بولغان - ھە! — دەپ خۇشال بوپتۇ پادىشاھ.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ تۇگمەنچىلىككە بەلگىلەنگىنىگە ئالتە ئاي بولغانىكەن.

پادىشاھ تۇگمەننىڭ بوسۇغىسىدا قوللىرىنى سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ، زېرىكىشتىن ئەسنەپتۇ. كۈتۈپتۇ - كۈتۈپتۇ، ئۇنى تارتىشقا بولسا ھېچكىم كەلمەپتۇ. ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، يەنىلا پاقا بىلەن قىسقۇچپاقىلارنى تۇتۇپ يەۋېرىپتۇ. بىچارە ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قاپتۇ. يەنە ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدىن بىرى ئۆتۈپتۇ، پادىشاھ بولسا ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— كۆما ھەققىدە يېڭىلىق بارمۇ؟

— بار، تراموجيا پورتۇگالىيە پادىشاھىغا تېگىپ

كېتىپتۇ.

— خۇداغا شۈكۈر! — دەپ خۇشال بوپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھ يەنە كۈتۈپتۇ. بەلگىلەنگەن مۆھلەتكە بىر نەچچە كۈنلا قالغان چاغدا، شاھلىق تونىنى كىيگەن تۈگمەنچى ئۆزىنىڭ مۇلازىملىرى بىلەن ئوردا ئەھلىنىڭ ھەمراھلىقىدا تۈگمەندىكى پادىشاھنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپتۇ تۈگمەنچى پادىشاھقا، — تۈگمەن چاقلىرى توختاپ قاپتۇ، تۈگمەن تېشىنى بولسا قۇرت بېسىپ كېتىپتۇ، ھەممىسىنى رېمونت قىلىپ ياساش كېرەك. بولمىسا سىناق ۋاقتى قايتىدىن بەلگىلىنىدۇ.

مۆھلەتنىڭ ئاخىرقى كۈنىدە، تۈگمەنچى پۈتكۈل ئوردا ئەھلى بىلەن ۋەزىرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا تۈگمەنگە كەپتۇ، لېكىن بىچارە پادىشاھ بولسا پۈتۈن بىر يىل، بىر ئاي، بىر كۈن قىسقۇچپاقا بىلەن پاقىلارنى يەپ، ئاخىرقى تىنىقىنى تىنىپ يېتىپتۇ.

— ئۆزۈم تاپقان بالا! — دەپتۇ تۈگمەنچىگە كۆزلىرى ئالايغان پادىشاھ، — خوش، سەن ھازىر قانداق پادىشاھ بولغان بولساڭ، شۇ پادىشاھلىقىڭدا قېلىۋەرگىن!

# ئەقىللىق تىككۈچى

## (نېمىس خەلق چۆچىكى)

بىر زامانلاردا بىر مەلىكە ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ بەكمۇ تەكەببۇر ئىكەن! ئۇ ئۆزىگە لايىق بولۇپ كەلگەن يىگىتلەرگە تېپىشماق ئېيتىپ بېرىدىكەن، ئەگەر ئۇلار تېپىشماقنى تاپالماي قالسا، ئۇ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ كۇلۇپ ھەيدەپ چىقىرىۋېتىدىكەن. ئاخىر ئۇ، كىم ئۇنىڭ تېپىشمىقىنى تاپالىسا، ئۇ ئادەمنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇنىڭغا تېگىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. مانا ئاخىر ئۈچ تىككۈچى دوغا چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىككىسى چوڭراق، ماھارىتى ئۇستۇنرەك بولۇپ، ئېشىنىڭ كۆزىنى بىلىدىكەن، خاتالىشىشنى بىلمەيدىكەن. ئۈچىنچىسى بولسا كۆرۈمسىز، تولىمۇ بوشاڭ بولۇپ، ئۆز كەسپىدىمۇ نائۇستا ئىكەن. بىراق ئۇ مۇشۇ ئىشتا بەختىم چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، بولمىسا مەن بەختنى نەدىن ئىزدەپ تاپاتتىم دەپ ئويلاپتۇ. شۇ چاغدا چوڭراق ئىككىسى ئۇنىڭغا:

— سەن ئۆيدە قېپقالساڭ ياخشىراق بولارمىكىن، بولمىسا بۇ ئەپتىڭ بىلەن نېمىمۇ قىلالايسەن؟ — دەپتۇ.

بىراق، كىچىك تىككۈچى ئۆز نىيىتىدىن يانماپتۇ ۋە بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا بېشى بىلەن كاپالەتلىك

قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گويا پۈتكۈل دۇنيا ئۆزىگە تەۋەدەك باتۇرانە قىياپەت بىلەن يولغا چىقىپتۇ.

ئۇچەيلەن مەلىكىنىڭ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ ھەم مەلىكىدىن ئۆزلىرىگە تېپىشماق ئېيتىپ بېرىشىنى، ئۆزلىرىنىڭ زېھنىلىكىك، تەجرىبىلىك ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، ئەقىللىرىنىڭ بولسا يىگىتنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈزگۈدەك دەرىجىدە ئىنچىكە ئىكەنلىكىنى بايان قىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكە ئۇلاردىن:

— مېنىڭ بېشىمدا ئىككى خىل رەڭلىك چاچ بار، ئۇلار قايسى رەڭدە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بارۇ يوق تېپىشماق مۇشۇلا بولسا، — دەپتۇ بىرىنچى تىككۈچى، — ئۇنداقتا مانا ئۇنىڭ جاۋابى: بىرى قارا، بىرى ئاق، خۇددى قار سەپكىلىك موۋۇتتەك.

— تاپالمىدىڭ، ئەمدى يەنە بىرەيلەن جاۋاب بەرسۇن، — دەپتۇ مەلىكە.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى تىككۈچى جاۋاب بېرىپتۇ:

— قارىمۇ، ئاقمۇ بولمىسا، ئۇنداقتا قوڭۇر ۋە سېرىق، دەل مېنىڭ دادامنىڭ تونىدەك.

— سەنمۇ تاپالمىدىڭ، — دەپتۇ مەلىكە، — ئەمدى كىچىكى جاۋاب بەرسۇن، بەلكىم، ئۇ تېپىۋالار.

شۇنىڭ بىلەن كىچىك تىككۈچى مەردانە ھالدا جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەلىكىنىڭ بېشىدىكى بىرى كۈمۈش رەڭلىك چاچ، يەنە بىرى ئالتۇن رەڭلىك چاچ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

مەلىكە بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قورقۇنچىدىن رەڭگىرويى ئاقىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ توغرا جاۋاب بەرگىنىدىن خۇدىنى يوقىتىپ يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس ـ تاماس قاپتۇ. ئۇ بۇ تېپىشماقنى دۇنيادا ھېچكىم تاپالمايدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنەتتىكەن. ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن:

— مېنىڭ ساڭا تېگىشىم ئۇچۇن بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشىڭ ئازلىق قىلىدۇ. سەن يەنە باشقا تېپىشماق تېپىشىڭ كېرەك. مېنىڭ سارىيىمدا بىر ئېيىق بار، سەن ئۇنىڭ بىلەن بىر كېچە بىللە تۇرغىن. مەن ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرغاندا، سېنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىڭنى كۆرسەم، ئاندىن ساڭا تېگىمەن، — دەپتۇ.

ئۇ مۇشۇ چارە بىلەن تىككۇچىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپتۇ، چۈنكى ئېيىقنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن ھەرقانداق نەرسە ھايات قالمايدىكەن. لېكىن تىككۇچى بۇنىڭدىن قورقماپتۇ، بەلكى دەرھال ماقۇل بولۇپ:

— بىر ئىشقا جۇرئەت قىلغانلىق — ئىشنىڭ يېرىمى پۈتتى، دېگەنلىكتۇر، — دەپتۇ.

كەچ كىرىشى بىلەنلا تىككۇچىنى ئېيىقنىڭ يېنىغا ئەكىرىپ قويۇپتۇ. ئېيىق بۇ كىچىككىنە ئادەمگە ئېتىلىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ كېلىشكەن ئالىقانلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بوپتۇ.

— ھوي، ئاستاراق، ئاستا، — دەپتۇ تىككۇچى، — مەن سېنىڭ بىلەن ئەپلىشىپ قالىمەن، — ئاندىن يانچۇقىدىن گرېك ياڭىقىنى ئېلىپ چىشى بىلەن چېقىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ئېيىق بۇنى كۆرگەندىن كېيىن،

بۇ ياڭاقلارنى تېتىپ باققۇسى كېلىپ قاپتۇ. تىككۇچى يانچۇقىدىن بىر ئوچۇم نەرسىنى ئېلىپ ئېيىققا بېرىپتۇ. بىراق بۇ ياڭاق ئەمەس، تاش ئىكەن. ئېيىق ئۇلارنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، ئاغزىغا سېلىپ چىشى بىلەن چېقىشقا باشلاپتۇ، ئۇ مۇنداق چايناپ، ئۇنداق غاجىلاپ ھېچبىر چاقالماپتۇ، مەن مۇشۇنداق ياڭاقنىمۇ چاقالمايدىغان دۆت بولۇپ قالدىممۇ نېمە، دەپ ئويلىغان ئېيىق تىككۇچىگە:

— سەن بۇ ياڭاقلارنى ماڭا چېقىپ بەرگىنە، — دەپتۇ.

— ھوي، قانداق نېمىسەن، — دەپتۇ تىككۇچى، — ئاغزىڭ شۇنداق يوغان تۇرۇقلۇق كىچىككىنە بىر ياڭاقنىمۇ چاقالمايدىغان.

ئۇ تاشنى ئاپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئورنىدا دەرھال ياڭاقنى ئاغزىغا ساپتۇ ـ دە، قارس! قىلىپ چېقىپ تاشلاپتۇ.

— يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ ئېيىق، — ئىشىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزۈم قىلىپ بېرىمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن تىككۇچى ئۇنىڭغا يەنە تاشلارنى بېرىپتۇ. ئېيىق ئۇلارنى جان ـ جەھلى بىلەن غاجىلاشقا باشلاپتۇ. شۇ پەيتتە تىككۇچى پولىنىڭ ئاستىدىن ئىسكىرىپكىنى تارتىپ چىقىپتۇ ـ دە، چېلىشقا باشلاپتۇ. ئېيىق مۇزىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ خېلى ئويناپتۇ، بۇ ئۇنىڭغا شۇنداق يېقىپ كېتىپتۇكى، ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا تىككۇچىدىن:

— ئىسكىرىپكا چېلىش قىيىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئىنتايىن ئاسان، ماڭا قارا، بۇ يەرنى سول قولۇم بىلەن مۇنداق تۇتىمەن، ئوڭ قولۇم بىلەن كامانچىنى مۇنداق تارتىمەن، شۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق ساز بولۇپ چىقىۋېرىدۇ: تىرىڭ - تىرىڭ، تىرا - لەلە!
— هە، ئىسكىرىپكىنى مۇنداق چالىدىكەن - دە، — دەپتۇ ئېيىق، — هەۋىسىم قوزغىلىپ قالغان چاغلاردا مېنىڭمۇ ئۇسسۇل ئوينىغۇم كېلىپ قالىدۇ. سەن ماڭا چېلىشنى ئۆگىتىپ قويغىن! ماقۇلمۇ؟
— باش ئۇستىگە، ناۋادا سېنىڭ مۇشۇنداق قابىلىيىتىڭ بولسا، قېنى سەن ماڭا ئالىقانلىرىڭنى كۆرسەتكىنە. هوي، سېنىڭ بارماقلىرىڭ هەددىدىن ئارتۇق توم ئىكەن، تىرناقلىرىڭنى ئېلىۋېتىش كېرەك ئىكەن.
شۇنىڭ بىلەن تىككۇچى ئىسكەنجىنى ئېلىپ كەپتۇ، ئېيىق بولسا ئۇنىڭغا پەنجىلىرىنى تىقىپتۇ، تىككۇچى شۇ زامانلا ئىسكەنجىنى چىڭ قىلىپ بۇراپ باغلىۋېتىپتۇ، ئاندىن:
— ئەمدى سەن مەن قايچىنى ئېلىپ كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرغىن، — دەپتۇ - دە، ئۆزى بىر بۇلۇڭدىكى سامانلىقنىڭ ئۇستىدە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئېيىق كېچىچە هۆركىرەپ چىقىپتۇ. مەلىكە ئېيىقنىڭ هۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇ تىككۇچىنى جايلىۋېتىپ خۇشاللىقىدىن هۆركىرەۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئەتىگەنلىكى ئورنىدىن غەمسىز ۋە مەمنۇن هالدا تۇرۇپتۇ. ئۇ كېلىپ ئېيىقنىڭ ئۆيىگە قاراپلا هەيران قاپتۇ. تىككۇچى ساق - سالامەت هالدا ئېيىق بىلەن بىللە

سۇدىكى بىلىقتەك ئەركىن تۇرار ئىمىش. ئەمدى بۇنىڭغا نىمە دىگۈلۈك؟ ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا ۋەدە بەرگەن تۇرسا. شۇنىڭ بىلەن خان مەلىكە بىلەن تىككۇچىنىڭ چىركاۋغا بىرىپ نىكاھ ئوقۇتۇپ كىلىشى ئۇچۇن پەيتۇن بەلگىلەشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار پەيتۇنغا ئولتۇرۇشى بىلەنلا، ھىلىقى ئىككى تىككۇچى دوستىنىڭ بەختىگە خىرىس قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ نىيىتى بۇزۇق بولغانلىقتىن، ئۇلار سارايغا كىرىپ ئىيىقنى ئىسكەنجىدىن بوشىتىۋىتىپتۇ. ئىيىق دەرغەزەپ بىلەن پەيتۇننىڭ ئىزىدىن قوغلاپتۇ. مەلىكە ئىيىقنىڭ پۇشۇلدىشى ۋە ھۆركىرىشىنى ئاڭلاپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ-تۇ - دە، ۋارقىرىۋىتىپتۇ:

— ئاپلا، ئىيىق ئارقىمىزدىن قوغلاپ كىلىۋاتىدۇ، ئۇ سىنى تارتىپ چۈشۈرمەكچى!

تىككۇچى شۇئانلا قانداق قىلىش كىرەكلىكىنى پەملەپتۇ. ئۇ بىشىچە تىك تۇرۇپ ئىككى پۇتىنى پەيتۇننىڭ دىرىزىسىدىن سىرتقا چىقىرىپ ۋارقىراپتۇ:

— ئىسكەنجىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئەگەر سەن ياخشىلىقچە كىتىۋالمىساڭ، ئۇنىڭغا يەنە چۈشۈپ قالىسەن!

ئىيىق بۇنى كۆرگەندىن كىيىن دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بەدەر قىچىپتۇ. تىككۇچى بولسا خاتىرجەم ھالدا چىركاۋغا بىرىپ مەلىكىنى ئەمرىگە ئاپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن خۇددى دالا تورغايلىرىدەك بەختلىك ياشاپتۇ.

# ئەر بىلەن خوتۇن

## (نورۋېگىيە خەلق چۆچىكى)

بىر دېھقان بولغانىكەن. ئۇ ھە دېسىلا چالۋاقاپ، خاپا بولۇپلا يۈرىدىكەن.

بىر قېتىم كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ چۆپ ئورۇشتىن قايتىپ كېلىش بىلەنلا خوتۇنىغا ۋارقىراپ ئاغزىغا كەلگىنىنى يۇتماي تىللاشقا باشلاپتۇ.

ئاخىر ئۇ شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى، خوتۇنىنىڭ ھېچبىر چىدىغۇچىلىكى قالماپتۇ. ئۇ ئېرىگە:

— ھەمىشەم نارازى بولۇپلا يۈرىسەن! خۇددى كەچ قالغان بازارچىدەك چالۋاقايسەن، گۇركىرەيسەن ۋە تىللايسەن. قوشۇلساڭ، ئىشىمىزنى ئالماشتۇرساق دەيمەن: مەن چۆپ ئورۇشقا باراي، سەن ئۆيدە قېلىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلغىن! — دەپتۇ.

— ماقۇل، كۆڭلۇمدىكىنى تاپتىڭ! ئەمىسە شۇنداق قىلايلى! — دەپتۇ ئەر.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردىلا خوتۇن چالغىچىلار بىلەن بىللە ئوتلاققا چۆپ چاپقىلى كېتىپتۇ، ئەر بولسا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش ئۈچۈن ئۆيدە قاپتۇ.

— سەن ماڭا تاماقىنى ئاپىرىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالما! — دەپتۇ خوتۇنى كېتىش ئالدىدا.

— بولىدۇ، — دەپتۇ ئېرى ئىشقا كىرىشىۋېتىپ.
ئۇ ئىشنى سارماينى چىقىرىشتىن باشلاپتۇ. بىر ئاز ئىشلىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ پۇۋا ئىچكۈسى كېلىپ قاپ-تۇ - دە، كوزىنى ئېلىپ گەمىگە كىرىپتۇ.
ئۇ تۇڭنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ - دە، كوزىنى تۇڭدىن ئېقىپ چۇشۇۋاتقان پىۋىغا قويۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا چوشقا كۈچۈكىنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەتكەنلىك تىۋىشىنى ئاڭلاپ قاپتۇ.
دېھقان چوشقا كۈچۈكى سارماينى يەپ قويمىسۇن دەپ گەمىدىن ئۆيگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.
دېھقان ئۆيگە كىرگەن چاغدا سارماي قاچىلانغان كوزا دۈم كۆمتۈرۈلگەن، چوشقا كۈچۈكى سارماينىڭ سارقىندىلىرىنىمۇ قويماي بەخىرامان هالدا يەۋاتقانىكەن.
دەرغەزەپكە كەلگەن دېھقان پىۋا بىلەن تۇڭنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، چوشقا كۈچۈكىگە ئېتىلىپتۇ. چوشقا كۈچۈكى بەدەر قېچىپتۇ. دېھقان بوسۇغىدا چوشقا كۈچۈكىگە يېتىشىۋېلىپ، ئۆتۈكى بىلەن بىر تەپكەنىكەن، چوشقا كۈچۈكى موللاق ئېتىپ يىقىلىپ هوشىدىن كېتىپتۇ.
مانا شۇ چاغدىلا دېھقان تۇڭنىڭ ئاغزىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ تۇڭنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قويۇش ئۈچۈن ئارقىسىغا يېتىپ گەمىگە چېپىپتۇ، لېكىن كىرىپ قارىسا، تۇڭدىكى پىۋىنىڭ هەممىسى ئېقىپ كېتىپتۇ.
ئۇ قازناق ئۆيدىن بىرنەچچە قاچا قايماقنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلار بىلەن كوزىنى تولدۇرۇپتۇ - دە، يېڭىۋاشتىن سارماي چىقىرىشقا باشلاپتۇ.

توساتتىنلا ئۇ كالىنىڭ قاتتىق مۆرىگەنلىكىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. كۆن خېلى بىر يەرگە بارغان بولسىمۇ، كالىنىڭ تېخىچە ھېچنېمە يېمەي ئېغىلدا تۇرغانلىقى ئېسىگە كەلگەن دېھقان ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. كالىنى دالاغا ھەيدەي دېسە كېچىكىپ قالغان، ھەيدىمەي دېسە يەنە بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كالىنى يېڭى، يۇمران چىم بىلەن قاپلانغان ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە ئوتلاتماقچى بوپتۇ.

ئۆينىڭ يېنىدا بىر كىچىككىنە دۆڭلۈك بولۇپ، دېھقان مۇشۇ دۆڭدىن ئۆگزىگە ئىككى تال ياغاچ قويۇپ-تۇ ـ دە، شۇ ئارقىلىق كالىنى ئۆگزىگە چىقىرىپتۇ.

«ئەمدىغۇ ھوشۇمنى تاپتىم! — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — كوزىنى ئۆيدە قويماي، بولمىسا ئوغلۇم ئۆمىلەپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ، ئۇنى ئۆرۈۋېتىدۇ.»

شۇنىڭ بىلەن دېھقان كوزىنى دۈمبىسىگە چىڭ باغلىۋېلىپ، كالىنى سۇغىرىش ئۈچۈن چېلەكنى ئېلىپ قۇدۇققا كەپتۇ.

ئۇ قۇدۇقتىكى سۇغا ئەمدىلا ئېڭىشىشىگە كوزىدىكى قايماق ئۇنىڭ بېشىدىن قۇيۇلۇپ ئاققان پېتى توپتوغرا قۇدۇققا تۆكۈلۈپتۇ!

ئەمدى نېمە قىلغۇلۇق؟ ئۇ كالىنىمۇ، خوتۇنىنىمۇ تىللىغىلى ۋە قارغىغىلى تۇرۇپتۇ. ئاللىقاچان چۈش بولۇپ قاپتۇ. ئۆزىمۇ، خوتۇنىمۇ چۈشلۈك تاماققا لازىملىق مايدىن قۇرۇق قاپتۇ.

«سۇلۇ شويلىسى قىلمايمەنمۇ!» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ ھەم قازاننى ئېسىپ ئوت قالاپتۇ.

بىراق، مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ كاللىسىغا كالا ئۆگزىدىن

يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتلىرىنى سۇندۇرۇۋالمىسۇن، دېگەن خىيال كېلىپ قاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆگزىگە چىقىپ، ئارقاننىڭ بىر ئۇچى بىلەن كالىنىڭ بوينىدىن باغلاپتۇ ـ دە، يەنە بىر ئۇچىنى مورىدىن ئۆيگە كىرگۈزۈپتۇ. ئاندىن ئۆزى ئۆيگە كىرىپ ئارقاننىڭ بۇ ئۇچىنى بېلىگە مەھكەم قىلىپ باغلىۋاپتۇ.

مۇشۇ چاغدا قازان قايناپ سۇلۇ يارمىسىنى سالىدىغان ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ.

تۇيۇقسىزلا ئۆگزىدىن گۈپ قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ: بۇ كالىنىڭ يىقىلغان ھەم مورا ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى سۆرىگەن ئاۋاز ئىكەن.

كالا ئۆگزىدىن يىقىلىپ ھاۋادا ئېسىلىپ قاپتۇ، دېھقان بولسا مورىغا كەپلىشىپ قازان ئۈستىگە ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ. ھەر ئىككىسىلا بىر ـ بىرىنى قۇتقۇزالماپتۇ.

ئۇلارنىڭ بەختىگە يارىشا، دېھقاننىڭ خوتۇنى چۆپ ئورۇشتىن قايتىپ كېلىپ قاپتۇ. ئۇ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنلىكتىن، ئېرىنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى كۈتمەي، ئۆيىگە كېلىپ ئۆزى تاماق ئەتمەكچى بولغانىكەن.

ئۇ ئۆيگە كىرىپلا بېشىغا بىرنى ئۇرۇپتۇ. كالا ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدا ئېسىقلىق تۇرغۇدەك، ئېرى بولسا مورىغا كەپلىشىپ جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىراۋاتقۇدەك.

ئۇ ئېرى بىلەن كالا ئېسىقلىق تۇرغان ئارقاننى كەسكەن چاغدا تازا مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپتۇ!

كالا يىقىلىپ چۈشۈپتىيۇ، لېكىن بىرئاز ئاقساقلاپ مېڭىپ كېتىپتۇ. خوجايىن بولسا ھەممە يېرى قارا كۈيە

بولۇپ موردىن يەرگە چۈشۈپتۇ.

ھېلىمۇ ياخشى، ھەممىسى تىرىك قاپتۇ. لېكىن ئەر شۇنىڭدىن تارتىپ باشقىلارنىڭ ئىشىغا تۇمشۇق تىققان ئادەمنىڭ زىيان تارتماي قالمايدىغانلىقىنى ئېسىدىن زادى چىقارمايدىغان بوپتۇ.

# پادىچى پادىشاھ

## (پولشا خەلق چۆچىكى)

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، بىر زامانلاردا بۇراچۇك ئىسىملىك دېھقان بولغانىكەن. ئۇ كۈچلۈكلەردىن ئاجىز ئىكەن، ئەقىل جەھەتتىن قۇۋ ئەمەس، لېكىن ئادىل ئىكەن. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ دېھقانلارنىڭ دېھقىنى، ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئاددىيسى، شۇنداق بىر ئادەم ئىكەن. بىرلىرى ئۇنىڭدىن رەنجىسە، بىرلىرى گىدىيىپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدىكەن. بۇ دېھقان بۇراچۇكقا يولۇقمىغان ياخشى دەيدىكەن. ئۇ پۇختا ئويلايدىكەنۇ، يەنە ئۆز ئىشىنى ئۆزى بۇزۇپ كۈلكىگە قالىدىكەن. ئۇ مانا شۇنداق بىر ئادەم ئىكەن.

بىر بايرام كۈنىدە دېھقان بۇراچۇك قەھۋەخانىدا ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپتۇ. ئۆزىنىڭ بىردىنبىر قىزىنىڭ شاھزادىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى، شاھزادىنىڭمۇ ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلاشقا ھازىرچە ئۇنىڭ چولىسى تەگمەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئوغلىنىڭ ئاددىي خەلقنىڭ، يەنە كېلىپ دېھقاننىڭ قىزىغا ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىغا تولىمۇ غەزىپى كەپتۇ!

— بۇنىڭغا يول قويغىلى بولمايدۇ! — دەپتۇ ئۇ، —

ئۇنىڭ ئىشى كالا سېغىش، رەخت توقۇش، تاماق ئېتىش، ھەرگىز شاھ ئوردىسىدا شاھانە يىپەك كىيىملەرنى شىلدىرلىتىپ كىيىش، ھۆسن - جامالىنى كۆز - كۆز قىلىش، زاللاردا نېرى - بېرى نازلىنىپ مېڭىش ئەمەس!

دېھقاننىڭ قىزى بولسا كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ:

— دادا، ياردەم قىل! — دەپتۇ.

شاھزادە بولسا ئۇنىڭدىن نېرى كېتەلمەي ئىلتىجا قىپتۇ:

— ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن، — دەپتۇ، — شاھ ئاتام بۇ تويغا ماقۇل بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى زىندانغا سولاپ قويىمەن، دەپ قورقۇتۇۋاتىدۇ.

خەلق ئىچىدە غۇلغۇلا بوپتۇ. ئاشىق - مەشۇقلارنى قوشۇپ قويۇشقا دېھقان بۇراچۇكنىڭ چامى يېتەمتى، دېيىشىپتۇ.

لېكىن دېھقان بۇراچۇك كېسىپلا:

— ئەگەر مەن قىزىمنى شاھزادىگە بېرەلمىسەم، مەن بولماي كېتەي، چۈنكى مۇھەببەتكە قارشىلىق قىلىش ئەمەس، بەلكى ياردەم بېرىش كېرەك. قېنى دوستلار، قەدەھكە هاراق قۇيۇڭلار، كۆيۈ بىلەن كېلىنچەكنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچەيلى. پادىشاھ مەندەك دېھقان بۇراچۇك بىلەن قانداقمۇ دە - تالاش قىلالىسۇن. مەن كىمنى خالىسام، شۇنى يېڭىمەن! خالايىق، دېھقان بۇراچۇكنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دەپتۇ.

بۇنى خالايىق ئاڭلاپ قالماستىن، بەلكى پادىشاھنىڭ ئۆزىمۇ ئاڭلاپتۇ. دەل شۇ پەيتتە ئۇ قاۋاقخانىنىڭ يېنىدىن

ئاتلىق ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، دېرىزىنىڭ تۈۋىدە توختىغانىكەن. ئۇ دېھقان بۇراچۇكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ھامان ئاچچىقىدىن تىترەپ كېتىپتۇ ـ دە، ئېتىغا كېلىشتۇرۇپ بىر قامچا سېلىپ چاپقىنىچە ئۇدۇل ياۋۇز قېرى جادۇگەرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

جادۇگەر بولسا سازلىقنىڭ يېنىدىكى لۆم ـ لۆم يەردە، كىچىككىنە ۋەيرانە ئۆيدە تۇرىدىكەن. ئۇ پادىشاھنى قارشى ئاپتۇ ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپتۇ، ئاندىن ئۆيىگە كىرىپتۇ ـ دە، ئۇ يەردىن تاتلىق ئىچىملىكنى ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇ ئىچىملىكنى پادىشاھقا سۇنۇپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— دېھقان بۇ ئىچىملىكنى ئىچكەن ھامان سىز نېمىنى خالىسىڭىز شۇنىڭغا، مەسىلەن، يا يالماۋۇزغا، يا ئىتقا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئوغلىڭىز ئۇنىڭ قىزىغا ئۆيلەنمىگۈچە ئۇنىڭ ئادەملىك قىياپىتى ئەسلىگە كەلمەيدۇ!

پادىشاھ قېرى جادۇگەرگە ئالتۇننى تاشلاپ بېرىپ-تۇ ـ دە، ئىچىملىكنى قولىدا چىڭ تۇتقىنىچە ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ دېھقان بۇراچۇكنى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق بۇراچۇك بۇنىڭدىن خۇشال بوپتۇ. چۈنكى خاننىڭ ئۆزى تەكلىپ قىلغان ـ دە.

— ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، سەن ئىت نەسلىدىن تۇرساڭ، — دەپتۇ پادىشاھ غەزەپ بىلەن، — سەن تېخى مەن بىلەن، پادىشاھ بىلەن تۇغقان بولماقچىمۇ؟

دېھقان بۇراچۇك بولسا قىلچە تەمتىرىمەي جاۋاب

بېرىپتۇ:

— مەن تۇغقان بولماقچى ئەمەسمەن، باللار بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قاپتۇ!

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ، — مەن سېنىڭ قاۋاقخانىدا ئاتقان پويۇڭنى ئاڭلىدىم، سەن تېخى مېنى يەڭمەكچى ئەمەسمۇ. مەن سېنىڭ پادىشاھىڭدىن قورقمايمەن! ھەقىقەت ھامان غەلىبە قىلىدۇ، دېھقان بۇراچۇك ئۆزىنىڭ دېگىنىگە جەزمەن ئېرىشىدۇ! تۇرسام، مېنىڭ ساڭا يول قويۇشۇم مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى مەن نېمە دېسەم سەن شۇ بولىسەن. مە، بۇنى بىر تامچىسىنىمۇ قالدۇرماي ئىچكىن - دە، كەتكىن. شۇنىڭدىن كېيىن كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن ۋە بىلىسەن!

پادىشاھ ئالىقىنىغا ئۇرۇش بىلەن خىزمەتكارلار تاتلىق ئىچىملىكنى بۇراچۇكقا بېرىپتۇ. پادىشاھ بولسا ئۇنىڭغا كۆزىنى ئۆزمەي قاراپ تۇرۇپتۇ.

ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ ئۇ تىترەپ كېتىپتۇ ۋە پادىشاھنى راسا سالماقچى بوپتۇ. شۇنداقتىمۇ يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ ئىچىملىكنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— سېنىڭدەك پادىشاھتىنمۇ، بۇنداق ئىچىملىكتىنمۇ قورقمايمەن! ھەقىقەت ھامان غەلىبە قىلىدۇ، دېھقان بۇراچۇك ئۆزىنىڭ دېگىنىگە جەزمەن ئېرىشىدۇ!

ئۇ شۇنداق دەپتۇ - دە، ئىچىملىكنى بىراقلا ئىچىۋېتىپتۇ. ئۇ ئىچىپ بولۇش بىلەنلا، پادىشاھ ئۇنى سېھىرلەپتۇ:

— سەن بەتبەشىرە، ئاغزىدىن ئوت چاچىدىغان، يىرگىنچلىك يالماۋۇزغا ئايلانغىن. زەنجىر بىلەن باغلىنىپ قەلئەدە ياشىغىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوغلۇم شاھزادىنىڭ قىزىڭغا مەخپىي تۇردە ئۆيلىنىۋالماسلىقى ئۈچۈن، سەن

ئۇنىڭ ئۇستىدىن نازارەت قىلغىن، مەن بۇ تويىنىڭ بولۇشىنى خالىمىغۇچە، بۇ زادىلا مۇمكىن ئەمەس! سەن ئەمدى دېھقان بۇراچۇكمۇ، ئادەممۇ بولالمايسەن!

ئۇ شۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇشى بىلەنلا، گويا كى ئۇچۇق ئاسماندا چاقماق چاققاندەك، دېھقان بۇراچۇك بەتبەشىرە يالماۋۇزغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ قاناتلىرىنى يايغىنىچە ئۇدۇل قەلئەگە ئۇچۇپ چۈشۈپ زەنجىرگە باغلىنىپ قاپ-تۇ ـ دە، شاھزادىنى نازارەت قىلىشقا باشلاپتۇ.

بۇ كېچە شاھزادە ئۇخلىماپتۇ. يۈرىكى سىلىپ ئاغرىپتۇ، كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلۈپتۇ. يالماۋۇز بولسا ئۆزىنىڭ باغلانغان يېرىدە تۇرۇپ قەلئەدىن چىققان ئۇچار قاناتنىمۇ نازارەت قىپتۇ. ئۇنىڭ يۇمۇلماس كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايدىكەن، قاپاقلىرىنىمۇ قىمىرلاتمايدىكەن.

دېھقان بۇراچۇكنىڭ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك قىزى بىلەن شاھزادىگە ئېچىنىشلىق ئاغرىپ تۇرسا، قانداقمۇ كۆزلىرىنى يۇمالىسۇن! قېرى جادۇگەر بىلەن پادىشاھ ئەپسۇننى قانچىلىك ئوقۇمىسۇن، دېھقان بۇراچۇك بۇرۇن قانداق جۇرئەتلىك، ئادىل بولغان بولسا، ھېلىمۇ شۇ پېتىچە قېلىۋېرىپتۇ. ئۇنى ھەرقانچە سېھىرلىمىسۇن، كۆرۈنۈشى يالماۋۇز، يۈرىكى بولسا بۇرۇنقى پېتىچە تۇرۇۋېرىپتۇ!

ئۇ زەنجىر بىلەن باغلاقلىق تۇرسىمۇ، يەنىلا ياشلارغا قانداق قىلىپ ياردەم بېرىشنى ئويلاپتۇ.

ئۇنىڭغا تۇتقۇن قىلىنغان شاھزادىنى يېيىشكە تاشلاپ بېرىپتۇ.

— ئادەم گۆشىنى يېگىن، — دېيىشىپتۇ، — بۇ ئۇنى نازارەت قىلغىنىڭدىن خوپ ياخشى ئەمەسمۇ!

ئۇ يېمەي يېتىۋېرىپتۇ، ئاچ قالسىمۇ ھېچنېمە يېمەپتۇ.

— ھەرقانچە قىلساڭلارمۇ بىكار، — دەپتۇ ئۇ، — ھەرگىز پادىشاھنىڭ دېگىنىچە بولمايدۇ، ئەكسىچە بۇ ئىش مېنىڭ دېگىنىمدەك بولۇپ، ئاخىر ۋۇجۇدقا چىقىدۇ!

شاھزادە ئۇنىڭغا قاراپتۇ، قاراڭغۇ چۆشكەندە ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھەي، قورقۇنچاق يالماۋۇز، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ مېنىلا كۆزىتىسەن، كېچە - كۈندۈز ھېچنېمە يېمەي ئۆزۈڭنى قىينايسەن.

— مەن قانداقمۇ تىرىك ئادەمنى يېيەلەيمەن! — دەپتۇ يالماۋۇز، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ دېھقان بۇراچۇك ئىكەنلىكىنى، قانداقتۇر بىر جادۇگەرنىڭ جۇدۇ قىلىپ ئۆزىنى مۇشۇنداق قىلىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ، — مېنى ئادەم يەيدىغان ئادەمخور قىلماقچىكەن، تېخى؟ سەن ئويلاپ باق، مەن سەيلىكتىكى يېڭى كۆكتاتلارنى، باغدىكى ئوخشىغان ئالمىلارنى ياخشى كۆرىدىغان تۇرسام، ئەمدى كېلىپ مېنى شاھزادىنى تىرىك يالماپ يۇتۇشقا مەجبۇر قىلسا بولاتتىمۇ! سەن ئامرىقىڭغا دېگەن بولساڭ، ماڭا قىزىلچا ئەكېلىپ بەرگەن بولسا!

— سەن مېنىڭ سۆيۈملۈك ئامرىقىمنى يەپ قويماي-دىغانسەن؟ — دەپ سوراپتۇ شاھزادە، — يېمەيمەن دەپ ۋەدە بەرگىن؟

— نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن! — دەپ قاتتىق ۋارقىراپ كېتىپتۇ يالماۋۇز، — دادىسى ئۆزىنىڭ قىزىنى يەيدىغان ئىش نەدە بار؟ بۇنداق ئىش چۆچەكلەردىمۇ بولغان ئەمەس!

— جادۇگەرلىك بۇنىڭغا ئىمكان بەرمەيدىغان تۇرسا، سەن قانداقمۇ ئۇنى ئۆزۈڭنىڭ سۆيۈملۈك قىزى دېيەلەيسەن؟ — دەپتۇ شاھزادە.

ئەسلى شاھزادە يالماۋۇزنى سىناپ باققانىكەن.

مانا شۇنىڭ بىلەن دېھقان بۇراچۇكنىڭ قىزى ھەر كۈنى كېچىدە يالماۋۇزغا قىزىلچا ئەكىلىپ بېرىدىغان بوپتۇ. ئۇ قىزىلچىنى يېگەچ قىزىغا قاراپ كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈپتۇ.

نۇرغۇن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، شاھزادە بولسا يالماۋۇزنى كۆرۈۋېرىپ ئۇنىڭغا كۆنۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن يامانلىق كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ. بىر كۈنى يالماۋۇز ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەمدى گەپتىن ئەمەلىي ئىشقا ئۆتىدىغان پەيت كەلدى. سەن تۇمۇرنى ھەرىلەش ئۈچۈن قەلئەدىن بىر ھەرە تاپقىن. بۇنىڭ بىلەن مېنى بويۇنتۇرۇقتىن، ئېغىر زەنجىردىن بوشاتقىن. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن سېنىڭدىن بىر ئۆمۈر مىننەتدار بولىمەن.

ئاخىرقى مۆھلەت يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرى يالماۋۇزنىڭ ئادەم گۆشىنى رەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، دەرھال پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ:

— ئالىيلىرى، يالماۋۇز ئادەم گۆشى يېمەيدىكەن، بىرى ئۇنى چامغۇر، قىزىلچا بىلەن بېقىۋېتىپتۇ. شاھزادە بولسا ئۇنىڭغا شۇ دەرىجىدە كۆنۈپتۇكى، ئۇنىڭ قۇيرۇقىدا خۇددى بۆشۈكتە ياتقاندەك كۈن - كۈنلەپ ئۇخلايدىكەن.

پادىشاھ بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپتۇ - دە، ئەتىگەندە يالماۋۇزنى ئالدىغا ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

شۇ ۋاقىت ئىچىدە شاھزادە قەلئەدىن بىر ھەرىنى تېپىپ كېلىپ، كېچىدە يالماۋۇزنى ئېغىر زەنجىردىن ۋە بويۇنتۇرۇقتىن بوشىتىۋېتىپتۇ.

يالماۋۇز پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ئۇچۇپ كېلىپ، پادىشاھنى، خانىشنى ۋە ئۇلارنىڭ بىردىنبىر قىزى — شاھزادىنىڭ ھەدىسىنى ئۇخلىغان پېتىچە تۇتۇۋاپتۇ - دە، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ ۋە شامالدىنمۇ ئىتتىكرەك سۈرئەت بىلەن ئۇچقىنىچە ئورمانلار ۋە تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئاللىقانداق بىر مەملىكەتكە ئەكېلىپ قويۇپتۇ.

مانا مۆجىزىنى كۆرۈڭ! پادىشاھ ئۆزىنى خوتۇنى ۋە قىزى بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىدا ئەمەس، بەلكى يىراق، يات بىر ئەلدە كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ بۇ يەردە كېچىلىك كىيىمىدىن باشقا نە ھاكىمىيىتى، نە خىزمەتكارى ۋە نە پۇلى يوق، ئالتۇن بىلەن كۈمۈش بۇياقتا تۇرسۇن، بىر تال پۇچۇق مىس تەڭگىسىمۇ يوق ئىكەن!

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك، قانداق ياشاش كېرەك؟

خانىش تېرىكىپتۇ، قىزى داد - پەرياد كۆتۈرۈپتۇ، پادىشاھنىڭ ئۆزى بولسا يىغلاپتۇ! يالماۋۇز بولسا غايىب بوپتۇ.

پادىشاھ مەدىكار بازىرىغا يالللىنىپ ئىشلەشكە بېرىپتۇ. لېكىن ھېچكىم ئۇنى ئىشقا ئالماپتۇ. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك! ئۇنىڭدىن نېمە ئىش قىلالايسەن، دەپ سورىسا، ئۇ ھېچ ئىش قىلالمايمەن، دەپ قاراپ تۇرىدىكەن.

پادىشاھقا يېزىلىق باللار بىلەن بىللە پادا بېقىشقا توغرا كەپتۇ. ئۇ قويلارنى بېقىپتۇ، بىر كۈندىن كېيىن

بۇ بالىلارمۇ ئۇنىڭدىن يىراق قېچىپتۇ، ئۇ ئۆزى يالغۇزلا قاپتۇ. شۇڭا ئۇ ئاللىقانداق پۇل توغرىسىدا ئويلىماي، ئىش ھەققى ئۈچۈن ئۈچ پارچە نان بىلەن بىر قاچا سۈيۈقئاش ئېلىشنىلا ئويلاپتۇ!

بىر كۈنى پادىشاھ خانىشى ۋە قىزى بىلەن بىللە سۈيۈقئاش ئىچىپ ئولتۇرسا، ئۇلارنىڭ يېنىدىن شۇ يەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بۇ پادىشاھنىڭ قىزىنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ.

شاھزادىگە ئاتا - ئانىسى خان ۋە پادىشاھلارنىڭ قىزلىرىنى ئېلىپ بەرمەكچى بوپتۇ، لېكىن شاھزادە:

— بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كېرەك ئەمەس! پەقەت شۇ قىزنىلا ياخشى كۆرىمەن، دادىسى پادىچى بولسا يېزىسىدا سۈيۈقئېشىنى ئىچىپ ئولتۇرۇۋەرمەمدۇ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

پادىشاھ بولسا ئۇنى گەپكە كىرگۈزىمەن، دەپ تولا سۆزلەپ، ۋارقىراپ، ئاچچىقلىنىپ ھەتتا سەلتەنەت دەستىكى ۋە دۆلەت تەقدىرى بىلەن تەھدىت ساپتۇ. ئوغلى بولسا بۇلارنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويماپتۇ.

نېمە چارە بولسۇن؟ پادىشاھ ئوغلىنىڭ قاتتىقلىقىغا تەن بېرىپتۇ. ئۆزىنىڭ بىر ۋەزىرىنى پادىچى - پادىشاھنىڭ قىزىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. پادىچى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن شاھزادىگە قىزىمنى بېرىشكە قارشى ئەمەسمەن. بىراق، راستىنى ئېيتقاندا، بىز ئىنتايىن ئاچ قالدۇق، شۇ ۋەجىدىن سىلەردىن سوراپ باقاي: شاھزادەڭلار قانداقراق، بىرەر ھۈنەر - كەسپىنى بىلەمدۇ؟

ۋەزىر بۇ سۆزلەردىن ھەيران قېلىپ:
— سېنىڭ كاللاڭ جايىدىمۇ، بوۋاي؟ — دەپتۇ ئۇ، — شاھزادىگە ھۇنەر بىلىشنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پادىشاھلىق تەختىنى ئىگىلەش تۇرسا، سەن بولساڭ نەدىكى گەپنى چۇقچىلاپ يۈرسەنغۇ! — دەپتۇ.
— ھەي، قەدىرلىكىم! — دەپتۇ پادىچى - پادىشاھ، — پادىشاھلىق ھەققىدە ماڭا گەپ قىلما. شۇنى بىلىپ قالغىنكى، شاھزادەڭلار بىرەر ھۇنەر ئۆگەنمىگۈچە مەن قىزىمنى ئۇنىڭغا بەرمەيمەن.
ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى دوكلات قىپتۇ. ئوردا ئەھلى بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران بوپتۇ. بۇ قانداق گەپ! قېرى پادىچى بەختتىن قانداق لەززەتلىنىشنى ئۇقمايدىغاندەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ قانداقتۇر شەرتلەرنى قويۇپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان، تېخى! دېيىشىپتۇ.
ۋەزىر پادىچى - پادىشاھنىڭ ئالدىغا يەنە بىر قېتىم كەپتۇ. ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ گېپىنى دەپتۇ:
— شاھزادە ھۇنەر ئۆگەنمىگۈچە ئۇنىڭغا قىزىمنى بەرمەيمەن!
شاھزادىگە ھۇنەر ئۆگىنىشكە توغرا كەپتۇ. ئۇ پۈتكۈل شەھەرنى ئارىلاپ كۆرۈپتۇ، ئاخىر بىر تۆمۈرچىلىك دۇكىنىغا كىرىپتۇ - دە، تۆمۈرچىنىڭ بولقا ئوينىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شاھزادە ياش، قاۋۇل، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھەببەت ئۇنى رام قىلىۋالغاچقا، ئۇ ھەممىنى قىلىشقا تەييار ئىكەن. مانا ئۇ ئۆگىنىشكە كىرىشىپتۇ، گەرچە چالىراق بولسىمۇ تاقا سوقۇشنى ئۆگىنىۋاپتۇ.

پادىشاھنىڭ ۋەزىرى ئەڭ ياخشى سوقۇلغان تاقىنى تاللاپتۇ ـ دە، ئۇنى پادىچى ـ پادىشاھقا ئەكېلىپ بېرىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

ـــ مانا بۇ شاھزادىنىڭ ھۈنىرى! ـــ دەپتۇ.

پادىچى ـ پادىشاھ بولسا تاقىــــغا قاراپتۇ ـ دە، كۈلۈپتۇ:

ـــ ئەگەر بازاردا سېتىشقا توغرا كەلسە، بۇنــى نەچچىگە ساتقىلى بولار؟

ـــ پادىشاھ ئۇچۇن ھەقسىز، سېنىڭدىن بولسا بەش تىيىندىن كەم ئالمايدۇ!

ـــ ئىش دېگەن شۇ! ـــ دەپتۇ پادىچى ـ پادىشاھ، ـــ شاھزادە تېخى ياش، كۆنلەرنىڭ بىرىدە زۆرۈر بولۇپ قالسا قانچە دېسە، شۇنچىنىــــڭ ھۆددىســـــدىن چىقالايدۇ. خوش، ۋەزىر، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، شاھزادە ئادەم بولۇپ قاپتۇ. ئەمدى مەن رازىمەن! قېنى توينى قىلايلى.

ئۇلار ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پادىچى ـ پادىشاھ بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى پادىشاھقا ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ. ئۇ بولسا ئوغلىنىڭ ھەقىقىي پادىشاھنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. تويدىن كېيىنلا ياشلار ۋە پادىشاھ بىلەن خانىشنىڭ يول تەييارلىقلىرىنى قىلىپ بېرىپتۇ ھەم ئۇلارنى يالماۋۇز ئەكېلىپ قويغان، تاغ ۋە ئورمانلاردىن ھالقىپ ئۆتىدىغان يىراق سەپەرگە ئاتلاندۇرۇپتۇ.

بۇ يەرگە كېلىش بىلەنلا پادىشاھ ئۇدۇل قەلئەگە بېرىپتۇ. ئۇ شۇنداق قارىسا، مۇنارنىڭ تۈۋىدە ئاشىق ـ مەشۇقلار ـــ ئۆزىنىڭ جان ـ جىگەر ئوغلى بىلەن دېھقان

بۇراچۇكنىڭ قىزى پىچىرلىشىپ، بىر - بىرىگە تويماي قارىشىپ ئولتۇرارمىش، يالماۋۇز بولسا قىزىلچىنى خاتىرجەملىك بىلەن چايناپ ياتار ئىمىش.

پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەپتۇ، ياشلار بولسا ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇشۇپتۇ.

— ئاتا، ئاتا! — دەپتۇ شاھزادە، — بىز سىڭنى كۆتە - كۆتە تاقىتىمىز تاق بولۇپ كەتتى! شۇنداق قۇتلۇق كۈنلەردىمۇ سەن بىزگە يەنىلا رەھىم قىلمامسەن، دۇئا بەرمەمسەن؟

شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ خۇشاللىقىدىن يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ ئەزىز بالىلىرىم! بىر - بىرىڭلارنى سۆيۈڭلار. مەن بۇ دۇنيادا ياشاپ شۇنى چۈشەندىمكى، پادىشاھ بولۇشمىغۇ يامان ئەمەس، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە بولسا ھەربىر ئادەم ئۇچۇن ھۈنەر - كەسىپنى بىلىش تېخىمۇ زۆرۈردۇر. بىرەر بەختسىزلىك بولۇپ قالسا، ئوغلۇم، ساڭا دېھقان قىزى ياردەم بېرەلەيدۇ. ئۇ كالىمۇ ساغالايدۇ، تاماقمۇ ئېتەلەيدۇ، زۆرۈر بولۇپ قالسا ھۈنەرۋەنچىلىكتىمۇ ئۆزىنى نامايان قىلالايدۇ، چۈنكى ئۇ يىپ ئېگىرەلەيدۇ، كىيىمنى چىرايلىق تىكەلەيدۇ. مەن سىلەرگە دۇئا قىلاي! توي قىلىڭلار.

مۇشۇ سۆزنى دېيىش بىلەنلا ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چېقىلىپتۇ - دە، يالماۋۇز چايناۋاتقان قىزىلچىسىنى تاشلاپلا دەل شۇ دېھقان بۇراچۇكقا ئايلىنىپتۇ.

بۇ چاغدا تويمۇ بوپتۇ، ھېكايىمۇ تۈگەپتۇ.

# كەمبەغەلنىڭ دانىشمەن قىزى

## (رۇمىنىيە خەلق چۆچىكى)

قەدىمكى زاماندا بىر ئەر - خوتۇن ئۆتكەن بولۇپ، تولىمۇ كەمبەغەل ئىكەن، ھەتتا ئىچكۈدەك بىر قاچا سۇيىمۇ يوق ئىكەن. ئەر خوتۇنى بىلەن ئەتىدىن كەچكىچە تەرلەپ - پىشىپ ئىشلىسىمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدىكەن.

ئۇلار بەزىدە بۇ يەردە، بەزىدە ئۇ يەردە سەرسان بولۇپلا يۈرىدىكەن، بىرەر يەردىن باش تىققۇدەك پاناھ جاي تاپالمايدىكەن. شۇنچە كەمبەغەللىكنىڭ ئۈستىگە بىر تالاي باللىرى تۇرسا، ئۇلار نەگىمۇ سىغسۇن!

كەمبەغەل ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇنى ئورۇق، ئاچ - زارلىقتا ھالىدىن كەتكەن باللىرى يىغا - زار بىلەن قارشى ئېلىپ:

— تاماق يەيمەن! تاماق يەيمەن! — دېيىشىدىكەن.

ئاتا - ئانىنىڭ تاماق يېمەي يېتىپ قالىدىغان، باللىرىغا ئېچىنىپ يۈرەكلىرى ئېزىلىپ كېتىدىغان ۋاقىتلىرى پات - پاتلا بولۇپ تۇرىدىكەن. بۇنىڭغا نېمە چارە بولسۇن؟ پەقەت باللىرىغا ئەتە كۈنىمىز ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ۋەدە قىلىشتىن باشقا ئىلاجى بولمايدىكەن. باللىرىمۇ شۇ ئۈمىد بىلەن يۈرىدىكەن.

بىر كۈنى كەمبەغەل ئۆزى بۇرۇن ئىشلىگەن بەگكە بېرىپ، ئۇنىڭدىن گەمە كولاش ئۈچۈن بىر پارچە يەر بېرىشنى سوراپتۇ. بەگنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ:

— مەن سېنى بىلىمەن، سەن بىر ئەمگەكچان ئادەمسەن، ئەتىدىن كەچكىچە ئىشلەشتىن باشقىنى بىلمەيسەن. بولدى، مەن ساڭا بىر پارچە يەرنى تەقدىم قىلاي. ماڭ، دىتىڭغا ياققان يەرنى تالـلاپ گەمە قېزىۋال، — دەپتۇ.

— شەپقىتىڭىزگە رەھمەت! — دەپتۇ كەمبەغەل ۋە ئويلاپ تۇرمايلا بىر پارچە يەرنى تاللاپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا گەمە قىلىدىغان ئورنىمۇ قېزىلىپ بوپتۇ.

كەمبەغەلنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكۈچە بۇرنى تاشقا تېگىپتۇ! ئۇنىڭ تاللىغان يېرى بىر باي قوشنىسىنىڭ يېرىگە تۇتاش بولۇپ قاپتۇ. بۇ باي تولىمۇ تەكەببۇر ۋە كۆزى كىچىك باي ئىكەن.

كەمبەغەلنى شۇ كېچىسىلا نەس بېسىپتۇ. بايىنىڭ قويى كەمبەغەل قازغان ئورىغا چۈشۈپ كېتىپ ھارام بولۇپ قاپتۇ!

ئەتىگەنلىكى باي قويىنىڭ ھارام بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بارچە ۋارقىراپ - جارقىراپ بېرىپ كەمبەغەلنىڭ گېلىدىن ئاپتۇ - دە، ئۇنى بەگنىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئاپىرىپتۇ.

— ھۆرمەتلىك بېگىم، — دەپتۇ باي، — سىز بۇ مۇتتەھەمگە رەھىم قىلىپ بىر پارچە يەر بەرگەنىكەنسىز، بۇ قارغىش تەگكۈر مېنى بابلاش ئۈچۈن مېنىڭ يېرىمگە تۇتاش يەردىن تولىمۇ يوغان ئورا كولاپتۇ! ئۇنىڭغا مېنىڭ

قويۇم چۈشۈپ ھارام بولۇپ قاپتۇ. ئۆزىڭىز بىر سوراپ قويسىڭىز، ئەمدى ئۇ ماڭا قويىنى تۆلەپ بېرىشى كېرەكقۇ؟ ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە ئەمەس، ماڭىزە ئۇۋال ئەمەسمۇ؟

— ھەممەتلىك بېگىم، — دەپتۇ كەمبەغەل ئېگىلىپ تۇرۇپ، — نېمىمۇ دەي؟ مېنى ئۆلتۈرۈڭ، جازالاڭ! قوشنامنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى راست. بىراق مەن ئورنىنى گەمە ئۈچۈن قازغانىدىم. بىرەركىمگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈش خىيالىمغىمۇ كەلگەن ئەمەس، ماڭا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىسىڭىز! مەن قويىنى ئورىغا ئىتتىرىۋەتكىنىم يوق، قوي ئۆزى چۈشۈپ كەتكەن تۇرسا.

بەگ ئويلىنىپتۇ. كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى ئايرىيالماپتۇ. ئويلىنىپ - ئويلىنىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مۇنداق قىلساق دەيمەن: مەن ئىككىڭلارغا ئۈچ تېپىشماق ئېيتىپ بېرىمەن، كىم توغرا جاۋاب بەرسە، شۇنىڭ ھەق بولىدۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىپ جاۋابىنى بېرىڭلار. بىرىنچى تېپىشمىقىم، دۇنيادا ئەڭ سېمىز نەرسە نېمە؟ ئىككىنچى تېپىشمىقىم، دۇنيادا ئەڭ ئىتتىك نەرسە نېمە؟ ئۈچىنچى تېپىشمىقىم، دۇنيادا ئەڭ ياخشى نەرسە نېمە؟ مەن سىلەرگە ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمەن. ئەمما تېپىشماقنى تاپالمايدىغان بولساڭلار، ئۇ چاغدا بېشىڭلار پۇتۇڭلار تۇرغان جايدا بولىدۇ!

كەمبەغەل بىلەن باي ئۆيلىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. باي يول بويى ئۆز - ئۆزىچە ماختىنىپ، ئۇ بۇ تېپىشماقلارنى ھەرگىزمۇ تاپالمايدۇ! دۇنيادا قانداق نەرسە مېنىڭ چوشقامنىڭ سېمىزلىكىگە تەڭ كېلەلەيدۇ، ئۇنىڭ مېيى

بەش ئىلىك تۇرسا، دەپ ئويلاپتۇ. . . كەمبەغەل بولسا نېمىدەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، شۇنداق يىغلاپتۇكى، كۆز يېشى بىلەن زېمىننى غەرق قىلىۋەتكىلى تاس قاپتۇ.

ئۇلار ئىككىلىسى ئۆيلىرىگە قايتىپ كەپتۇ. باي بۇ ئىشتا ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ خۇشال بوپتۇ. كەمبەغەل بولسا ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كۆزى يەتمەي غەم - قايغۇغا چۆكۈپتۇ.

كەمبەغەلنىڭ بالىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. ئۆينىڭ ئىچىنى يىغا - زار شۇنداق قاپلاپتۇكى، يىغا - زاردىن ئۆي تىترەپ كېتىپتۇ.

كەمبەغەلنىڭ چوڭ قىزى تولىمۇ زېرەك ۋە چېچەن ئىكەن. ئۇ دادىسىدىن نېمە ئۈچۈن مۇنچە قايغۇرىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

— پالاكەتكە يولۇقتۇم، قىزىم، — دەپتۇ كەمبەغەل، — بەگ قانداقتۇر تېپىشماقلارنى تېپىشنى بۇيرۇدى، تېپىشقا كۆزۈم يەتمەي بېشىم قاتتى.

— قانداق تېپىشماقكىن، دەپ بېقىڭا، — دەپتۇ چوڭ قىزى، — بەلكىم ياردىمىمىز تېگىپ قالار.

— سىلەر ماڭا قانداقمۇ ياردەم قىلالايسىلەر؟ — دەپتۇ كەمبەغەل، — زىغىردەك ئەقلىڭلار بولسىمىغۇ كاشكى؟

— كىم بىلىدۇ، — دەپتۇ چوڭ قىزى، — بەلكىم، بىزمۇ بىرەر ئىشقا ياراپ قالارمىز.

شۇنىڭدىن كېيىن كەمبەغەل بولغان ۋەقەنى ۋە بەگنىڭ تېپىشماقلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

كەمبەغەلنىڭ چوڭ قىــزى بىــرئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

ــ غەم قىلماڭ، دادا! بىزگە ھېچقانداق ئىــش بولمايدۇ. سىز بەگنىــڭ ئالدىغا بارىدىغان چاغدا، مەن سىزگە بەزى نەرسىلەرنى دەپ بېرىمەن.

تاڭ ئېتىپ بەگنىڭ ئالدىغا بارىدىغان ۋاقىتمۇ بوپتۇ. قىز دادىسىنىڭ قۇلىقىــغا بېرىدىغان جاۋابنىــى پىچىرلاپتۇ.

كەمبەغەل بىلەن باي بەگنىڭ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ. باي مەغرۇر ھالدا گىدىيىپ تۇرۇپتۇ، كەمبەغەل بوينىنى قىسىپ تۇرۇپتۇ.

بەگ بايدىن سوراپتۇ:

ــ خوش، بۇرادەر، دۇنيادا ئەڭ سېمىــز نەرسە نېمىكەن؟

ــ نېمە بولاتتى، مېنىڭ چوشقام ئەڭ سېمىــز بولمامدۇ؟ ئۇنىڭ مېيى توپتوغرا بىر غېرىچ كېلىدۇ ـ دە! ــ دەپ دادىل جاۋاب بېرىپتۇ باي.

ــ بىــلجىــرلاۋاتىــسەن! ــ دەپتۇ بەگ ۋە كەمبەغەلدىن:

ــ سەن نېمە دەيسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ پېقىردەك كەم ئەقىلنىڭ پەمچە، ــ دەپتۇ كەمبەغەل، ــ دۇنيادا ئەڭ سېمىز نەرسە ــ زېمىندۇر. ئۇ باققۇچى ئانا بولۇپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى باقىدۇ.

ــ توغرا! ــ دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ بەگ، ــ ئەمدى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، دۇنيادا ئەڭ ئىتتىك نەرسە نېمە؟

ــ مېنىڭ ئېتىم، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ باي، ــ

مەن ئۇنى مەيلىگە قويۇۋېتىدىغان بولسام، ئۇ دالا ۋە ئېدىرلاردا شۇنداق چاپىدۇكى، ئۇنىڭ تۇياقلىرىنى كۆرەلمەي قالىمەن.

كەمبەغەل بولسا:

— مەن دىتسىز راق بولساممۇ، لېكىن دۇنيادا ئويـ پىكىردىن تېزرەك نەرسە بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

— سېنىڭ دېگىنىڭ ھەقىقەت، — دەپتۇ بەگ، — قوشناڭ بولسا يەنىلا جاۋاب بېرەلمىدى. خوش، ئەمدى جاۋاب بېرىڭلار: بۇ دۇنيادا ئەڭ ياخشى نەرسە نېمە؟

— بۇ دۇنيادا، — دەپتۇ باي، — شەپقەتلىك زىنىڭ ئادىل ھۆكمىدىن ياخشىراق نەرسە يوق.

— مەندەك بىر ئەخمەقكە، — دەپتۇ كەمبەغەل، — دۇنيادا ھەقىقەتتىن ياخشىراق نەرسە يوقتەك كۆرۈنىدۇ.

— مانا بۇ دېگىنىڭ توغرا! — دەپتۇ بەگ، ئاندىن بايغا بۇرۇلۇپ قاراپتۇ ـ دە، — يوقال كۆزۈمدىن كالۋا! سەن مېنىڭ بىرمۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمىدىڭ.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن بەگ كەمبەغەلدىن سوراپتۇ:

— ئېيتقىنا، بۇرادەر، ساڭا بۇنداق دەل جايىدا جاۋاب بېرىشنى كىم ئۆگەتكەن؟

كەمبەغەل ئارىسالدى بوپتۇ: توغرىسىنى ئېيتاي دېسە بىرەر يامانلىقنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن قورقۇپتۇ. ئەمما باشقا ئىلاج بولمىغانلىقتىن قىزى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا بەگ ئىچىدە كەمبەغەلنىڭ قىزىنىڭ زېرەكلىكىدىن ھەيران قېلىپ، ئەتە قىزنىڭ كېلىشىنى بۇيرۇپتۇ. لېكىن، قىزنىڭ كىيىم كىيگىنىمۇ ئەمەس، يالىڭاچمۇ ئەمەس؛ بىرنەرسىگە مىنگىنىمۇ ئەمەس،

پىيادىمۇ ئەمەس؛ يول ئۈستىدىمۇ ئەمەس ھەم يول سىرتىدىمۇ ئەمەس ھالدا كېلىشى لازىم، دېگەن شەرتنى قويۇپتۇ.

كەمبەغەل بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ شۇنداق ئاھ ئۇرۇپتۇكى، ئۇنى ئاڭلىغان چوڭ قىزى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— قورقماڭ، دادا، مەن سىزنىڭ يۈزىڭىزگە داغ چۈشۈرمەيمەن! ماڭا ئىككى مۈشۈك تېپىپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

تاڭ ئېتىشى بىلەنلا قىز بېلىق تورىنى ئۈستىگە ئارتىپ، ھەربىر قولىغا بىردىن مۈشۈكنى ئېلىپ، ئۆچكىنى مىنىپ بەگ ئوردىسىغا قاراپ راۋان بوپتۇ. ئۇنى بىرەر نەرسىگە مىندى دېگىلىمۇ، پىيادە دېگىلىمۇ بولمايدىكەن، چۈنكى ئۆچكە كىچىككىنە بولغاچقا، ئۇنىڭ پۇتلىرى يەرگە تېگىپلا تۇرىدىكەن. ئۇنى يولنىڭ ئۈستىدە ياكى يولنىڭ سىرتىدا ماڭدى دېگىلىمۇ بولمايدىكەن، چۈنكى ئۆچكە بىردەم ئۇ تەرەپكە، بىردەم بۇ تەرەپكە مېڭىپ كېتىدىكەن. ئۇ بېلىق تورى ئىچىدە بولغاچقا، كىيىم كىيگەنلىكمۇ، يالىڭاچمۇ دېگىلى بولمايدىكەن.

ئۇ مۇشۇ بىر تەسلىكتە بەگ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. بەگنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس قاپتۇ. بەگ بولسا كەمبەغەلنىڭ قىزىنىڭ ئۆزىدىن ئەقىللىق ئىكەنلىكىگە ھېچبىر تەن بەرمەپتۇ. ئۇ ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي، ئوردىسىدا باغلاقتا تۇرغان ئىككى ئوردا ئىتىنى قىزغا قارىتىپ قويۇۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئىتلار قىزغا قاراپ ئېتىلىپتۇ، بىراق ئۇمۇ شۇ ھامان ئىككى

مۇشۇكنى قويۇۋېتىپتىكەن، ئۇستىلار مۇشۇكلەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىپتۇ.

هېچ ئامال بولمىغاندىن كېيىن، بەگكە زېرەك قىزنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەپتۇ. ئۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك خىزمەتكارىغا خوتۇنلۇققا بېرىشنى ئويلاپتۇ. ئۇ قىزنى ئەڭ قىممەت باھالىق كىيىملەر بىلەن كىيىندۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. كەمبەغەلنىڭ قىزى ياسىنىپ تارانغاندىن كېيىن شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇكى، بەگ ئۆمرىدە بۇنداق ساھىبجامالنى كۆرمەپتىكەن. ئۇ شۇ يەردىلا ئۇنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا ئېلىشنى قارار قىپتۇ. نىكاھلىنىش ئالدىدا ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن سېنى خوتۇنلۇققا ئالىمەن، لېكىن بىر شەرتىم بار: مېنىڭسىز ھېچقانداق ماجىرانى بىر تەرەپ قىلمايسەن.

قىز ماقۇل بوپتۇ.

ئۇلار توي قىلىپ خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى بەگ ئۆز ئىشى بىلەن سىرتقا كېتىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوردىسىغا ئىككى دېھقان كەپتۇ. كەمبەغەلنىڭ قىزى پېشايۋانغا چىقىپتۇ. دېھقانلار ئۇنىڭغا ئەرزىيەت ئېيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماجىراسىنى ھەل قىلىپ قويۇشنى سوراپتۇ.

بىر دېھقان مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئىش بىلەن سىرتقا ماڭماقچىدىم، بىراق ھارۋامنىڭ بىر چاقى سۇنۇپ كەتتى. مەن ئاتنى ئۇچ چاقلىق ھارۋىغا قانداقمۇ قوشالايمەن؟ شۇڭا قوشنامدىن مۇنۇ چاقنى قەرز سورىدىم. ئۇمۇ تۇنۇگۈن كەچتە ماڭا

چاقنى بىرىپ تۇردى، مەنمۇ تاڭ ئېتىشى بىلەنلا يۈرۈپ كېتىمەن دەپ ئويلىغانىدىم. ماۋۇ ئىشنى قارىمامسىز؟ مانا شۇ كېچىسى ئېتىم قولۇنلاپ قاپتۇ...

بۇ چاغدا ئۇنىڭغا چاق قەرز بەرگەن يەنە بىر دېھقان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ:

— ئۇنىڭغا ئىشەنمىسىڭىز، ئاغىچا، سىزنى خۇدايىم ساقلىغاي! مېنىڭ چاقىم ئاشۇ قولۇننى ئېلىپ كەپتۇ. كەمبەغەلنىڭ قىزى پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ ئاڭلاپتىيۇ، لېكىن گەپ قىلماپتۇ.

دېھقانلار كۈتۈپتۇ، كۈتۈپتۇ، ئاغىچىنىڭ بىر تەرەپ قىلىش رايىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن:

— بەگ نەگىمۇ كېتىپ قالغاندۇ، ئاغىچا خې-نىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ، — دەپتۇ ئاغىچا، — كۆل بويىغا كەتكەن. ئۇ يەردە بىر مىشكاپ قوناق بار ئىدى، بەگ ئۇنى پاقىلار يەپ قويمىسۇن، دەپ ئەنسىرەپ كەتكەن. ئۇلار كېچىسى قىرغاققا چىقىدۇ ئەمەسمۇ.

دېھقانلار بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ - دە، غىپپىدە كېتىشىپتۇ. دەرۋازىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە ئۇلار بىر - بىرىدىن سورىشىپتۇ:

— ئاغىچا خېنىمنىڭ بىزگە دېگىنى قانداق گەپتۇ؟ پاقىلارنىڭ قوناق يېيىشى مۇمكىنمىدۇ؟

ئۇلار خېلى ئۇزاق مۇھاكىمە قىلىشىپتۇ، نېرى - بېرى ئويلىشىپتۇ، ئاخىر ئاغىچىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ سورىشىپتۇ:

— پاقىلارمۇ قوناق يەمدۇ؟

— پاقىلارنىڭ قوناق يەيدىغان - يېمەيدىغىنىنى بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاغىچا، — لېكىن چاقىنىڭ قۇلۇننى ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۆيلىرىگە كېتىپتۇ.

دېھقانلار ئاغىچىنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ دانالىقىغا قايىل بوپتۇ.

بەگ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سورۇشتە قىلغىلى تۇرۇپتۇ:

— مەن يوق چاغدا بۇ يەرگە بىر كىم كەلمىدىمۇ؟ ھەمدە بىرەر ئىش بولمىدىمۇ؟

شۇنىڭ بىلەن ئاغىچا ئۇنىڭغا بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بەگ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تازا ئاچچىقلىنىپتۇ:

— سەن ۋەدەڭنى بۇزۇپسەن، مەنسىز ماجىرانى ھەل قىپسەن. ئەمدى ئىككىمىز بىللە تۇرالمايمىز! سەن مېنىڭ ئۆيۈمدىن ئۆزۈڭ ئۇچۇن ئەڭ قىممەتلىك دېگەن نەرسىنى ئالغىن - دە، ئۆز ئۆيۈڭگە راۋان بولغىن!

— سېنىڭ سۆزۈڭ مەن ئۇچۇن قانۇندۇر، چۈنكى سەن مېنىڭ ئېرىم - دە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاغىچا، — بىراق بۇ مەسىلىدە مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ھەرگىز گۇناھكار ئەمەس. چۈنكى مەن بۇ كىشىلەرنىڭ ماجىراسىنى ئاجراتمىدىم، پەقەت خوجايىنىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنىلا دەپ بەردىم. ئەگەر سەن مېنى قوغلىۋېتىشنى خالىغان بولساڭ، ئۇنداقتا مېنىڭمۇ بۇنىڭغا قايتۇرار سۆزۈم يوق. پەقەت بىرلا تەلىپىم بار: ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىللە تاماشا قىلىشىمغا رۇخسەت

قىلساڭ.
بەگ بۇ تەلەپكە قوشۇلۇپ كاتتا بەزمە ئۆتكۈزۈشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار دوستلىرى ۋە تۇغقانلىرىنى چاقىرىپ كېلىپ، خالىغىنىچە يەپ - ئىچىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئېچىپتۇ. خوتۇنى بەگنىڭ رومكىسىغا شارابنى ھەدەپ قۇيغىلى تۇرۇپتۇ، ئۇمۇ ئۇخلاپ قالغۇچە ئىچىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاغىچا ئۇنى ھاپاش قىلىپ كۆتۈرۈپتۇ - دە، ئۇدۇل دادىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بېرىپ ئوچاق بېشىدا ئۇخلىتىپ قويۇپتۇ.
ئەتىسى بەگ ئويغىنىپ:
— مەن نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ.
خوتۇنى ئۇنىڭغا:
— سەن مېنى قوغلىدىڭ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭا، مەن ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان نەرسىنى ئېلىشقىمۇ رۇخسەت قىلدىڭ. مەن دەل شۇنداق قىلدىم. مەن ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى — دەل مېنىڭ ئېرىم، مەن شۇنى ئېلىۋالدىم.
بەگ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:
— يۈر، خوتۇن، ئۆيىمىزگە كېتەيلى، دۇنيادا بىز ئەڭ ئىناق ئەر - خوتۇنلاردىن، مەن سېنىڭ بىباھا گۆھەر ئىكەنلىكىڭنى ئەمدى بىلدىم، — دەپتۇ.

# ئامەت

## (بۇلغارىيە خەلق چۆچىكى)

ئىككى باي ئاكا - ئۇكا بولغانىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كىچىكى چوڭىغا دەپتۇ:

— پۇلغا پۈتكۈل دۇنيانى سېتىۋېلىشقا بولىدۇ، پۇلسىز ئامەت بولمايدۇ.

— ئەكسىچە، — دەپتۇ چوڭى، — ئامەت پۇلنى ئېلىپ كېلىدۇ.

— ياق، سەن ماڭا پۇل بەرگىنە، پۇل! شۇ چاغدا ئامەتنىڭ ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىدىغانلىقىنى كۆرىسەن.

— توغرا ئەمەس. ئامەت بولمىسا پۇلمۇ بولمايدۇ.

ئاكا - ئۇكىلار توختىماي تالىشىپتۇ. بىرى مۇنداق دېسە، يەنە بىرى ئۇنداق دەپتۇ، ئاخىر كىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىش قارارىغا كېلىشىپتۇ. ئۇلار پۇلنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر يېزىغا كەپتۇ. ئۇلار بۇ يەردىكى ئەڭ گاداي دېھقاننى سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئەللىك تەڭگە بېرىپتۇ ۋە:

— سەن بۇ پۇللارنى ئالغىن ۋە ئۇلارغا ئامەت سېتىۋالغىن. ئۇ ساڭا ھەممەت ئاتا قىلىدۇ، — دەپتۇ.

گاداي دېھقان خۇشال بولۇپ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. يولدا ئۇنىڭغا بىر سېرىق چاچلىق خوتۇن ئۇچراپ قاپ-

تۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن:
— قاياققا يول ئالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئامەت سېتىۋېلىشقا كېتىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گاداي.
— ئامەتنى پۇلغا سېتىـ ـۋالالمايسەن! — دەپتۇ خوتۇن، — ئەڭ ياخشىسى، سەن بۇ پۇللارغا بالىلىرىڭ ئۈچۈن بىرەر نەرسە سېتىۋالغىن. ئېشىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنى شەپكەڭنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويغىن.
گاداي چۇشلۇك تاماق ئۈچۈن بىر ئاز گۆشلۈك تاماق سېتىۋاپتۇ ـ دە، ئېشىپ قالغان پۇللىرىنى بولسا شەپكىسىنىڭ ئەستىرى ئىچىگە تىقىپ قويۇپتۇ.
گاداي ئۆز يولىغا مېڭىپتۇ. بىردىنلا قاياقتىندۇر بىر قاغا ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ئايلىنىشقا باشلاپتۇ.
— قاق، قاق، قاق! — قاقىلداپتۇ قاغا.
گاداي ئۇنىڭغا قاراپ:
— بۇ تاماق سەن ئۈچۈن ئەمەس! — دەپتۇ ـ دە، تاماقنى قوينىغا تىقىۋاپتۇ.
قاغا بولسا شۇڭغۇپ چۈشۈپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ بېشىدىكى شەپكىسىنى يۇلۇۋېلىپ ئۇچۇپ كېتىپ، كۆزدىن غايىب بوپتۇ!
ئاردىن بىر چاغلار ئۆتكەندىن كېيىن ئاكا ـ ئۇكا بايلار بۇ يېزىغا يەنە كېلىپ، گادايىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پۇلىنى قانداق قىلغانلىقىنى بىلمەكچى بوپتۇ. گاداي ئۇلارغا قاغىنىڭ بېشىدىن شەپكىسىنى يۇلۇۋېلىپ، پۇلنىمۇ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئاكا ـ ئۇكا بايلار ئۇنىڭغا يەنە يۈز تەڭگە بېرىپتۇ ـ دە:

ــ ئەمىسە بۇنىڭغا ئامەتنى سېتىۋالغىن، ــ دەپتۇ.

گاداي پۇللارنى ئېلىپ ئۆيگە مېڭىپتۇ. ئۇدۇلىدىن يەنە ھېلىقى سېرىق چاچلىق ئايال چىقىپ كەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن:

ــ قولۇڭدىكى سىقىمداپ چىڭ تۇتۇۋالغىنىڭ نېمە ئۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ پۇل، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گاداي.

ــ سەن بۇ پۇللارنى نېمە قىلماقچى؟

ــ كىشىلەر ئۇنى ماڭا ئامەت سېتىۋال دەپ بەردى.

ــ ھەي، سەن قانداق ئەخمەق ئادەمسەن! پۇلغا ئامەتنى سېتىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن! پۇللارنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ تىقىپ قويغىن، ئاندىن كېيىن مەن ساڭا ئامەتنى قانداق تېپىشنى ئۆگىتىپ قويىمەن.

گاداي پۇللارنى ئۆيگە ئاپىرىپ، كوزىدىكى كېپەكنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى گاداي بازارغا كېتىپتۇ. مانا شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن بىر ئالمىچى ئۆتۈپتۇ:

ــ ئالما! ئالما! ــ دەپ ۋارقىراپتۇ ئۇ.

بۇ ئاۋازنى گادايىنىڭ بالىلىرى ئاڭلاپ قېلىپ، ئانىسىغا ئالما ئېلىپ بەرگىن، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئانىسى كوزىنى كېپەكى بىلەنلا ئالمىغا تېگىشىۋېتىپتۇ.

گاداي ئۆيگە قايتىپ كېلىپ كوزىنى تاپالماپتۇ.

ــ ھەي، خوتۇن، كوزا قېنى؟

ــ مەن ئۇنى ئالمىغا تېگىشىۋەتتىم.

— قېنى ئۇ ئالمىچى؟
— كەتتى.
گاداي ئاھ ئۇرۇپتۇ، زارلىنىپتۇ، ئالمىچىنى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ، لېكىن ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. ئاكا - ئۇكا بايلار بۇ يېزىغا يەنە كەپتۇ. گاداي بولسا ئۇلارغا پۇللارنى قانداق يوشۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاكا - ئۇكا بايلار ئۇنىڭغا ئىككى تال ئوق بېرىپتۇ - دە:
— ئەمدى ساڭا ئىككى تال ئوق بېرىمىز، بىرى ئۆزۈڭ ئۇچۇن، يەنە بىرى ئامەت ئۇچۇن، — دەپتۇ.
گاداي ئوقلارنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. يەنە ئۇدۇلدىن سېرىق چاچلىق خوتۇن چىقىپ كەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:
— قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئوق.
— ساڭا ئۇلارنىڭ نېمە كېرىكى بار؟
— ماڭا بۇلارنى باشقىلار بەرگەن. بىرى ئۆزۈم ئۇچۇن، يەنە بىرى ئامەت ئۇچۇن!
— ئوق بىلەن ئامەتكە ئېرىشەلمەيسەن، — دەپتۇ خوتۇن، — شۇنداقلا ئۆلۈمنىمۇ ئويلىما! سەن مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سال، مەن ساڭا ئامەتنى قانداق تېپىشنى ئۆگىتىپ قوياي. سەن يەنە يۈز تال ئوق ياسىغىن، بىر ئۆزۈڭ تور توقۇغىن. ئوقلارنى تورغا چۆكتۈرگۈچ ئورنىدا يېپىشتۇرغىن. تورنى دېڭىزغا توققۇز كۈن تاشلايسەن، ئۇنىنچى كۈنى بولسا ئامەتكە ئېرىشىسەن.
گاداي مەدىكارچىلىق قىلىپ ئىشلەپ ئاز - تولا پۇل

تېپىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا قەلەي ۋە يىپ سېتىۋاپتۇ. قەلەيدىن ئوق ياساپتۇ، يىپتىن بولسا تور توقۇپتۇ. ئوقلارنى تورغا چۆكتۈرگۈچ ئورنىدا چاپلاپ يېپىشتۇرۇپ چىقىپتۇ ـ دە، ئۇنى دېڭىز بويىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. تورنى دېڭىزغا توققۇز كۈن تاشلاپتۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچنېمە چۈشمەپتۇ. ئونىنچى كۈنى كەچقۇرۇندا تورنى دېڭىزغا ئاخىرقى قېتىم تاشلاپ بېقىپتۇ. تورنى تارتىپ چىقارغاندا، ۋاھ، ئۇ نېمىنى كۆرۈپتۇ دېمەمسىز؟ ئالتۇن بېلىقنى كۆرۈپتۇ!

گاداي ئالتۇن بېلىقنى خوتۇنىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. خوتۇنى بېلىقنىڭ ئىچ ـ قارنىنى تازىلاۋاتسا، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر تال تاش چىقىپتۇ. تاش قۇياشتەك نۇر چېچىپ جۇلالىنىپتۇ. گاداي تاشقا تازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن شۇنداق بېشىنى كۆتۈرۈشىگىلا، تاشتىن ئۇنىڭغا ئامەتنى قانداق تېپىشنى ئۆگەتكەن ھېلىقى سىرلىق چاچلىق خوتۇننىڭ قىياپىتى كۆرۈنۈپتۇ. مانا شۇ چاغدا تاش ئادەمنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەپتۇ:

— قورقمىغىن دوستۇم! ئامەت ئۆزۈڭنىڭ قولىدا. ئەمدى مېنى پادىشاھقا ئېلىپ بارغىن.

گاداي قىممەت باھالىق بۇ تاشنى پادىشاھ ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ:

— پادىشاھىم، بۇ قىممەت باھالىق تاشنى قوبۇل قىلغايلا! مەن دېڭىزغا توققۇز كۈن تور تاشلىدىم، ئونىنچى كۈنى بىر ئالتۇن بېلىقنى تۇتتۇم، بېلىقنىڭ ئىچىدىن بولسا بۇ تاشنى تاپتىم.

پادىشاھ تاشنى ئاپتۇ ۋە گادايدىن سوراپتۇ:

— بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟

— ئۇلۇغ شاھىم، نېمە ئىلتىپات قىلسىلا، شۇنى! شۇ چاغدا پادىشاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— ساڭا توققۇز كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمەن. بۇ توققۇز كۈن ئىچىدە قانچىلىك يەرنى ئايلىنىپ چىقالىساڭ، شۇنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن. سەنمۇ شۇ يەرنىڭ پادىشاھى بول.

پادىشاھ قانداق دېگەن بولسا، گادايمۇ شۇنداق قىپتۇ. ھەممىسى بەجا كەلتۈرۈلۈپتۇ، گادايمۇ پادىشاھ بوپتۇ.

مانا شۇ چاغدا باي ئاكا - ئۇكىلار يەنە گادايىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى كەپتۇ. يېڭى پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەلگەندە، پادىشاھ ئۇلارنى دېرىزىدىن كۆرۈپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ ھوزۇرىدا مېھمان بولۇشقا چاقىرىپتۇ.

ئاكا - ئۇكا بايلار گادايىنىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا قېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ پادىشاھ بولغانلىقىمدىن نېمانچىۋالا ھەيران بولۇپ كېتىسىلەر؟ بۇ — مېنىڭ ئامىتىم!

— سەن ئامەتنى قانداق سېتىۋالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇكىسى، — بىزنىڭ پۇلىمىزغىمۇ؟

— ياق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گاداي، — ئۆزۈمنىڭ ئەمگىكى بىلەن تاپتىم!

# موھتاجلىق ئۆگىتىدۇ

## (بۇلغارىيە خەلق چۆچىكى)

بىر ئوتۇنچىنىڭ ئىككى ئوغلى بولغانىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ئورمانغا ئوتۇن كەسكىلى بارغاندا، ئۇلاردىن بىرىنى ئۆزى بىلەن بىــــللە ئېلىــــپ بارىدىكەن. ئۇ ئوتۇن كېسىدىكەن، بالىلىرى بولسا ئۇنىڭغا ياردەملىشىدىكەن. مانا بالىلارمۇ چوڭ بوپتۇ. شۇ چاغدا ئوتۇنچى ئۇلارغا:

— ئەمدى، ئوغۇللىــرىــم، ئــورمــانغــا ئــۆزۈڭلار بېرىڭلار، مەن ئۆيدە قالاي، — دەپتۇ.

ئوغۇللىرى ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— ھەي، دادا، ئالىمادىس ھارۋىمىز سۇنۇپ كەتسە، ئۇنى بىزگە كىم ياساپ بېرىدۇ؟ — دەپتۇ.

— مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئوغۇللىرىم، ھارۋا سۇنامدۇ ياكى باشقا بىر ئىش بولامدۇ، ئۇنىــــڭدىن قورقماڭلار: موھتاجلىق سىلەرگە ھەممىنى ئۆگىتىدۇ!

ئاكا - ئۇكىلار ئورمانغا بېرىپتۇ. ياشلارنىڭ قولى چاققان - دە، ئۇلار ئوتۇننى كېرىكىدىن ئوشۇق كېسىپتۇ - دە، ھەممىسىنى ھارۋىغا بېسىپتۇ. ئۆيگە قاراپ ماڭغاندا، ھارۋا يول ئوتتىدە سۇنۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ھارۋىدىن چۈشۈپلا ۋارقىراشقا باشلاپتۇ.

— موھتاجلىق، قېنى كېلىپ ھارۋىنى ياسىمامسەن!

ئۇلار ئاشۇنداق ۋارقىراپتۇ، ۋارقىراپتۇ، قاراڭغۇمۇ چۈشۈشكە باشلاپتۇ، موھتاجلىق بولسا زادىلا كەلمەپتۇ. بۇ چاغدا ئۇكىسى:

— بۇ قارغىش تەگكۈر موھتاجلىق كەلمەيدىكەن! ئۆزىمىز ھارۋىنى ياسىمايلىمۇ؟ — دەپتۇ.

ئاكىسى جاۋاب بېرىپ:

— بەلكىم، موھتاجلىق يىراققا كېتىپ قېلىپ، ئاۋازىمىزنى ئاڭلىمايۋاتقان بولسا كېرەك. قېنى، بىز يەنە كۈچىمىزنىڭ بارچە تەڭ ۋارقىراپ باقايلى! — دەپتۇ.

ئۇلار يەنە ۋارقىراپتۇ، ۋارقىراپتۇ، ئاخىر ئۈنلىرى پۈتۈپ كېتىپتۇ، بىراق ھېچكىم كەلمەپتۇ.

ئۇكىسى ئاكىسىغا يەنە:

— قارا، قاراڭغۇمۇ چۈشۈپ كەتتى. بىز بىكارلا ۋارقىراۋاتىمىزمۇ نېمە؟ بۇ موھتاجلىقنىڭ ھارۋىنى ياساشنى بىلىشىمۇ ناتايىن.

ئاكا - ئۇكىلار ئۆزلىرى ھارۋىنى ياساشقا كىرىشىپتۇ: بىرى پالتىنى، يەنە بىر ئىسكىنىنى قولىغا ئېلىپ، توختىماي ھەپىلىشىپتۇ. ئىرى - بىرى قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر ھارۋىنى ئۆزلىرى ياساپتۇ!

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دادىسى ئۇلاردىن سوراپتۇ:

— قانداقراق قايتىپ كەلدىڭلار، ئوغۇللىرىم؟

ئۇلار بولسا زارلىنىپتۇ:

— ۋاي، دادا، يېرىم يولدا ھارۋىمىز سۇنۇپ كەتتى. بۇ قارغىش تەگكۈر موھتاجلىقنى تولا چاقىرىپ ئۈنلىرىمىز پۈتۈپ كەتتى! لېكىن ئۇ بولسا زادىلا كەلمىدى. شۇنىڭ

بىلەن بىز پالتا بىلەن ئىسكىنىنى قولىمىزغا ئېلىپ ئۆزىمىز ياساپ ئەپلەشتۈردۇق.

— ھەي، بالىلىرىم! — دەپتۇ دادىسى، — مانا شۇنىڭ ئۆزى موھتاجلىقتۇر! سىلەر ئۇنى ۋارقىراپ يۈرۈپسىلەر، ئۇ بولسا سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلاردا ئىكەن! سىلەرگە ھېچكىم ياردەم قىلمىغاندىن كېيىن مانا سىلەر ئۆزۈڭلار ياساپ تۈزەپسىلەر. موھتاجلىق ھەممىنى ئۆگىتىدۇ! دېگەن سۆز بىكار ئەمەس ئىكەن.

## شادىمان ژاننو بىلەن سېھىرلىك نەي

(فرانسىيە خەلق چۆچىكى)

ئاق كۆڭۈل دېھقان ئايال بىر كۈنى نانغا خېمىر يۇغۇرۇپتۇ. تەڭنىنىڭ تېگىدە خېمىرنىڭ كىچىككىنە بىر پارچىسى قاپتۇ. ئۇ بۇنىڭدىن ئوغلۇم ژاننوغا ئوخشىتىپ بىر سامسا يېقىپ بېرەي، دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئاق كۆڭۈل دېھقان ئايال ئاشۇ خېمىرغا بىرئاز ياغ سىلىپ، يەنە ئىككى تۇخۇم قوشۇپ ئىشلەپتۇ-دە، ئوغلى ژاننوغا قىپقىزىل پارقىراپ تۇرىدىغان ئاجايىپ بىر سامسا يېقىپتۇ. سامسا پىشقاندا ئوغلىغا بېرىپ، كوچىدىكى باللار بىلەن ئويناشقا بۇيرۇپتۇ.

ژاننو يولنىڭ چېتىدە ئولتۇرۇپ سامسىنى مەززە قىلىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ.

شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ يېنىدىن بىر ئاجىز موماي ئۆتۈپ قاپتۇ.

— خۇشۇاخ بول، ژاننو! — دەپتۇ موماي، — پاھ، سامساڭ ئاجايىپ ئىكەنغۇ! كىچىككىنە بەرسەڭ، تېتىپ باقسام بولامدۇ؟

— شۇمۇ گەپمىكەن! سىزگە ياققان بولسا، ھەممىسىنى ئېلىڭ! مەڭ، تۇتۇڭ!

— رەھمەت، ژاننو، ھىممىتىڭگە! ماڭا سامساڭ-

نىڭ ھەممىسى كېرەك ئەمەس، يېرىمى بولسىلا يېتىدۇ!
بۇ ھىممەتلىك ئايال يېرىم سامسىنى يەپ بوپتۇ ـ دە، خالتىسىدىن ئۈزۈك بىلەن نەينى ئېلىپ ژاننوغا بېرىپتۇ.

— مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆزلۈك تۇرالمايمەن! — دەپتۇ موماي، — سەن سامساڭنىڭ يېرىمىنى ماڭا بەردىڭ، شۇنىڭ ھېسابىغا ساڭا ئۈزۈك بىلەن سېھىرلىك نەينى بېرىمەن. سەن بۇلارغا ئوبدان قارىغىن ۋە ياخشى ساقلىغىن! ئۇلار سېنىڭ ھاياتىڭدا ھەرقاچان ئەسقاتىدۇ!

ژاننو بۇ ھىممەتلىك مومايغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپتۇ. ئۇ كەتكەندىن كېيىن بولسا، بۇ ئۈزۈك بىلەن نەيدىن نېمە نەپ چىقىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بوپتۇ. ژاننو ئۈزۈكنى بارمىقىغا سېلىپتىكەن، شۇ ھامان كىچىككىنە بولۇپ قاپتۇ!

ئەمدى ئۆسمەي مۈشۈكچىلىك بولۇپ قالارمەنمۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ ژاننو.

لېكىن ئۇ بۇنى ئويلاپ بولا ـ بولمايلا دەرھال ئۆسكىلىكى تۇرۇپتۇ. . . دەسلەپ ئەڭ ئېگىز چۆپ دۆۋىسىدىنمۇ ئېگىزلەپ كېتىپتۇ، ئاندىن شامال تۈگمىنىدىنمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ.

ژاننو بارمىقىدىن ئۈزۈكنى ئېلىۋېتىپتىكەن، شۇ ھامان بۇرۇنقى ھالىتىگە يېنىپتۇ.

ئاندىن ژاننو سىرلىق نەينى ئېلىپ شۇنداق چاپتىكەن، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، سەكرەشكە، چېپىشقا ۋە قويۇندەك پىرقىراشقا باشلاپتۇ!

«خوش، ئەمدى مەن بىلىشكە تېگىشلىك ھەممە نەرسىنى بىلىشىم كېرەك! — دەپ ئويلاپتۇ ژاننو، —

ئەمدى مەن پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىپ چىقالايمەن!»

قاراڭغۇ چۈشكەن چاغدا يول ژاننونى ئورمانغا ئېلىپ كەپتۇ. قاراقچىلار ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ كەينىگە چۈشۈپ قوغلاپتۇ. ئەمما ژاننو دەرھال بارمىقىغا سېھىرلىك ئۈزۈكنى ساپتۇ، ئۇ بىردەمدىلا شۇنچىلىك كىچىكلەپ كېتىپتۇكى، تۇخۇم شاكىلىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاراقچىلار ئۇنى تاپالماي قاپتۇ.

ژاننو ئۈزۈكنى بارمىقىدىن ئېلىشى بىلەنلا يەنە شۇ بۇرۇنقى ھالىتىگە كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر يولغا بۇرۇلۇپ مېڭىپتۇ. لېكىن، بۇ يەردىمۇ باشقا قاراقچىلار توپى ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ قوغلاپتۇ، ژاننوغا يەنە كىچىكلەپ يېسىۋېلەكنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىشقا توغرا كەپتۇ. بۇ يەردە ئۇ تونەپمۇ قاپتۇ.

تاڭ سەھەردە ياش يولۇچى بىر قەلئەگە كەپتۇ ھەم قەلئەدىكىلەرگە ئۆزىنى مېھمان سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. خىزمەتكارلار بولسا ئۇنى قەلئەنىڭ خوجايىنىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. خوجايىنىنىڭ ئۆزى بولسا قوشنا پادىشاھلىقنىڭ پادىشاھى ئىكەن.

— ساڭا بۇ يەردە نېمە كېرەك بولۇپ قالدى، شاكىچىك؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— مېنىڭ ئالدى بىلەن يەپ - ئىچكۈم، ئاندىن ئۇخلىغۇم كېلىۋاتىدۇ، بۇنداق قىلىشىم سىز - - - زگە ياقامدىكىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ژاننو.

— ۋاھ، سەن نېمىدېگەن ئۇياتسىز، نادان نېمىسەن! مەن ھازىرلا سېنى خىزمەتكارلىرىمنىڭ دۇمبالىشىغا بۇيرۇيمەن!

— مەن سىزدىنمۇ، خىزمەتكارلىرىڭىزدىنمۇ قورقمايمەن! مەن بارلىق پاپىلاردىنمۇ، شۇنداقلا بارلىق زەپەردەست پالۋانلاردىنمۇ باتۇرراقمەن! بولمىسا كۆرۈپ بېقىڭ!

شۇنىڭ بىلەن ژاننو ھەممىنىڭ كۆز ئالدىدا بىردىنلا كىچىكلەپ پاشىدەك بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ژاننونىڭ خاسىيەتلىك ئادەم ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، غەزىپىنى بىراقلا بېسىۋاپتۇ. ئۇ ژاننونى ئېسىل تائاملار بىلەن مېھمان قىلىشنى، ئوردا ئىچىدىن ئۆي بېرىپ، خىزمەتكارلىرىنى سەپلەپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

بۇ پادىشاھنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. ژاننو ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ پادىشاھتىن قىزىنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا بېرىشنى سوراپتۇ.

پادىشاھ بولسا جاۋاب تەرىقىسىدە، بۇنىڭ ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىش ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۈچ كۈندىن كېيىن بىرنەرسە دەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ جەسۇر يىگىتنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن، كىم ئەمەلىي ئىشقا چاققان ۋە زېرەكلىكىنى ئىسپاتلىسا، مەن شۇنىڭغا قىزىمنى بېرىمەن دەپ قەسەم قىلغانىدىم. ئەمدى ساڭا تاپشۇرۇق بېرىمەن: ئەتە ئون ئىككى ئاق ۋە ئون ئىككى قارا توشقانىنى ھەيدەپ دالا ۋە ئورمانلارغا ئېلىپ بارىسەن، ئەگەر كۈن پاتقۇچە بۇ توشقانلارنى قەلئەگە قايتۇرۇپ كېلەلىسەڭ، ئۇ چاغدا قىزىمنى ساڭا خوتۇنلۇققا بېرىمەن. مېنىڭ شەرتىمنى

قوبۇل قىلالامسەن؟

— قوبۇل قىلىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ژاننو، — بۇ ۋەزىپىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىشقا ئۇرۇنۇپ باقاي!

ژاننو ئون ئىككى ئاق توشقان بىلەن ئون ئىككى قارا توشقاننى ھەيدەپ دالاغا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇلار ھەر تەرەپكە ئېتىلىپ قېچىشقا باشلاپتۇ. لېكىن، ژاننو نەينى ئېلىپ چاپتىكەن، توشقانلار بىر دىنلا قايتىشىپ كېلىپ ئۇنىسۇلغا چۈشۈپتۇ! كۈن بويى توختىماي ئۇسسۇل ئويناپتۇ. كەچقۇرۇنلۇقى ژاننو ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قەلئەگە ھەيدەپ ئېلىپ كەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ئۇنى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ.

— ئەتە سېنىڭ قېشىڭغا جاللات كېلىدۇ، سەن ئۇنىڭ قولىغا چۈشىسەن، لېكىن ئۆلمەسلىككە ئۇرۇنىسەن. بۇ سىناقتىمۇ تاقابىل تۇرالىساڭ، — دەپتۇ ئۇ، — قىزىمنى ساڭا خوتۇنلۇققا بېرىمەن.

ئەتىسى ئەتىگەندە قەلئەنىڭ كەڭ ھويلىسىغا دېگەندەكلا دار ياسىلىپتۇ. جاللات ئالدىن تەييارلاپ قويغان سىرتماقنى ئۇنىڭ بوينىغا سالماقچى بولغاندا، ژاننو شۇنداق ئېگىزلەشكە باشلاپتۇكى، خۇددى بەندىڭگە ئولتۇرغاندەك دارغا ئولتۇرۇۋاپتۇ.

جاللات بېشىنى دوپپىسى يەرگە چۈشۈپ كەتكۈدەك دەرىجىدە ئېگىز كۆتۈرۈپ ژاننوغا قاراپلا قاپتۇ، ئۇ بولسا داۋاملىق ئېگىزلەپتۇ، ئېگىزلەپتۇ، تاكى ئۇردا قەلئەسىنىڭ مۇنارىمۇ تەڭلىشەلمەي قالغۇدەك دەرىجىدە

ئېگىزلەپتۇ. شۇ چاغدا ژاننو مۇنارنىڭ ئۆگزىسىگە جەينەكدەپ تۇرۇپتۇ - دە، دارنى پۇتى بىلەن بىر تەرەپكە سۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئەمما، ژاننو ياخشى يىگىت بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە پادىشاھنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغاچقا يېڭىۋاشتىن بۇرۇنقى ھالىتىگە كەپتۇ ۋە پادىشاھقا:

— خوش، جانابلىرى، ئەمدى قىزىڭىزغا ئۆيلەنسەم بولارمىكىن، چۈنكى ئىككىلى تەلىپىڭىزنى ئورۇندى-دىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ گەپ تېپىلماي بىرەلمەي قاپتۇ - دە، بۇ تويغا قوشۇلۇپتۇ.

ژاننو ئانىسىغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئۇ توي كۈنىگە ئۈلگۈرۈپ كەپتۇ ۋە شۇنىڭدىن تارتىپ ئوردىدا تۇرۇپ قاپتۇ.

پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن شادىمان ژاننو پادىشاھنىڭ ئورنىغا چىقىپ مەملىكەتنى باشقۇرۇشقا باشلاپتۇ.

# ئالتۇن چاچلىق ساھىبجامال

## (چىخ خەلق چۆچىكى)

بىر زامانلاردا بىر ئەقىللىق پادىشاھ بولغانىكەن، ئۇ ھەتتا ھايۋانلارنىڭ تىلىنىمۇ بىلىدىكەن. ئۇ بۇنى مۇنداق ئۆگەنگەنىكەن. بىر كۈنى بىر موماي ئۇنىڭغا سېۋەتتە بىر بېلىق ئېلىپ كەپتۇ ـ دە:

— بۇ بېلىقنى قورۇتۇپ يەيسەن. شۇنىڭ بىلەن سەن يەردە ماڭىدىغان، سۇدا ئۈزىدىغان، ھاۋادا ئۇچىدىغان جانىۋارلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بولىسەن، — دەپتۇ. پادىشاھ دۇنيادا ھېچكىممۇ بىلمەيدىغان نەرسىنى ئۆگىنىۋالىدىغانلىقىدىن ئاجايىپ شادلىنىپتۇ. ئۇ مومايغا سېخىيلىق بىلەن پۇل تۆلەپتۇ، خىزمەتكارى ئىرژىكنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزى ئۈچۈن بېلىقتا چۆشلۈك تاماق تەييارلاشنى بۇيرۇپتۇ:

— ئالاھىدە دىققەت قىل، ئاغزىڭغا سېلىپ سالما، بولمىسا كاللاڭدىن ئايرىلىسەن!

ئىرژىك بولسا مۇنداق مەنئى قىلىشتىن تولىمۇ ھەيران بوپتۇ.

«مەن تۇغۇلغاندىن بۇيان بېلىقنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن! — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — يىلانغا بەك ئوخشايدىكەن. ئۆزى تەييارلىغان تاماقتىن ئۆزى تېتىپ

باقمىسا قانداق بولغىنى! »

شۇنداق قىلىپ، تاماق تەييار بولغاندا ئىــــرژىك كىچىككىنە بىر پارچىسىنى ئېلىپ يەپ بېقىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ توساتتىنلا ئىنچىكە بىــر ئاۋۇشنى ئاڭلاپ قاپتۇ:

— بىزگىمۇ كىچىككىنە بەرگىن!

ئىرژىك ئەتراپىغا قاراپتۇ، ئاشخانىدا ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىندىن باشقا ھېچكىم يوق ئىكەن. كوچىدىن بوغۇق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— نەگە بارىسىلەر، نەگە بارىسىلەر؟

ئىنچىكە ئاۋازلار جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئارپا دالاسىدىكى تۇگمەنگە، ئارپا دالاسىدىكى تۇگمەنگە!

ئىرژىك دېرىزىدىن تالاغا قاراپ ئەركەك غاز بىلەن چىشى غازلار توپىنى كۆرۈپتۇ.

«ھىم، — دەپتۇ ئىرژىك ئۆزىگە ئۆزى، — بۇ بېلىق شۇنداق خاسىيەتلىك ئىكەن - دە! »

ئۇ ئەمدى گەپنىڭ نەدىلىكىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر پارچىسىنى يەۋېتىپ، گويا ھېچنېمە بولمىغاندەك بېلىقنى پادىشاھنىڭ خانىسىغا ئېلىپ كىرىپ، ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپتۇ.

تاماقتىن كېيىن پادىشاھ ئىرژىككە ئاتنى ئېگەرلەشنى ھەم ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ سەيلە قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ ئالدىدا مېڭىپتۇ. ئىرژىك بولسا كەينىدە مېڭىپتۇ. ئۇلار يېشىل يايلاقتا كېتىۋاتقاندا، ئىرژىكنىڭ ئېتى ئويناقلاشقا، كىشنەشكە باشلاپتۇ:

— هوي، بۇرادەر! مەن شۇنداق يېنىك ۋە چاققانكى، تاغلاردىن چېپىپ ئۆتۈپ كەتكۈم كېلىۋاتىدۇ!

— مەنمۇ شۇنداق چاپقان بولاتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پادىشاھنىڭ ئېتى، — بىراق ئۇستۇمدىكى قېرى تۇرسا، شۇنداقلا چاپسام، ئۇ يىقىلىدۇ - دە، بويىنى ئۈزۈلىدۇ.

— شۇنداق بولسا نېمە بولاتتى، بويىنى سۇنسا سۇزمامدۇ، — دەپتۇ ئىرژىكنىڭ ئېتى، — شۇ چاغدا قېرىنىڭ ئورنىغا ياشنى ئېلىپ ماڭمامسەن.

ئىرژىك بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىدىن خۇش بوپتۇ، لېكىن پادىشاھ كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئاستاغىنا كۈلۈپتۇ. ئەمما، پادىشاھمۇ ئاتلارنىڭ پاراڭلىرىنى بىلىپ تۇرۇپتۇ، ئۇ ئىرژىككە قاراپ ئۇنىڭ كۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، سوراپتۇ:

— سەن نېمىگە كۈلۈۋاتىسەن؟

— سىلىنىڭ شاھلىق ئېلتىپاتلىرى بىلەن بەزى ئىشلار ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

بىراق، پادىشاھ ئىرژىكتىن گۇمانلىنىپ قاپتۇ، ئېتىغىمۇ ئىشەنمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارقىغا يېنىپ ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ.

ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن پادىشاھ ئىرژىككە جامغا ھاراق قۇيۇشنى بۇيرۇپتۇ

— دىققەت قىل، ئەگەر تۆكۈۋەتسەڭ ياكى تولدۇرماي قۇيساڭ كاللاڭ كېتىدۇ.

ئىرژىك خۇمرىدىن ھاراقنى قۇيۇشقا باشلاپتۇ. مۇشۇ چاغدا دېرىزىدىن ئۆيگە ئىككى قارلىغاچ ئۇچۇپ كىرىپتۇ.

بىرى تۇمشۇقىدا ئۈچ تال ئالتۇن چاچنى چىشلىۋالغان يەنە بىرىنى قوغلاپتۇ.

— ئەكەل، ئەكەل دەيمەن! — دەپتۇ قوغلاۋاتقان قارلىغاچ، — ئۇلار مېنىڭكى!

— بەرمەيمەن! ئۇلار مېنىڭكى، چۈنكى ئۇلارنى مەن تېرىۋالغان.

— ساھىبجامال ئۆزىنىڭ چېچىنى تارىغاندا، چاچلارنىڭ چۈشكىنىنى ئاۋۋال مەن كۆرگەن، شۇڭا ماڭا ئىككى تال بولسىمۇ بەرگىن!

— بىر تېلىنىمۇ بەرمەيمەن!

بۇ چاغدا ئىككىنچى قارلىغاچ بىرىنچى قارلىغاچنى قوغلاپ يېتىپتۇ - دە، ئالتۇن چاچلارنى تۇتۇۋاپتۇ. ئۇلار ئۈچۈپ يۈرۈپ ئولجىنى ئۆزئارا تارتىشىپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر تال چاچتىن تۇتۇپ قاپتۇ، يەنە بىر تال چاچ بولسا يەرگە چۈشۈپ جىرىڭلاپ كېتىپتۇ. ئىرژىك بولسا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قاپتۇ... شۇنىڭ بىلەن ھاراقنى تۆكۈۋېتىپتۇ.

— ئەمدى تۈگىشىدىغان بولدۇڭ! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ، — ئەگەر سەن ئاشۇ ئالتۇن چاچلىق ساھىبجامالنى تاپساڭ ۋە ئۇنى ماڭا خوتۇنلۇققا ئەكېلىپ بەرسەڭ، شۇ چاغدا مەن سېنى كەچۈرىمەن.

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئىرژىك كاللىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن گەرچە نەدىن تېپىشنى بىلمىسىمۇ، ساھىبجامالنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېتىنى ئېگەرلەپ مىنىپتۇ - دە، بېشى قايغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ بىر قېلىن

ئورمانغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردە ئۇ بىر دەرەخنىڭ چېتىدىن كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ ئوتنى پادىچىلار ياققانىكەن. دەرەخنىڭ ئاستىدا بولسا چۇمۇلىلەر ئۇۋىسى بولۇپ، ئوت يالقۇنىنىڭ تەپتى ئۇدۇل ئۇلارغا تەگكىلى تۇرۇپتۇ. چۇمۇلىلەر بولسا پاتىپاراق بولۇشۇپ مىژىلدىشىپ كېتىپتۇ.

— ۋاي، ياردەم قىلغىن، ئىرژىك، ياردەم قىلغىن! — دېيىشىپتۇ چۇمۇلىلەر، — بولمىسا بىز بالىلىرىمىز بىلەن بىللە كۆيۈپ كېتىمىز!

ئىرژىك ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ - دە، دەرەخنى كېسىپ تاشلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوت ئۆچۈپتۇ.

— رەھمەت ساڭا، — دېيىشىپتۇ چۇمۇلىلەر، — ناۋادا ساڭا قاچان بولمىسۇن بىزنىڭ ياردىمىمىز كېرەك بولۇپ قالسا، سەن بىزنى ئەسلىگىن، بىز ساڭا ياردەم بېرەلەيمىز.

ئىرژىك ئورمان ئىچىدە مېڭىپ بىر ئېگىز قارىغاينىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇنىڭ ئۇچىدا قاغا ئۇۋىسى بار ئىكەن، يەردە بولسا ئىككى قاغا بالىسى نالە قىلىشىۋېتىپتۇ:

— ئاتا - ئانىلىرىمىز ئۇچۇپ كەتكەن، ئەمدىلىكتە بولسا ئۆزىمىزنىڭ ئوزۇقىنى ئۆزىمىز تېپىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ، بىز بولساق، مۇشۇنداق بىچارە، پەمسىز، تېخى ئۇچۇشنىمۇ بىلمەيمىز. بىزگە ياردەم قىلغىن ئىرژىك، بىزنى ئوزۇق بىلەن تەمىنلىگىن، بولمىسا بىز ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىمىز!

ئىرژىك ئويلاپ تۇرمايلا ئۆزىنىڭ يولغا ئېلىۋالغان تاماقلىرىنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋېتىپتۇ.

— رەھمەت ساڭا! — دەپ خۇشال قاقىلدىشىپتۇ قاغا بالىلىرى، — ئەگەر ساڭا بىزنىڭ ياردىمىمىز كېرەك بولۇپ قالسا، بىزنى ئەسلىگىن.

ئەمدى ئىرژىككە پىيادە مېڭىشقا توغرا كەپتۇ. ئۇ ئورمان ئىچىدە ئۇزاق مېڭىپتۇ، ئاخىر چەكسىز كەتكەن دېڭىزغا چىقىپ قاپتۇ. قارىسا، قىرغاقتا ئىككى بېلىقچى جېدەللىشىۋاتقۇدەك. ئۇلارنىڭ تورىغا ئالتۇنبېلىق چۈشۈپ قالغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۇنى ئۆزى ئالماقچى بوپتۇ.

— تور مېنىڭ، ئەلۋەتتە، بېلىقمۇ مېنىڭ! — دەپتۇ بىرى.

— تور سېنىڭ بولغان بىلەن ئەگەر مېنىڭ قېيىقىم بىلەن مېنىڭ ياردىمىم بولمىسىچۇ؟ — دەپ نارازىلىق بىلدۈرۈپتۇ يەنە بىرى.

— ئەمدى يەنە شۇنداق بېلىق تۇتساق سېنىڭ بولسۇن.

— نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن! بۇنى ماڭا بەر-گىن - دە، ئىككىنچىسىنى ئۆزۈڭ كۈتكىن.

— مەن سىلەرنى كېلىشتۈرۈپ قويسام قاندـ داق؟ — دەپتۇ ئىرژىك، — بېلىقنى ماڭا سېتىپ بېرىڭلار، پۇلىنى تەڭمۇتەڭ بۆلۈشۈۋالسىلار، مەن سىلەرگە رازى بولغۇدەك پۇل بېرىمەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ پادىشاھتىن يول خىراجىتى ئۈچۈن ئالغان ھەممە پۇلنى ئۇلارغا بېرىۋېتىپتۇ. بېلىقچىلار بولسا بۇ پايدىلىق سودىدىن خۇشال بوپتۇ. ئىرژىك بولسا بېلىقنى قايتىدىن دېڭىزغا قويۇۋېتىپتۇ. بېلىق

خۇشاللىقىدا سۇدا شىلتىك ئېتىپتۇ ـ دە، شۇڭغۇپ كېتىپتۇ، ئاندىن قايتىدىن ئۆرلەپ سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— رەھمەت ساڭا، ئىرژىك! ناۋادا، ياردىمىم كېرەك بولۇپ قالسا مېنى ئەسلىسەڭ بولىدۇ، خىزمىتىڭگە خىزمەت بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ دولقۇن ئىچىدە غايىب بوپتۇ.

— نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بېلىقچىلار ئىرژىكتىن.

— مېنىڭ ئالىيجانابىم، قېرى پادىشاھ ئۈچۈن كېلىنچەك ئىزدەپ كېتىپ بارىمەن. ئۇنىڭغا ئالتۇن چاچلىق ساھىبجامال لازىم بولۇپ قالغان، ئۇنى نەدىن ئىزدەپ تېپىشىمنى بىلمەيمەن.

— بۇنى بىز ساڭا دەپ بېرەلەيمىز، — دەپتۇ بېلىقچىلار، — ئالتۇن چاچلىق ساھىبجامال پادىشاھنىڭ قىزى. ئۇ ئاۋۇ يەردە، ئارالدىكى خرۇستال ئوردىدا تۇرىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئالتۇن چاچلىرىنى تارايدۇ، ئۇنىڭ جۇلاسى ئاسمان بىلەن دېڭىزنى يالتىرىتىۋېتىدۇ. ئەگەر سەن خالىساڭ، بىزنى چىرايلىق ياراشتۇرۇپ قويغانلىقىڭ ئۈچۈن بىز سېنى ئاشۇ ئارالغا ئاپىرىپ قويايلى. بىراق، چىرايىغا دىققەت قىل، توغرا تاللىشىڭ لازىم. چۈنكى، ئۇ پادىشاھنىڭ ئون ئىككى قىزى بولغىنى بىلەن ئالتۇن چاچلىقى پەقەت بىرلا.

ئىرژىك ئارالغا چىققاندىن كېيىن پادىشاھتىن قىزنى ئۆزىنىڭ پادىشاھىغا خوتۇنلۇققا بېرىشىنى سوراش ئۈچۈن خرۇستال ئوردىغا كەپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ پادىشاھ، — مەن قىزىمنى پادىشاھىڭغا خوتۇنلۇققا بېرەي. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن سەن مەن تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئورۇندىشىڭ لازىم، ھەر كۈنى بىر ۋەزىپىنى ئورۇندايسەن. ئەتە باشلايمىز، بۈگۈنچە دەم ئالغىن.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە پادىشاھ مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ ئالتۇن چاچلىق قىزىمنىڭ قىممەت باھالىق مەرۋايىتى بار ئىدى، يىپى ئۈزۈلۈپ كېتىپ يايلاقتىكى ئېگىز ئۆسكەن ئوت - چۆپلۈك ئىچىگە چېچىلىپ كېتىپتۇ. بىرىنىمۇ يوقاتماي ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تېرىپ كەل.

ئىرژىك يايلاققا كەپتۇ. يايلاق بولسا چوڭ ۋە كەڭ ئىكەن. ئۇ ئۆملەپ ئىزدەشكە باشلاپتۇ، ئەتىگەندىن چۈشكىچە ئىزدەپتۇ، لېكىن ھېچنېمە تاپالماپتۇ.

— ھەسسىنەي، — دەپتۇ ئىرژىك، — كاشكى مېنىڭ چۈمۈلىلىرىم بولغان بولسا، ئۇلار ماڭا ياردەم قىلغان بولاتتى!

— بىز بۇ يەردە، ساڭا ياردەم بېرىمىز! — دېگەن ئاۋاز كەپتۇ - دە، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۈمۈلىلەر پەيدا بولۇپ ئالدى - ئارقىسىغا ئۆمىلەشكىلى تۇرۇپتۇ، — ساڭا نېمە كېرەك؟

— مەن مۇشۇ يايلاقتىكى مەرۋايىتلارنى بىرىنىمۇ قالدۇرماي تېرىۋېلىشىم كېرەك.

— كۈتۈپ تۇرغىن، بىز تېرىپ كېلىمىز.

شۇنىڭ بىلەن چۈمۈلىلەر بىرمۇنچە مەرۋايىتنى ھەش-پەش دېگۈچە تېرىپ كەپتۇ. ئىرژىككە بولسا ئۇلارنى يىپقا

ئۆتكۈزۈپ تىزىشلا قاپتۇ. ئۇ يىپنى باغلاي دەپ تۇرغاندا يەنە بىر چۇمۇلە دىڭگوكلاپ يېتىپ كەپتۇ، ئۇ ئاقساق بولۇپ ئۇنىڭ پۇتى شۇ ئوتتا كۆيۈپ كەتكەنىكەن.

— توختاپتۇر! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئاقساق چۇ-مۇلە، — يىپنى باغلىماي تۇر، مەن ساڭا يەنە بىر مەرۋايىتنى ئەكىلىۋاتىمەن.

ئىرژىك مەرۋايىت مارجاننى پادىشاھقا ئەكىلىپ بېرىپتۇ، ئۇ بولسا مەرۋايىتلارنى بىر - بىرلەپ ساناپتۇ، بىرىمۇ كەم ئەمەس، تولۇق چىقىپتۇ.

— بۇ ۋەزىپىنى ئەلا ئورۇندىدىڭ، — دەپتۇ پادى-شاھ، — ئەتە ساڭا ئىككىنچى ۋەزىپىنى بېرىمەن.

ئەتىگەندە ئىرژىك پادىشاھ ئالدىغا كەپتۇ، ئۇ بولسا مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ قىزىم دېڭىزدا چۇمۇلۇۋېتىپ، بارمى-قىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى دېڭىزغا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ، ئەمدى شۇنى تېپىپ ئەكىلىپ بەرگىن.

ئىرژىك دېڭىزغا كەپتۇ - دە، قىرغاقنى ياقىلاپ تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈپتۇ. لېكىن، چوڭقۇر دېڭىزدىن ئۈزۈكنى ئىلىشقا كۆزى يەتمەپتۇ.

— ئەتتەڭ، بۇ يەردە ئالتۇنبېلىق بولغان بولسا، ئۇ ماڭا ياردەم بەرگەن بولاتتى!

دەل شۇ چاغدا، دېڭىز يۈزى نېمە ئۈچۈندۇر يالتىراشقا باشلاپتۇ - دە، سۇنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئالتۇنبېلىق ئۈزۈپ چىقىپتۇ:

— مانا مەن بۇ يەردە، ساڭا ياردەم بېرەلەيمەن! ساڭا نېمە كېرەك؟

— مەن دېڭىزدىن ئالتۇن ئۆزۈكنى تېپىشىم كېرەك.

— مەن ھېلىلا چورتان بېلىقنى ئۇچراتقانىدىم، ئۇنىڭ قانىتىدا شۇ ئۈزۈك تۇراتتى. سەن بىرئاز كۈتكىن، مەن ئۇنى تېپىپ ساڭا ئەكېلىپ بېرىمەن.

بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بېلىق دېڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۈزۈكنى ئىرژىككە ئاچىقىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئىرژىكنى يەنە ماختاپتۇ، ئۇچىنچى كۈنى بولغاندا ئۇنىڭغا يەنە ۋەزىپە تاپشۇرۇپتۇ:

— ئالتۇن چاچلىق قىزىمنى پادىشاھىڭغا بېرىشىم ئۈچۈن، سەن ماڭا جانلىق ۋە ئۆلۈك سۇنى ئەكېلىپ بەرگىن.

ئىرژىك بولسا سۇنى نەدىن ئىزدەيدىغانلىقىنى بىلمەي، قويۇق ئورمانغا يېتىپ كەلگۈچە بېشى قايغان تەرەپلەردە تېنەپ يۈرۈپتۇ.

— ھەسسىنەي، بۇ يەردە قاغا بالىلىرى بولغان بولسا، ئۇلار ماڭا ياردەم بەرگەن بولاتتى!

شۇ ھامان ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە قاياقتىندۇر ئىككى قاغا بالىسى قاناتلىرىنى قېقىشىپ پەيدا بوپتۇ.

— بىز بۇ يەردە، — دەپ قاقىلداپتۇ ئۇلار، — بىز ساڭا ياردەم بېرەلەيمىز! ساڭا نېمە كېرەك؟

— ماڭا جانلىق ۋە ئۆلۈك سۇ كېرەك ئىدى، مەن ئۇلارنى نەدىن تېپىشنى بىلمەيمەن.

— بىز ئۇنى ياخشى بىلىمىز، بىرئاز كۈتۈپ تۇرغىن، ھازىر ئەكېلىپ بېرىمىز.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىردەمدىلا ئىرژىككە ئىككى

بوتۇلكىدا لىقمۇلىق سۇ ئەكىلىپ بېرىپتۇ: بىرىدە جانلىق سۇ، يەنە بىرىدە ئۆلۈك سۇ بار ئىكەن. ئۇ ئامىتىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ پادىشاھنىڭ قەلئەسىگە قاراپ ئالدىراپ چېپىپتۇ.

ئۇ ئورمان ئىچىدە يۇگۇرۇپ كېتىۋېتىپ، بىر ئۆمۈچۈك تورىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر ئۆمۈچۈك ئولتۇرۇۋېلىپ چىۋىننىڭ قېنىنى شوراۋاتقانىكەن. ئىرژىك ئۆلۈك سۇ قاچىلانغان بوتۇلكىدىن ئازراق سۇنى ئېلىپ ئۆمۈچۈككە چېچىپتۇ، ئۇ شۇ ھامان ئۆلۈپتۇ. ئىرژىك يەنە بىر بوتۇلكىدىكى جانلىق سۇنى ئېلىپ چىۋىنغا چاچقانىكەن، چىۋىنمۇ توردىن بۆسۈپ چىقىپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپتۇ ـ دە، ئۇچۇشقا باشلاپتۇ.

— بەختىڭگە يارىشا سەن مېنى قايتىدىن تىرىلدۈردۈڭ، ئىرژىك، — دەپ گىڭشىلداپتۇ ئۇ، — مەنمۇ پادىشاھنىڭ ئون ئىككى مەلىكىسىدىن قايسىسىنىڭ ئالتۇن چاچلىق ئىكەنلىكىنى بايقىۋېلىشىڭ تەس ئەمەس.

پادىشاھ بولسا ئىرژىكنىڭ ئۇچىنچى ۋەزىپىنىمۇ ئورۇندىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قىزىنى ئۇنىڭ پادىشاھىغا بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

— بىراق، — دەپتۇ ئۇ، — ئۇنى ئۆزۈڭ تاللىۋالىسەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىرژىكنى چىرايلىرى ئوخشاش ئون ئىككى ساھىبجامال ئولتۇرغان زالغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇلار قاردەك ئاپئاق يوغان ياغلىق بىلەن چاچلىرىنى يوشۇرۇۋالغانىكەن.

— مانا بۇلار مېنىڭ قىزلىرىم، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قايسىسىنىڭ ئالتۇن چاچلىق ئىكەنلىكىنى بايقىيالىساڭ، ئۇنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكىن. بايقىيالمىساڭ، دېمەك، تەقدىر نېسىپ بولمىغانىكەن، ئۆزۈڭ يالغۇز كېتىسەن.

ئىرژىك نېمە قىلارىنى بىلمەي خىجالەتچىلىك تارتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە نېمىدۇر غىڭشىلداپتۇ:

— ئۇستەلنى ئايلىنىپ ماڭ، مەن ساڭا ئېيتىپ بېرىمەن.

بۇ ئىرژىك تىرىلدۇرگەن چىۋىن ئىكەن.

ئۇ ئۇستەلنى ئايلىنىپ مېڭىپتۇ، چىۋىن بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇچۇپ غىڭشىلداپتۇ:

— بۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس، بۇمۇ. . . ھە، مانا مۇشۇ، ئالتۇن چاچلىق قىز.

— ماڭا مۇشۇ قىزنى بەرگىن! — دەپ ۋارقىراپ سالپتۇ ئىرژىك، — مەن ئۇنى پادىشاھىمغا كۆرسەتكەن خىزمىتىم سۇپىتىدە تەقدىم قىلىمەن.

— تاپتىڭ! — دەپتۇ پادىشاھ.

قىز بولسا ئۇستەلدىن تۇرۇپ ياغلىقىنى شۇنداق ئاپتىكەن، ئۇنىڭ ئالتۇن چاچلىرى دولقۇنلىنىپ يەرگە تېگىپتۇ.

پۈتۈن ئەتراپ گوياكى كۈندۈزدەك يورۇپ كېتىپتۇ، ئىرژىكنىڭ كۆزلىرى بولسا قامىشىپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ئۆزىنىڭ قىزىغا تەئەللۇق بولغانلىكى ھەممە نەرسىنى يوللۇق قىلىپ بېرىپتۇ،

شۈنىڭ بىلەن ئىرژىك قىزنى ئېلىپ دۆلىتىگە قاراپ مېڭىپ كېتىپتۇ.

ئالتۇن چاچلىق ساھىبجامالنى كۆرۈپ قېرى پادىشاھنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كېتىپتۇ. شۇ ھامان توينىڭ تەييارلىقى باشلىنىپ كېتىپتۇ. ئىرژىككە بولسا پادىشاھ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئەسلىدە ئىتائەتسىزلىك قىلغىنىڭ ئۈچۈن سېنى دارغا ئېسىپ جەسىتىڭنى قاغىلارغا چوقۇلىتاي دېگەنىدىم، بىراق سەن خىزمەت كۆرسەتتىڭ، شۇڭا ئەمدى سېنىڭ كاللاڭنى ئېلىپ ھۆرمەت بىلەن دەپنە قىلىشقا بۇيرۇيمەن.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئىرژىكنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. ئالتۇن چاچلىق ساھىبجامال قېرى پادىشاھتىن ئۇنىڭ جەسىتىنى ئۆزىگە بېرىشنى سوراپتۇ، پادىشاھ بولسا كېلىنچىكىنىڭ سۆزىنى رەت قىلالماپتۇ. ئاندىن ئۇ جەسەتنىڭ بېشىنى بەدىنىنىڭ ئۈستىگە جايىغا كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا ئۆلۈك سۇنى چېچىپتۇ، شۇ ھامان بەدىنى بېشى بىلەن تۇتىشىپ كېتىپتۇ، ھېچقانداق ئىز قالماپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن خانىش ئىرژىككە جانلىق سۇنى سېپىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىرىلىپ تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ ياش يىگىتكە ئايلىنىپ قاپتۇ.

— تازىمۇ قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن! — دەپتۇ ئىرژىك كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، قاتتىق ئۇخلىدىڭىز، — دەپتۇ خانىش، — مەن بولمىغان بولسام، مەڭگۈ ئۇخلاپ قالغان بولاتتىڭىز.

قېرى پادىشاھ ئىرژىكنىڭ ياشىرىپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭمۇ ياشىرىپ كېتىشىنى خالاپتۇ.

— مېنىڭمۇ بېشىمنى چېپىڭلار، ئاندىن خاسىيەتلىك سۇ بىلەن مېنى تىرىلدۈرۈڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ پادىشاھ.

ئۇنىڭ بۇيرۇقى بەجا كەلتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھنىڭ جانسىز بەدىنىگە ھەممە جانلىق سۇنى تۆكىگىچە قۇيۇپتۇ، لېكىن بېشى بەدىنىگە ھېچبىر تۇتاشماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈك سۇنى قۇيۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بېشى گەۋدىسىگە دەرھال تۇتىشىپتۇ، ئەمما ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان جانلىق سۇ تامامەن تۈگەپ كېتىپتۇ.

پادىشاھلىقتا پادىشاھ بولمىسا بولمايدۇ. ئىرژىكتىن ئەقىللىقراق ئادەم بۇ يەردە يوق ئىكەن، يەنە كېلىپ ئۇ ھايۋانات تىلىنى بىلىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئۇنى پادىشاھ قىلىپ سايلاپتۇ، ئالتۇن چاچلىق ساھىبجامال بولسا ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار ئۇزاققىچە بەختىيار ھالدا ياشاپتۇ.

# شۇمشۇك قىز

## (يۇگوسلاۋىيە خەلق چۆچىكى)

ئانچە يىراق بولمىغان بىر چوڭقۇر يار بويىدا قىزلار كالا باققاچ يىپ ئىگىرىدىكەن، ئاپئاق ساقىلى كىندىكىگە كېلىدىغان بىر بوۋاي ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— قىزلار، بۇ يەردىن ھەزەر ئەيلەڭلار، مۇبادا سىلەردىن قايسى بىرىڭلارنىڭ ئۇرچۇقى ئۇنىڭغا چۇشۇپ كېتىدىغان بولسا، شۇنىڭ ئانىسى شۇ ھامان كالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، — دەپتۇ.

بوۋاي شۇ گەپنى دەپلا كېتىپ قاپتۇ، قىزلار بولسا ئۇنىڭ سۆزىدىن ھەيران بولۇپ، يارغا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ ئۇنىڭغا قارىغىلى تۇرۇپتۇ. ئېيتقاندەك، بىر چىرايلىق قىزنىڭ ئۇرچۇقى قولىدىن تويۇقسىزلا چىقىپ كېتىپ يارغا چۇشۇپ كېتىپتۇ. كەچقۇرۇنلۇقى قىز ئۆيىگە كېلىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئانىسى كالىغا ئايلىنىپ ئۆيىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئامال يوق، قىز بۇ كالىنىمۇ باشقا كالىلىرىغا قوشۇپ بېقىشقا باشلاپتۇ.

بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قىزنىڭ دادىسى بىر تۇل خوتۇنغا ئۆيلىنىپتۇ، ئۇمۇ بىر قىزنى ئەگەشتۇرۇپ كەپتۇ. ئۆگەي ئانا ئۆگەي قىزىنىڭ ئۆز قىزىدىن چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپلا ئۇنى يامان

كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ يۈيۈنۈشى، تارىنىشى ۋە كىيىنىشىنى مەنئى قىپتۇ ھەمدە ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئۇنى جازالايدىغان ۋە قىينايدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۆگەي ئانا ئۆگەي قىزىغا لىق بىر خالتا كالىلەك ـ كالىلەك پاختىلارنى بېرىپتۇ ۋە:

ــ ئەگەر بۈنىڭ ھەممىسىنى بۈگۈن ئېگىرىپ بولمايدىغان بولساڭ، ئۆيگە كەلگۈچى بولما، بولمىسا ئۆل-تۈرۈۋېتىمەن، ــ دەپتۇ.

بىچارە قىز كالىلارنىڭ كەينىدە يۈرۈپ چامىنىڭ يېتىشىچە ئېگىرىپتۇ، ئەمما چۈشكە يېقىن كالىلار ئارام ئالغىلى ياتقان چاغدا قارىسا، تېخى بىر كالىلەك پاختىمۇ تۈگەي دېمەپتۇ، ئۇ يىغلاپ تاشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئانىسى بولغان ھېلىقى كالا قىزنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قىلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. قىز ئۇنىڭغا بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن كالا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ھېچنېمىدىن غەم قىلماسلىقنى ئېيتىپتۇ:

ــ مەن كالىلەك پاختىنى ئاغزىمغا سېلىپ كۆشەيمەن، قۇلىقىمدىن يىپ ئۇچى كۆرۈنگەندە سەن ئۇنى تۇتۇپ تارتقىن، ئاندىن يىككە ئورىغىن، ــ دەپتۇ.

قىز شۇنداق قىپتۇ. كالا پاختىنى كالىلەكلەپ كۆشەپتۇ، قىز بولسا ئۇنىڭ قۇلىقىدىن يىپنى تارتىپ چىقىرىپ يىككە ئوراپتۇ، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئىش پۈتۈپتۇ. كەچقۇرۇنلۇقى قىز ئۆگەي ئانىسىغا يوغان بىر كالىلەك يىپنى ئەكېلىپ بەرگەندە، ئۇ بۇنىڭدىن ھەيران قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى تېخىمۇ جىق پاختىنى

بېرىپتۇ. ئۆگەي قىز بۇلارنىمۇ ئېگىرىپ ۋە ئوراپ ئۆيگە ئېلىپ كەپتۇ، ئۆگەي ئانا ئۇنىڭغا دوستلىرى ياردەم بېرىۋاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچىنچى كۈنى تېخىمۇ كۆپ كاللەك پاختىنى بېرىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆزىنىڭ قىزىنى ئۇنىڭ يىپ ئېگىرىشىگە كىمنىڭ ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى ئوغرىلىقچە كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئۆگەي ئانىنىڭ قىزى بىر يەردە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ قارىسا، كالا كاللەك ـ كاللەك پاختىنى ئاغزىغا سېلىپ كۆشەۋاتقانمىش، ئۆگەي قىز بولسا ئۇنىڭ قۇلىقىدىن يىپنى تارتىپ چىقىرىپ يىككە ئوراۋاتقانمىش. ئۇ قايتىپ كېلىپ كۆرگەنلىرىنى ئانىسىغا دەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆگەي ئانا ئېرىنى كالىنى ئۆلتۈرۈشكە قىستىغىلى تۇرۇپتۇ. ئەر ئاۋۋال خوتۇنىنىڭ سۆزىنى رەت قىپتۇ، لېكىن خوتۇنى چىڭ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاخىر ماقۇل بوپتۇ. ئۆگەي قىز بۇنى ئۇققاندىن كېيىن قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ. كالا ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن يىغلايدىغانلىقىنى سوراپتۇ، ئۇ كالىغا ھەممىنى دەپ بېرىپتۇ. كالا ئۇنىڭغا:

— بولدى، يىغلىما! ماڭا قارا! مېنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن سەن مېنىڭ گۆشۈمنى يېمە، ئۇستىخانلىرىمنى يىغىپ ۋە ئۇلارنى ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى تاشنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويغىن، قاچانىكى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە، مېنىڭ قەبرەمگە كەلسەڭ، ھەرقاچان تېگىشلىك ياردەمگە ئىگە بولىسەن، — دەپتۇ.

كالىنى سويغاندىن كېيىن ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشكە باشلاپتۇ. قىز بولسا قورسىقىم توق، يېيەلمەيمەن

دەپ بىر چىشلەم گۆشنىمۇ ئاغزىغا ئالماپتۇ. ئۇ كالىنىڭ ھەممە ئۇستىخانلىرىنى يىغىپ، كالىنىڭ دىگىنىدەك قىلىپ كۆمۈپ قويۇپتۇ. بۇ قىزنىڭ ئىسمى مارا ئىكەن. ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ئۆيدە ھەممىدىن كۆپ ئىشلەيدىكەن ۋە ھەممىسىنىڭ گىپىنى ئاڭلايدىكەن. سۇ توشۇيدىكەن، تاماق ئېتىدىكەن، قاچا - قومۇچ يۇيۇدىكەن، ئۆيلەرنى سۈپۈرىدىكەن ھەمدە قالغان - قاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدىكەن، ھەممىدىن كۆپرەك ئوچاق بېشى بىلەنلا ھەپىلىشىپ يۈرگەنلىكتىن، ئۆگەي ئانا بىلەن قىزى ئۇنى شۇمشۇك قىز دەپ چاقىرىدىكەن.

بىر يەكشەنبە كۈنى ئۆگەي ئانا ئۆز قىزى بىلەن چېركاۋغا بارماقچى بوپتۇ. لېكىن، مېڭىش ئالدىدا ئۆگەي ئانا ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە بىر تەڭنە تېرىقنى چېچىۋېتىپتۇ ۋە ئۆگەي قىزىغا قاراپ:

— ھەي، شۇمشۇك قىز، ئەگەر سەن بىز چېركاۋدىن قايتىپ كەلگۈچە تېرىقلارنى تېرىپ بولمايدىغان ۋە چۈشلۈك تاماقنى پىشۇرۇپ قويمايدىغان بولساڭ، مەن سېنى - سى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! — دەپتۇ.

ئۇلار چېركاۋغا كېتىپتۇ، بىچارە قىز بولسا چۈشلۈك تاماقتىن غېمىم يوق، ئۇنى ئەتمەك ئاسان، لېكىن مۇنچىۋالا كۆپ تېرىقنى قانداقمۇ يىغىۋالارمەن، دەپ ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ ۋە شۇ ھامان كالىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە مېنىڭ قەبرەمگە كەلسەڭ، تېگىشلىك ياردەمگە ئىگە بولىسەن دىگەن سۆزى ئېسىگە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەبرىگە قاراپ چېپىپتۇ. بېرىپ شۇنداق قارىسا، قەبرىنىڭ ئۇستىدە قىممەت باھالىق كىيىم -

كىچەكلەر بىلەن تولغان يوغان ساندۇق ئوچۇق تۇرغۇدەك، ساندۇقنىڭ قاپقىقىغا ئىككى ئاق كەپتەر قونۇپ ئولتۇرغۇدەك، ئۇلار قىزغا:

— مارا، ساندۇقتىكى كىيىملەرنىڭ قاندىقىنى خالىساڭ، شۇندىقىنى ئېلىپ كىيىپ ياسانغىن - دە، ئۇدۇل چېركاۋغا بارغىن، بىز تېرىقنى يىغىمىز ۋە قالغان ئىشنى قىلىمىز، — دەپتۇ.

ئۇ خۇشال بولۇپ، ئېسىل يىپەك كىيىملەر بىلەن ياسىنىپ چېركاۋغا بېرىپتۇ. چېركاۋدىكى ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ گۈزەل جامالىدىن ۋە چىرايلىق كىيىملىرىدىن ھەيران قېلىشىپتۇ ھەم ئۇنىڭ كىملىكىنى، نەدىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەي ھاڭ-تاڭ بوپتۇ، ھەممىدىن كۆپرەك ھەيرانۇ ھەس بولغىنى بۇ چېركاۋغا تاسادىپىي كېلىپ قالغان شاھزادە بوپتۇ. ئىبادەت ئاياغلىشاي دەپ قالغاندا، قىز غىپپىدىلا چېركاۋدىن چىقىپتۇ - دە، ئۆيىگە يۈگۈرۈپتۇ. ئۆيىدە كىيىملىرىنى سېلىپ ساندۇققا ساپتۇ. ساندۇق بولسا ئۆزلۈكىدىن يېپىلىپلا غايىب بوپتۇ. ئاندىن ئۇ ئىتتىك ئۆيگە كىرىپ ئوچاق بېشىغا كەپتۇ، بۇ يەردە بولسا تېرىق تەڭنىگە قاچىلانغان، تاماق پىشقان، ھەممە نەرسە جاي - جايىغا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ھالدا تۇرۇپتۇ. ئۆگەي ئانا قىزى بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىنلا چېركاۋدىن قايتىپ كەپتۇ، ھەممە ئىشنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ.

يەنە بىر يەكشەنبە كۈنى ئۆگەي ئانا قىزى بىلەن يەنە چېركاۋغا بېرىپتۇ، مېڭىش ئالدىدا ئۆگەي ئانا ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىگە تېخىمۇ كۆپ تېرىقنى چېچىۋېتىپتۇ ۋە ئۆگەي

قىزىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەگەر بىز چىركاۋدىن قايتىپ كەلگۈچە، سەن تېرىقنى يىغمىساڭ، تاماقنى ئەتمىسەڭ، ئۆينى پىسىقتۇرمىساڭ، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!

ئۇلار چىركاۋغا كېتىپتۇ، ئۆگەي قىز بولسا شۇ ھامان ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ. ئۇ شۇنداق قارىسا، ئۇ يەردە يەنە ئۆتكەن ھەپتىدىكىدەك ساندۇق ئاغزى ئوچۇق تۇرغان، قاپقىقىدا ئىككى كەپتەر قونۇپ ئولتۇرغان. كەپتەرلەر ئۇنىڭغا:

— سەن ياسانغىن مارا، چىركاۋغا تېزرەك بارغىن، بىز تېرىقنى يىغىمىز ۋە قالغان ھەممە ئىشنى قىلىمىز، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ساندۇقتىن ساپ كۈمۈشتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى ئېلىپ كىيىپ ياسىنىپ چىركاۋغا بېرىپتۇ. چىركاۋدا ھەممەيلەن بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ھەيران قېلىشىپتۇ، شاھزادە بولسا ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپلا قاپتۇ. ئىبادەت ئاياغلىشاي دەپ قالغاندا، ئۇ يەنە ئۆيىگە قاراپ چېپىپتۇ. ئۇ ئۆيدە ئالمان - تالمان يېشىنىپ كىيىملىرىنى ساندۇققا ساپتۇ - دە، تېزلىك بىلەن ئوچاق بېشىغا كېلىۋاپتۇ. ئۆگەي ئانا قىزى بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ھەممە ئىشنىڭ جاي - جايىدا بېجىرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ.

ئۈچىنچى ھەپتىدە ئۆگەي ئانا قىزى بىلەن يەنە چىركاۋغا بېرىپتۇ، لېكىن مېڭىش ئالدىدا تېخىمۇ كۆپ تېرىقنى چېچىپتۇ ھەم ئۆگەي قىزىغا ئۆتكەن ئىككى ھەپتىدە دېگەن سۆزلىرىنى تەكرارلاپتۇ.

ئۇلار ئۆيدىن چىقىشى بىلەنلا، ئۆگەي قىز ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ يەنە شۇ ئوچۇق ساندۇقنى، ئۇنىڭ قاپقىقىدا قونۇپ ئولتۇرغان ئىككى كەپتەرنى كۆرۈپتۇ. كەپتەرلەر ئۇنىڭغا ياسىنىپ چېركاۋغا بېرىشنى، ئۆيدىكى ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇشنى ئېيتىپتۇ. ئاندىن ئۇ ساندۇقتىن ئالتۇندىن تىكىلگەن كىيىملەرنى ئېلىپ كىيىپ ياسانغاندىن كېيىن چېركاۋغا بېرىپتۇ. چېركاۋدىكى ھەممە ئادەم بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك تاڭ قېلىشىپتۇ. شاھزادە بولسا ئۇنى كۆزىدىن يىتتۇرمەي، ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، چېركاۋدىن چىقىپ نەگە بارىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشنى قارار قىپتۇ. ئىبادەت ئاياغلىشىپ، شۇمشۇك قىز ئۆيىگە قاراپ ماڭغاندا، شاھزادە ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ. قىز قېچىپ كېتىۋاتقاندا، ئوڭ پۇتىنىڭ توپلىيى چۈشۈپ قاپتۇ. شاھزادە بولسا توپلەينى تېپىۋاپتۇ. قىز ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كىيىملىرىنى ساندۇققا ساپتۇ، ئۆزى بولسا ئوچاق بېشىغا كېلىۋاپتۇ.

شاھزادە بولسا پۈتكۈل پادىشاھلىق تەۋەسىدە قانداق قىزنىڭ بۇنداق توپلەي كىيىدىغانلىقىنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. ھەربىر قىزغا توپلەينى كىيگۈزۈپ تەكشۈرۈپتۇ، لېكىن بىرىنىڭ پۇتى ئۇزۇنراق بولسا، يەنە بىرىنىڭ قىسقاراق، ئۇچىنچىسىنىڭ ئىنچىكە بولسا، تۆتىنچىسىنىڭ تومراق بولۇپ ھېچبىرىگە توغرا كەلمەپتۇ. شاھزادە بولسا ئۆيمۇئۆي ئىزدەپ يۈرۈپ شۇمشۇك قىزنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قاپتۇ. ئۆگەي ئانا شاھزادىنىڭ ئۆيىگە قىز ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، شۇمشۇك قىزنى دەرھال ئۆينىڭ ئارقىسىدا تۇرغان تەڭنىنىڭ ئاستىغا

تىقىپ قويۇپتۇ. شاھزادە ئۆيگە كىرىپ قىزلارنىڭ بار - يوقلۇقىنى سوراپتۇ. ئۆگەي ئانا بار دەپ ئۆزىنىڭ قىزىنى كۆرسىتىپتۇ. توپلەينى ئۇنىڭغا كىيگۈزگەنىكەن، بارماقلىرىمۇ سىغماپتۇ. ئاندىن شاھزادە ئۆيدە يەنە باشقا قىزنىڭ بار - يوقلۇقىنى سوراپتۇ، ئۆگەي ئانا يوق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە شۇمشۇك قىز ئاستىدا ياتقان تەڭنىنىڭ ئۈستىگە خوراز سەكرەپ چىقىپتۇ - دە:

— قىي - قىي - قىق! ئۇ مانا! تەڭنىنىڭ ئاستىدا! — دەپ چىللاپتۇ.

ئۆگەي ئانا بولسا ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— ۋۇي شۇمشۇك! شەيتان ئالغۇر!

شاھزادە بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەڭنىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى كۆتۈرۈپ قارىسا، ئۇنىڭ ئاستىدا ياتقان قىز — دەل ئاشۇ كىيىمنى كىيگەن قىزنىڭ ئۆزى ئىكەن. شاھزادە ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن خۇشاللىقىدا ھوشىدىن كېتەيلا دەپ قاپتۇ. قىزغا توپلەينى كىيگۈزگەنىكەن، خۇددى سول پۇتىدىكىگە ئوخشاش دەلمۇدەل كەپتۇ. شاھزادە ئۇنى ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭغا ئۆيلىنىپتۇ.

## تەتۈر تىكىلگەن كۆك چەكمەن چاپان

### (بېلورۇسىيە خەلق چۆچىكى)

بىر شەھەرگەر پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇ پۈتكۈل پادىشاھلىقتا:

— كىم مەن تاپالمىغۇدەك يەرگە يوشۇرۇنالىسا، شۇنىڭغا يېرىم پادىشاھلىقىمنى بېرىمەن! — دەپ جاكارلاپتۇ.

تەتۈر تىكىلگەن كۆك چەكمەن كىيگەن بىر ئوۋچى ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مەن شۇنداق يوشۇرۇنىمەنكى، مېنى ھەرگىز تاپالمايسىز! — دەپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئەگەر يوشۇرۇنۇپ كېتەلىسەڭ، يېرىم پادىشاھلىقىم سېنىڭ بولىدۇ، بولمىسا كاللاڭ ئېلىنىدۇ. تىلخەت بېرىسەن.

ئوۋچى تىلخەتنى بەرگەندىن كېيىن دەرھال يوشۇرۇنۇپتۇ. دەسلەپ پادىشاھلىقنىڭ ئالدىدا پالۋانغا ئايلىنىپتۇ، ئاندىن قارا سۆسەرگە ئايلىنىپ ئورمىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپتۇ، ئاندىن ئاق ئاغمىخانغا ئايلىنىپ، دەرۋازا ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ كېتىپتۇ، ئاخىر ئايدالادا بوز توشقان بولۇپ چېپىپتۇ.

ئۇ يۈگۈرۈپتۇ، يۈگۈرۈپتۇ، شۇ يۈگۈرگىنىچە تولىمۇ

يىراق بىر ئەلگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ ئەلدە بىر بىپايان كەتكەن يېشىل يايلاق بار ئىكەن. ئۇ مۇشۇ يايلاققا يۇگۇرۇپ كەپتۇ ــ دە، ئۈچ خىل چېچەككە ئايلىنىۋاپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ جادۇگەرلىك كىتابىغا قاراپ:

ــ مېنىڭ ئالدىمدا پالۋانغا ئايلىنىپ تۇرۇپتۇ، ئورنىدا قارا سۆسەر بولۇپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپتۇ، دەرۋازىدىن ئاق ئاغمىخان بولۇپ ئۆمىلەپ چىقىپ كېتىپتۇ، ئايدالادا بوز توشقان بولۇپ چېپىپتۇ. ئاخىر بېرىپ تولىمۇ يىراق بىر ئەلدىكى بىپايان يايلاققا كەپتۇ ــ دە، ئۈچ خىل چېچەككە ئايلىنىۋاپتۇ، ــ دەپتۇ ــ دە، نۆكەرلىرىنى چاقىرىپتۇ.

ئۇ ئۇلارغا ئاشۇ ئەلگە بېرىپ، شۇ يايلاقتىكى ئۈچ خىل چېچەكنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. نۆكەرلەر يولغا راۋان بوپتۇ.

ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپتۇ، ئاخىر ئاشۇ يايلاققا يېتىپ كېلىپ، چېچەكلەرنى ئۈزۈۋېلىپ، ياغلىققا ئوراپ پادىشاھقا ئېلىپ كەپتۇ.

پادىشاھ ياغلىقنى يېشىپتۇ ــ دە، كۈلۈپ كېتىپ:

ــ ھە قانداق، كۆك چەكمەن، سەن مەندىن يوشۇرۇنۇپ كېتەلىدىڭمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

كۆك چەكمەن ئادەمگە ئايلىنىپ:

ــ پادىشاھ يەنە بىر قېتىم يوشۇرۇنۇشقا ئىجازەت بەرگەيسىز، ــ دەپتۇ.

پادىشاھ ئىجازەت بېرىپتۇ.

ئۇ ۋېچى يۈگۈرۈپتۇ، يۈگۈرۈپتۇ، شۇ يۈگۈرگەنچە ئەڭ

يىراقتىكى بىر ئەلنىڭ ئەڭ يىراق يېرىگە يېتىپ كەپتۇ.

بۇ ئەلدە بىر مۇخ - يۇسۇنلۇق سازلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستى پاتقاق، ئاستى كۆل ئىكەن. ئۇ يۇسۇنلۇق پاتقاق ئاستىغا كىرىپ ئالىچىپار بېلىقنى ئايلىنىپ كۆلنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ جادۇگەرلىك كىتابىغا قاراپ تۇرۇپ:

— ئۇ ھازىر ئەڭ يىراقتىكى ئەلنىڭ ئەڭ چېتىگە چېپىپ بېرىپ يۇسۇنلۇق سازلىققا كىرىپ ئالىچىپار بېلىققا ئايلىنىۋاپتۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ نۆكەرلىرىگە ئەڭ يىراقتىكى ئەلگە بېرىپ يۇسۇنلۇق سازلىقنى تازىلاپ ئالىچىپار بېلىقنى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

نۆكەرلەر شۇنداق قىپتۇ ۋە ئۇنى تۇتۇپ، ياغلىققا ئوراپ پادىشاھقا ئېلىپ كەپتۇ.

— ئەمدىچۇ، تەتۈر تىكىلگەن كۆك چەكمەنلىك ئادەم، يەنە بىر قېتىم يوشۇرۇنۇپ كۆرەمسەن قانداق؟ — دەپ كۈلۈپتۇ پادىشاھ.

كۆك چەكمەنلىك ئادەمگە ئايلىنىپ:

— شۇنداق، يەنە بىر قېتىم يوشۇرۇنۇشقا ئىجازەت بەرگەيسىز، — دەپتۇ.

پادىشاھ يەنە ئىجازەت بېرىپتۇ.

كۆك چەكمەن چاپان كىيگەن ئادەم يۈگۈرۈپتۇ، يۈگۈرۈپتۇ، شۇ يۈگۈرگەنچە ئەڭ يىراق ئەلدىكى بىر يىلتىزى زېمىننىڭ تېگىدە بولغان، ئۇچى كۆككە تاقاشقان بىر تۈپ دۇب دەرىخىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇ دۇب دەرىخىگە

يامىشىپ چىقىپتۇ. يىگىنە بولۇپ قوۋزاقىنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ ـ دە، شۇ يەردە ئولتۇرۇپتۇ.

بىر چاغدا ناگاي دېگەن بىر قۇش بۇ دۇب دەرىخىگە كېلىپ قونۇپتۇ. بۇ قۇش قوۋزاقىنىڭ ئاستىدا ئادەم بارلىقىنى سېزىپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن:

— سەن كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ كۆك چەكمەنلىك ئادەم.

— سەن بۇ يەرگە قانداق قىلىپ كېلىپ قالدىڭ؟

— مۇنداق ئىش بىلەن، — دەپتۇ ئۇ، — مەن جادۇگەر پادىشاھتىن يوشۇرۇنماقچىدىم، لېكىن ئىش ھېچبىر ئەپلەشمەيۋاتىدۇ.

— خالىساڭ، مەن سېنى يوشۇرۇپ قويسام قانداق؟

— يوشۇرۇپ قويغىن، ھەممەتلىك قۇش، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن سەندىن بىر ئۆمۈر مىننەتدار بولاي.

قۇش ئۇنى كىچىككىنە پەيگە ئايلاندۇرۇپ قانىتى ئاستىغا تىقىپ، پادىشاھنىڭ سارىيىغا ئېلىپ كەپتۇ ـ دە، ئۇنى ئۇخلاۋاتقان پادىشاھنىڭ قوينىغا سېلىپ قويۇپتۇ.

پادىشاھ ئەتىگەن تۇرۇپ جادۇگەرلىك كىتابىغا قاراپ سۆزلەپتۇ:

— ئۇ ئەڭ يىراقتىكى بىر ئەلگە بېرىپتۇ، ئۇ يەردە بىر تۈپ دۇب دەرىخى بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى زېمىننىڭ تېگىدە، ئۇچى كۆكتە ئىكەن. ئۇ شۇ دۇب دەرىخىنىڭ قوۋزىقى ئىچىگە كىرىۋېلىپ يىگىنە بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

پادىشاھ نۆكەرلىرىگە دۇب دەرىخىنى ھەرىلەپ، ئوتۇن قىلىپ يېرىپ كۆيدۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ.

نۆكەرلەر دەل شۇنداق قىپتۇ. لېكىن، كۆك

چەكمەنلىك ئادەمنى تاپالماي قايتىپ كېلىپ مەلۇم قىپتۇ:

— ئۇ يەردە كۆك چەكمەنلىك ئادەم يوق ئىكەن.

— قانداقچە يوق بولىدىكەن؟ — دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ پادىشاھ، — مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

پادىشاھ ھويلىغا چىقىپتۇ ۋە ئۇنى چاقىرىپتۇ:

— تەتۈر تىكىلگەن كۆك چەكمەنلىك ئادەم، قېنى ئۆزۈڭنى كۆرسەتمەمسەن!

— ۋەزىرلىرىڭىزنى يىغىڭ، — دەپتۇ كۆك چەكمەنلىك ئادەم، — شۇ چاغدا كۆرۈنىمەن.

پادىشاھ كۆك چەكمەنلىك ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپتىيۇ - يۇ، لېكىن ئۇ ئاۋازنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ.

پادىشاھ ئايلىنىپتۇ، ئايلىنىپتۇ، ھەممە يەرگە قاراپ چىقىپتۇ، لېكىن كۆك چەكمەنلىك ئادەم كۆرۈنمەپتۇ. ئەمدى ھېچقانداق ئامال قالماپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى يىغىپتۇ - دە، ھويلىغا چىقىپ يەنە چاقىرىپتۇ.

— كۆك چەكمەنلىك ئادەم، قېنى ئەمدى كۆرۈنمەمسەن!

— ياق! — كۆك چەكمەنلىك ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، — ئالدى بىلەن ۋەزىرلىرىڭىز ئالدىدا ماڭا يېرىم پادىشاھلىقىڭىزنى بېرىدىغانلىقىڭىز ھەققىدە تىلخەت بەرسىڭىز ئاندىن كۆرۈنىمەن. بولمىسا سىز مېنى ئالدايسىز!

پادىشاھ يېرىم پادىشاھلىقنى بېرىدىغانلىقى ھەققىدە تىلخەت بېرىشنى خالىمىسىمۇ، لېكىن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ ۋەزىرلىرى ئالدىدا بۇيرۇققا ئۆزىنىڭ

پادىشاھلىق مۆھۈرىنى بېسىشى بىلەنلا، ئۇنىڭ قولتۇقىدىن كىچىككىنە بىر پەي ئۇچۇپ چىقىپتۇ - دە، كۆك چەكمەنلىك ئادەمگە ئايلىنىپتۇ.

— مانا مەن! — دەپتۇ كۆك چەكمەنلىك ئادەم ۋە بۇيرۇقنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا سابتۇ.

شاھ شۇنىڭدىن كېيىن مۆكۈشمەك ئويناشنى توختىتىپتۇ.

# قوۋ ئوۋچى

## (ئۇكرائىنا خەلق چۆچىكى)

پاننىڭ ئوۋ قىلغۇسى كەپقاپتۇ. ئۇ ئوۋچىلارنى يىغىپ ئورمانغا قاراپ مېڭىپتۇ. كۆن بويى قىدىرىپ ھېچقانداق بىر ھايۋاننى ئۇچرىتالماپتۇ.

ئوۋچىلار ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە يېرىم كېچىدە يېتىپ كەپتۇ. بىر چاغدا يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. پان مۇزلاپتۇ، چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. ئۆي يىراق، يول قاراڭغۇ بولۇپ، پاناھلانغۇدەك يەرمۇ يوق ئىكەن.

مانا شۇ چاغدا پان مۇنداق دەپتۇ:

— پاھ، مۇشۇ تاپتا ئىسسىققىنا ئۆي بولسا، يەنە كېلىپ ئورۇن - كۆرپىلىرى ئاپئاق، نانلىرى يۇمشاق، كۇاسلىرى چۇچۇمەل بولسا، ئۇ چاغدا كۆزىمىزنى زادىلا يۇماي، تاڭ ئاتقۇچە ئەللەي ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، قىزىق ھېكايىلەرنى سۆزلىگەن بولاتتۇق، بۇنى يالماۋۇزلار بىلەن دىۋىلەرمۇ زوقلىنىپ ئاڭلىغان بولاتتى!

پان مۇشۇ سۆزنى دەپ بولۇپلا قارىغانىكەن، بىر يورۇق كۆرۈنۈپتۇ. ئوۋچىلار بۇ يەرگە كەپتۇ، قارىسا ئۆي ئىكەن. ئۇلار ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۇستەلدە يۇمشاق نان، بىر خۇمرا كۇاس بار ئىكەن. ئىسسىق ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا

ئاپئاق ئورۇن - كۆرپىلىرىمۇ بار ئىكەن. قىسقىسى، ھەممە نېمە دەل پاننىڭ خالىغىنىدەك ئىكەن!

ئوۋچىلار كەچلەپتۇ، ئىسسىنىپتۇ ھەمدە يېتىپ ئۇخلاپتۇ. ھەممەيلەن ئۇخلاپ كېتىپتۇ، پەقەت بىر ئوۋچىلا نېمە ئۈچۈندۇر ئۇخلىماپتۇ.

يېرىم كېچىدە ئۇ توپ - توپ قارا - قۇرا بىر نېمىلەرنىڭ ئۆيگە يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار بولسا ئورماننىڭ جاي - جايلىرىدىن يىغىلىپ كەلگەن دېۋىلەر بىلەن يالماۋۇزلار ئىكەن. ئۇلار ئۆيگە قولىقىنى يېقىپ پىچىرلاشقىلى تۇرۇپتۇ:

— مانا ھازىر ھېكايە سۆزلەپ، ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلايدۇ. ۋۇي، ھېچنېمە ئاڭلانمايدىغۇ!

ئۇلار كۈتۈپتۇ، كۈتۈپتۇ، پىچىرلىشىپتۇ، توخۇلار بىرىنچى قېتىم چىللىغاندا، ئۇلارنىڭ چوڭى دېرىزىگە يېقىن كېلىپ ئۆيگە قاراپتۇ - دە، مۇنداق دەپتۇ:

— بەللى، پان! ئۆزۈڭ ئۆي ئىسسىق، ئورۇن - كۆرپە ئاپئاق، نان يۇمشاق، كۋاس چۈچۈمەل بولغان بولسا، كۆزىمىزنى يۇماي تاڭ ئاتقۇچە ھېكايە سۆزلەپ، ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتقان بولاتتۇق، دېگەنىدىڭ. بىز ئىسسىق ئۆينى تەييارلىدۇق، ئاپئاق ئورۇن - كۆرپىلەرنى سېلىپ بەردۇق، ئىسسىق نان بىلەن تەمىنلىدۇق، چۈچۈمەل كۋاسنىمۇ ئىچۈردۇق. ئەمدىلىكتە بولسا ئۆزۈڭ قىلغان ۋەدىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپسەن، — دەپتۇ ۋە ھەمراھلىرىغا، — ئەمدى ئۇ شۇ سەۋەبتىن ئۆز جاجىسىنى يەيدۇ. ئۇ ئۆيگە كېتىۋېتىپ يولدا ئالما دەرىخىنى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ ئالمىنى يېگۈسى كېلىدۇ ھەمدە

ئالمىنى شۇنداق تېتىشى بىلەنلا گېلىغا تۇرۇپ قالىدۇ.
كىم بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ ئۇنىڭغا دەپ قويسا، ئۇ تېزىنغىچە تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.
ئوۋچى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ۋاي، بۇ بىر بالا ئىكەنغۇ!» دەپ ئويلاپتۇ.
يالماۋۇز بىلەن دىۋىلەر بولسا ئۆيىنىڭ يېنىدا چۇۋۇلداشقىلى تۇرۇپتۇ..
خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم توخۇ چىللاپتۇ. يەنە شۇ ئەڭ چوڭى دېرىزە تۈۋىگە يېقىن كېلىپ:
— بەللى، بىسوۋنىڭ ئوغلى پان! ئۇخلىغىنىڭ ئۇخلىغان. ئۆزۈڭ، ئۆي ئىسسىق، ئورۇن - كۆرپە ئاپئاق، نان يۇمشاق، كۇاس چۇچۇمەل بولسا، كۆز يۇمماي ھېكايە سۆزلەپ، ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتاتتۇق دېگەن تۇرساڭ، ئەمدى ھەممىسى دېگىنىڭدەك تەييار بولغاندا بولسا ئۆزۈڭنىڭ ۋەدىسىنى ئۇنتۇپسەن، — ئۇ ھەمراھلىرىغا قاراپ، — بۇنىڭ ئۈچۈن پان كۆرگۈلۈ-كىنى كۆرىدۇ: ئۇ ئۆيگە كىتىۋېتىپ ئايدالانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇدۇقتىكى سۇزۇك سۇنى كۆرۈپ، ئۇنى ئىچكۇسى كېلىدۇ. ئۇ بۇ سۇنى ئىچىشى بىلەنلا گېلى كۆيۈپ قالىدۇ ھەم پۇتۇن ئىچ - قارنى كۆيۈپ كېتىدۇ. كىم بۇنى ئاڭلىۋېلىپ ئۇنى پانغا يەتكۈزۈپ قويسا، ئۇ تۇرغان يېرىدىلا مەيدىسىگىچە تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ! — دەپتۇ.
ئوۋچى بۇنى ئاڭلاپتۇ - دە، گەجگىسىنى تاتىلاپ: «ئەستا، بۇمۇ بىر بالا ئىكەنغۇ!» دەپتۇ.

توخۇلار ئۇچىنچى قېتىم چىللىغاندا، يەنە شۇ ئەك چوڭى دېرىزىگە كېلىپ قاراپتۇ:
— ھوي، بۇ بىسوۋنىڭ ئوغلى ئەمەسمىدۇ - يا! شۇنچە ئۇخلاپمۇ يەنە ئويغانمايدىغۇ! ئۇنىڭ ئۆزى ئۆي ئىسسىق، ئورۇن - كۆرپە ئاپئاق، نان يۇمشاق، كۋاس چۇچۇمەل بولسا، كۆز يۇمماي ھېكايە سۆزلەپ ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتاتتۇق دېگەنىدىغۇ. ئۇنىڭ ھەممىسى تەل بولغاندا ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. بىراق ئۇ بۇنىڭ ئۇچۇن شۇ بالاغا يولۇقىدۇ: ئۇ ئۆيىگە ماڭغاندا يول بويىدىكى ئۆينى كۆرىدۇ، ئۆينىڭ ئىچىدە بولسا ماموق تۆشەك بار، پاننىڭ شۇ تۆشەكتە كۆز يۇمۇۋالغۇسى كېلىدۇ، ئۇ يېتىشى بىلەنلا كۆيۈپ كېتىدۇ! كىم بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ پانغا ئېيتىپ قويسا، ئۇ تۇرغان يېرىدە بوينىغىچە تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ.
ئوۋچى بۇنى ئاڭلاپتۇ ۋە: «مانا بۇ تېخىمۇ چوڭ بالا ئىكەنغۇ!» دەپ ئويلاپتۇ.
يالماۋۇز بىلەن دېۋىلەر بولسا چۇۋۇلدىشىپتۇ، چۇرقىرىشىپتۇ، ئاخىر ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كېتىپتۇ.
ئوۋچى يولداشلىرىنى ئويغىتىشقا باشلاپتۇ، پاننىمۇ ئويغىتىپتۇ. «بۇ يەردىن، — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — تېزرەك كېتىۋالايلى!»
ھەممەيلەن ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ. كېتىۋېتىپ ئالما دەرىخىنى ۋە ئۇنىڭدىكى چىرايلىقلىقىنى تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان قىپقىزىل ئالمىلارنى كۆرۈپتۇ.
پاننىڭ بۇ ئالمىلارنى ئۈلگۈدەك يېگۈسى كەپتۇ. ھېلىقى ئوۋچى بولسا ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە كېلىپ قىلىچى

بىلەن بىرنى ئۇرۇپتىكەن، ئالمىلار تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ پارە - پارە بولۇپ كېتىپتۇ.

پانىنىڭ بۇنىڭغا ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ:

— خەپ، توختاپتۇر، مېنىڭدىن كۆرىسەن! — دەپ دوق قىپتۇ.

ئۇلار يەنە مېڭىپتۇ. كۈن بولسا تازا قىزىپتۇ. دەل شۇ چاغدا، ئايدالانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قۇدۇق ئۇچراپتۇ. ئۇنىڭدىكى سۇ بولسا شۇنداق سۈزۈك، سوغۇق ئىكەنكى، ئۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن!

پانىنىڭ بۇ سۇنى شۇنداق ئىچكۈسى كېلىپ كېتىپتۇكى، ئۇنى بىر دېمەڭ! ئۇ قۇدۇقتىن بىر چۆمۈچ سۇ ئەپكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ سۇنى ئەمدى لېۋىگە ئەكېلىپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى ئوۋچى ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ قىلىچى بىلەن چۆمۈچكە بىرنى ئۇرۇپتۇ، ھەممە سۇ يەرگە تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ.

پانىنىڭ ئۆتى يېرىلغۇدەك ئاچچىقى كەپتۇ:

— خۇنپەر، تاناۋىڭنى بىر تارتىپ قويمىسام! ماڭا قىلغان چاقچىقىڭنىڭ تەمىنى بىر تېتىتىپ قويمىسام...

ئۇلار يەنە داۋاملىق مېڭىپ، يول بويىدا تۇرغان بىر ئۆينى كۆرۈپتۇ. ئۆينىڭ ئىچىدە بولسا ئېسىل كارىۋات، كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ماموق تۆشەك بار ئىكەن.

پانىنىڭ بۇ كارىۋاتتا يېتىۋالغۇسى بەكلا كەپتۇ. ھېلىقى ئوۋچى يەنە ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلگىنىچە قىلىچى بىلەن كارىۋاتقا بىرنى ئۇرۇپتىكەن، كارىۋات تىلىم - تىلىم بولۇپ كېتىپتۇ.

پان غەزىپىدىن خەسىدەك ئاقىرىپ كېتىپتۇ. ئۆيگە

يېتىپ بارماي تۇرۇپلا خىزمەتكارلىرىغا بۇيرۇق قىپتۇ:
— ھېلىقى ئوۋچىنى چاقىرىپ كېلىڭلار.
ئۇ كەپتۇ. پان ئۇنىڭدىن:
— نېمە ئۇچۇن سېنىڭ مەن بىلەن ئويناشقۇڭ كېلىپ قالدى؟ نېمىشقا ئالمىنى چېپىۋېتىسەن؟ نېمىشقا چۆمۈچنى چېقىۋېتىسەن، نېمىشقا كارىۋاتنى بۇزۇۋېتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ۋە، — شۇ سەۋەبتىن مەن كاللاڭنى ئالىمەن! — دەپ ئايپالتىنى قولىغا ئاپتۇ.
— توختاڭ، پان كاللامنى چاپماي تۇرۇڭ. مەن سىزگە ھەممىنى ئېيتىپ بېرىمەن، بىراق ماڭا ئالدى بىلەن ھېچنېمە يېمىگەن، يارىماس بىر ئاتنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ ئوۋچى.
پان بۇيرۇق قىپتىكەن، ئات كەلتۈرۈلۈپتۇ.
ئوۋچى ئۇنىڭغا مىنىپتۇ - دە، مۇنداق دەپتۇ:
— ئەي، ھۆرمەتلىك پان، سىز كىچىكچە بەخۇدۇك ئۇخلىدىڭىز، مەن بولسام كۆزۈمنىمۇ يۇممىدىم. شۇنىڭ بىلەن توخۇلار بىرىنچى قېتىم چىللىغاندا تىڭشاپ تۇرسام، ئورماندىن قانداقتۇر غەلىتە بىرنەرسە دېرىزىگە كەلدى - دە، مۇنداق دېدى: «پان دېگەن قانداق نېمە ئۇ، ئۆزى ھېكايە ئېيتىمەن دەپ ۋەدە قىلدى، ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىمەن، دەپ پو ئاتتى، ئەمدىلىكتە بولسا ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ بەخۇدۇك ئۇخلاۋاتىدىغۇ. ئەمدى ئۇ ئۆز جاجىسىنى تارتىدۇ. ئۇ ئۆيىگە قايتقۇچە يولدا ئالما دەرىخىنى كۆرىدۇ، پان ئۇنى تېتىشى بىلەنلا ئۇ گېلىدە تۇرۇپ قالىدۇ. كىم بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ ئۇنى پانغا دەپ قويسا، ئۇ تۇرغان يېرىدە تىزىغىچە تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ».

ئوۋچى شۇ سۆزنى دەپ بولۇشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئات تىزىغىچە تاشقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

ئوۋچى بولسا پۇتلىرىنى خۇددى ئاتلىق ئادەم دەريا كېچىكىدىن ئۆتتۇۋاتقاندەك يىغنۋاپتۇ، ئاندىن سۆزىنى داۋام قىپتۇ:

— رەھىمدىل پان، سىز ئۇخلىدىڭىز، چۈشمۇ كۆردىڭىز، مەن بولسام كۆزۈمنىمۇ يۇممىدىم. توخۇلار ئىككىنچى قېتىم چىللىغان چاغدا، يەنە ئورمان ئالۋاستىسىنىڭ دېرىزىگە يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇ يەنە تەھدىت سالدى: «پان ئۆيگە قايتقاندا ئايدالانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇدۇقنىڭ سۈيىنى ئىچىشى بىلەنلا گېلى ۋە ئىچ - قارنى كۆيۈپ كېتىدۇ. كىم بۇنى پانغا دەپ قويسا، ئۇ تۇرغان يېرىدە كۆكرىكىگىچە تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ.»

بۇ سۆز ئاغزىدىن چىقىشى بىلەنلا ئات كۆكرىكىگىچە تاشقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

ئوۋچى بولسا پۇتلىرىنى ئېڭىكىگىچە يىغنۋاپتۇ - دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— سىز بولسىڭىز، رەھىمدىللىق پان، ھامان ئۇخلىدىڭىز، مەن توخۇلار ئۈچىنچى قېتىم چىللىغۇچە ئۇيقۇ دېگەننى كۆرمىدىم. توخۇلار ئۈچىنچى قېتىم چىللىشى بىلەنلا ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ دېرىزىگە يەنە كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇ يەنە تەھدىت سالدى: «ئەمدى پان ئۆيگە قايتقاندا، يول بويىدىكى ئۆينى كۆرىدۇ، ئۆينىڭ ئىچىدە بولسا كارىۋات بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماموق تۆشەك سېلىنغان. پاننىڭ ئۇنىڭغا بىر ياتقۇسى كېلىدۇ،

يېتىشى بىلەنلا ئوتتەك كۆيۈپ كېتىدۇ. كىم بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ پانغا دەپ قويسا، ئۇ بوينىغىچە تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ.»

ئوۋچى بولسا شۇ سۆزنى دېيىش بىلەنلا ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ! ئات بولسا بوينىغىچە تاشقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ!

— مانا، — دەپتۇ ئوۋچى، — ئاشۇ سەۋەبتىن ھەممىسىنى چېپىپ تاشلىدىم! ئەمدىغۇ مېنى كەچۈرەرسىز، رەھىمدىللىق پان! بىراق بۇنىڭدىن كېيىن ۋەدىڭىزدە چىڭ تۇرۇڭ!

# كەرقولا ئاتلىق كەندىباي

## (قازاق خەلق چۆچىكى)

ئۇزاق ئۆتمۇش زاماندا، قاراتاغ جىلغىسىدا بىر كەمبەغەل خوتۇنى بىلەن ياشايدىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى قازانگەپ ئىكەن. ئۇ لاچىن بىلەن ئوۋ قىلىش ۋە بىلىق تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. خوتۇنى بولسا يۇڭ ئىگىرىدىكەن، تور توقۇيدىكەن، ياماق يامايدىكەن. مانا شۇ ئىشلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى قامدايدىكەن.

كۈنلەر چىپىشىپ، يىللار يورغىلىشىپ ئۆتۈۋېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قازانگەپنىڭ خوتۇنىمۇ ئىغىرىبوي بولۇپ قاپتۇ. توققۇز ئاي ئۆتكەندىن كىيىن ئاپئاق، بۇدرۇققىنە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئاتا بىلەن ئانا بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ ئۆزلىرىنى كۈچىگە كۈچ قوشۇلغاندەك ھىس قىپتۇ. ئۇلار ئوغلىغا كەندىباي دەپ ئات قويۇپتۇ.

كەندىباي ئايلاپ ئەمەس، بەلكى كۈنلەپ ئۆسۈپ چوڭ بوپتۇ. ئالتە كۈندە كۈلۈپتۇ، ئالتە ئايدا مېڭىپتۇ، ئالتە يىلدا كېلىشكەن ھەقىقىي بىر يىگىت بولۇپ قاپتۇ. ئۇ شۇنداق قاۋۇل بولۇپ يېتىلىپتۇكى، يۇگۇرسە ھەرقانداق ئادەمدىن ئوزۇپ كېتىپتۇ، ئۇ ئۆزى بىلەن تۇتۇشقانلىكى ئادەمنى يەڭمەي قويماپتۇ، ئۆزى بىلەن چېلىشقانلىكى ئادەمنى تۇتقۇزماي موللاق ئاتقۇزۇپتۇ. بىرەر تۆگە قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىدىغان بولسا، ئۇ ئۇنىڭ پۇتلىرىدىن تۇتۇپلا

قىينالماي تارتىپ چىقىرىۋالىدىكەن. ئۇ چوڭ بولۇپ ئاتىسى بىلەن بىللە ئوۋغا بارىدىغان بوپتۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزى يالغۇز قۇلان ئوۋلاشقا بارىدىغان بوپتۇ. ئۇ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان جەرەننىڭ كۆزىگە ئېتىپ تەگكۈزگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئەڭ ماھىر مەرگەن دېگەن نامى جاھانغا پۇر كېتىپتۇ. ئۇ ئوۋلىغان ئارقار، تاغ ئۆچكىسى ۋە قاندىغايلار ئۇنىڭ ئۆيىدە دۆۋە - دۆۋە بولۇپ كېتىپتۇ. قاراسۇ بويىدىكى كەمبەغەل ئائىلىلەر ھەر دائىم ئۇنىڭكىگە ياردەم سوراپ كېلىدىكەن. ئۇمۇ ئۇلارغا ھەرقاچان قولىدىن كېلىدىغان ياردەمنى ئايىماي بېرىپ تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى كەندىباي قاراتاغدا ئوۋ قىپتۇ. چوڭقۇردا ئاتلار ئوتلاۋاتقانىكەن. ئۇ توساتتىن بىر بوغاز بايتالغا بۆرىنىڭ ئېتىلغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ بۆرىنىڭ قېشىغا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنى قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋېلىپ بېشىنىڭ ئۈستىدىن پىرقىرىتىپتۇ، ئاندىن پۈتۈن كۈچى بىلەن غۇلاچلاپ قىيا تاشقا ئۇرۇپتۇ. بۆرە تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. كەندىباي بۆرىنىڭ تېرىسىنى سويۇۋالغاندىن كېيىن بايتالنىڭ يېنىغا كەپتۇ. بايتال بولسا قىينىلىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، قارنىدا بولسا قۇلۇن تەۋرىنىپ تۇرۇپتۇ. كەندىباينىڭ قۇلۇنغا ئىچى ئاغرىشقا باشلاپتۇ، شۇڭا ئۇ ئۇزاق ئويلاپ تۇرمايلا غىلىپىدىن پولات پىچىقىنى ئاپتۇ - دە، بايتالنىڭ قارنىنى يېرىپ قۇلۇننى تارتىپ چىقىرىۋاپتۇ. قۇلۇن ئادەتتىن يوغانىكەن. كەندىباي ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ بېقىشقا باشلاپتۇ. ئۇنى يۇيۇپ تازىلاپ، قۇلان سۈتىنى ئىچۈرۈپتۇ.

قۇلۇن كۈنسېرى ئەمەس، سائەتسېرى ئۆسۈپتۇ، ئالتە ئاي ئۆتۈشى بىلەنلا ئالتە گەز ئۇزۇنلۇقتىكى قالتىس

كېلىشكەن بىر ئات بوپتۇ. رەڭگىگە قاراپ ئۇنى كەرقولا ئات دەپ ئاتاپتۇ.

كەندىباي كەرقولانى مىنىشكە ئۆگەتكەندىن كېيىن ئۇنى ئۇۋغا مىنىشكە باشلاپتۇ. كەرقولا ئات پات ئارىدىلا بۇ ئەتراپتىكى ئايغى ئەڭ تېز، چاپقۇر ئات بولۇپ قاپتۇ. ھېچكىم ئۇنىڭغا قوغلاپ يېتەلمەيدىكەن، ھېچكىم ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن، ھەتتا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارنىمۇ ئاغزى بىلەن تۇتۇۋالالايدىكەن. خوجايىنى بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ياۋا ئات ۋە قۇلانلارغا يېتىشىۋېلىپ قويرۇقىدىن تۇتۇۋالالايدىكەن.

كەندىباي ساخاۋەتلىك يىگىت بوپتۇ. يىغلىغانلارغا تەسەللى بېرىپتۇ، كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىپ، ئۇلار ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ھەممە ساخاۋىتىنى ئاتا قىپتۇ. ئۇ ھەممىلا يەردە ئۆز ئېتى بىلەن ھازىر بوپتۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى كەرقولا ئاتلىق كەندىباي دەپ ئاتاپتۇ. كەندىباينىڭ سېخىيلىقى يىراق - يىراقلارغا تارقىلىپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى كەندىباي ئوۋ قىلغاچ، ئۆز يېرىدىن يىراقلاپ كېتىپتۇ، چەت - ياقا جايدا يىغلاۋاتقان بىر بالىنى كۆرۈپ قاپتۇ. كەندىباي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— سېنى كىم رەنجىتتى؟ نېمىشقا كۆزلىرىڭ ياش، دىلىڭ سۇنۇق؟

بالا جالدۇر - جۇلدۇر كىيىنگەن بولۇپ، بېشىنىڭ ھەممە يېرى يارا ئىكەن. ئۇ:

— مەن ئانامدىن ئايرىلىپ قالدىم، بەختىمدىن ئايرىلدىم، مەن ئاتامدىن جۇدا بولدۇم، تايانچىمدىن جۇدا بولدۇم، — دەپتۇ - دە، يەنە قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ.

— ئېنىقراق دېگىن، — دەپتۇ كەندىباي، —

نېمە ئىش بولدى؟

بالا يىغىدىن توختاپ، ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، بىر چوڭقۇر ئۇھ تارتىپتۇ ـ دە، ۋەقەنى بايان قىپتۇ:

ــ مەن ھازىر ئالتە ياشقا كەلدىم، ئىككى ياش ۋاقتىمدا دۈشمەنلەر بىزنىڭ ئاۋۇلغا ھۇجۇم قىلىپ بۇ-لاپ ـ تالىدى ۋە بارلىق ئاتلىرىمىزنى ھەيدەپ كەتتى. مېنىڭ ئاتام باتۇر بولۇپ، ئۇنى مەرگەنباي دەپ ئاتايتتى. ئۇ ھەرقاچان باتۇرلۇقىغا مۇناسىپ تۇردە باتۇرلارچە ئۇخلايتتى. شۇ مەزگىلدە ئاتام دەل ئۈزۈن سەپەردىن قايتىپ كېلىپ ئۇخلاۋاتقىنىغا ئالتە كۈن بولغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن باغلىۋېلىپ ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتتى. ئانام ئاتامنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن باتۇرلارچە ئېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن ۋەھشىي ۋە رەھىمسىز دۈشمەنلەر ئۇنىمۇ تۇتۇۋېلىپ ئېلىپ كەتتى. مەن يېتىم بولۇپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن باي تاسقارانىڭ ئالدىغا قوزىلىرىنى باققىلى كەلدىم. بارلىق كىيىملىرىم مۇشۇنداق جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتتى، ئۆزۈممۇ ئورۇقلاپ كەتتىم، كالپۇكلىرىم يېرىلىپ، باش ـ كۆزۈمنى قىچىشقاق بېسىپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن كۆزۈمدە ياش، كۆڭلۈمدە قايغۇ ۋە ھەسرەت بار. مەن ئاتا ـ ئانام ئۈچۈن قايغۇرىمەن، مېنىڭ خوجايىنىم بولسا دۈشمەنلەر ھەيدەپ كەتكەن ئات ـ يىلقىلىرى ئۈچۈن قايغۇرىدۇ.

ــ خاتىرجەم بول، ياش دوستۇم، ــ دەپتۇ كەندىباي، ــ مەن سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭنى ئىزدەپ تاپىمەن.

بالا تولىمۇ خۇشال بوپتۇ ۋە كەندىباينى بۇ يەردىكى پادىچىلار بىلەن بىرنەچچە كۈن بىللە بولۇشقا تەكلىپ

قىپتۇ.

كەندىباي ماقۇل بولۇپ پادىچىلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشكەندە، بالا يولدا قۇرۇلغان بىر قاپقاننى كۆرۈپ قاپتۇ.

كەندىباي قۇلاننى ئىتتىپ ۋە ئۇنىڭ سويۇپ تاماق تەييارلاپتۇ. كەچقۇرۇنلۇقى پادىچىلار كەپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە بالا يوق ئىكەن. كەندىباي كۆز يۇمماي ئۇنى كۈتۈپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا بالا ئاچ ۋە ھارغىن ھالدا قايتىپ كەپتۇ.

— سەن نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ قايتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ كەندىباي.

— ئاۋۇلغا باردىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا. شۇنىڭ بىلەن يېتىپ ئۇخلاپتۇ.

ئەتىگەندە بولسا ياش پادىچى ھەممەيلەن بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، خۇشال ھالدا قوزىلىرىنى ئوتلاققا ھەيدەپ كېتىپتۇ. كەچقۇرۇنلۇقى بولسا بالا يەنە باشقىلار بىلەن بىللە كەلمەپتۇ. كەندىباي ئىزدەپ مېڭىپتۇ ۋە ئۇنى دالادا ھوشسىز ياتقان يېرىدىن تېپىپتۇ. ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن كەندىباي ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. بالا ۋەقەنى بايان قىپتۇ:

— تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن ئالتە ئاق قۇ ئۇچۇپ كېلىپ بېشىمنىڭ ئۈستىدە ئايلاندى، ئاندىن ئۇلار قاتتىق چۇرۇلدىشىپ كەلدى ـ دە، مېنىڭدىن سورىدى:

چاپقاندا بوران يالىنى قايرىپ ئۆتەر،
قۇياش نۇرىدا ساۋۇتى چاقناپ كېتەر،
باغلاقتا ئويغاق، ئىگىسىگە سادىق كەرقولا كىمنىڭكى ئۇ،
نامى ئۆچكۈر كەندىباي شۇ يەردىمۇ؟

مەن ئۇلارغا جاۋاپ بېرىپ:

كەندىباي مەندۇرمەن يالغىنى يوق

ماڭا سادىق كەرقولا باغلاقتا ئۇخلىغىنى يوق،

چاپقاندا بوران يالىن قايرىپ ئۆتەر،

قۇياش نۇرىدا ساۋۇتى چاقناپ كېتەر، — دېدىم.

شۇ چاغدا ئاق قۇلار يەرگە قاراپ شۇڭغۇپ چۈشـتى ـ دە، مېنى قاناتلىرى بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن ھوشۇمدىن كېتىپ يىقىلىپ قاپتىمەن.

ئىككىنچى كۈنى كەندىباي بالىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ ئۇنىڭ ئورنىدا قوزىلارنى باقىشقا بېرىپتۇ.

قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا ئالتە ئاق قۇ ئۇچۇپ كەپتۇ. ئۇلار كەندىباينىڭ بېشى ئۈستىدە ئالتە قېتىم ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاندىن بارغانسېرى پەسكە شۇڭغۇپ يېقىنلاپ كەپتۇ. ئاندىن زۇۋانغا كىرىپ:

چاپقاندا بوران يالىن قايرىپ ئۆتەر،

قۇياش نۇرىدا ساۋۇتى چاقناپ كېتەر،

باغلاقتا ئويغاق، ئېگىسىگە سادىق كەرقولا كىمنىڭكى ئۇ،

نامى ئۆچكۈر كەندىباي شۇ يەردىمۇ؟ دېيىشىپتۇ.

ياش پادىچى كەندىباي ياڭراق ئاۋازدا:

كەندىباي مەندۇرمەن يالغىنى يوق،

سادىق ئېتىم كەرقولا باغلاقتا ئۇخلىغىنى يوق،

چاپقاندا بوران يالىن قايرىپ ئۆتەر،

قۇياش نۇرىدا ساۋۇتى چاقناپ كېتەر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئاق قۇلار پەسلەپ شۇڭغۇپ چۈشۈپتۇ ـ دە، كەندىباينى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. كەندىبايمۇ ئۇلارنى تۇتۇشقا

كىرىشىپتۇ. ئاق قۇلار قورقۇپ كېتىپ دەرھال يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. كەندىباي ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنىڭ پۇتىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چىڭ تۇتالماپتۇ، قۇش يۇلقۇنۇپ چىقىپ كېتىپتۇ، كەندىباينىڭ قولىدا بولسا ئۇنىڭ كېپىشى قاپتۇ. كەندىباي ئاق قۇلار يەنە ئۇچۇپ كېلەر دېگەن ئۈمىدتە بىرنەچچە كۈن ئۇدا قوزىلارنى بېقىپ يۈرۈپتۇ، لېكىن ئۇلار قايتا ئۇچۇپ كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەندىباي پادىچىلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئاتا - ئانىسىغا تولۇق بىر يىل يەتكۇدەك گۆش تەييارلاپ بېرىپتۇ، ئاندىن قورالىنىپتۇ - دە، ياش پادىچىنىڭ تۇغقانلىرىنى ئىزدەشكە ئاتلىنىپتۇ.

كەرقولا ئات ئالدىغا قاراپ قۇيۇندەك ئۇچۇپتۇ. ئۇ ئالتە ئايلىق يولنى ئالتە سەكرەش بىلەن تاماملاپتۇ. قۇشلار ھاۋاغا كۆتۈرۈلگۈچە كەرقولا ئات ئۇلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئاتلىق كىشىنىڭ يېنىدىن بىر تۇتاش كەتكەن تاغ تىزمىلىرى، كۆللەر، ئورمانلار، سازلىقلار، تۇزلەڭلىكلەر ئۆتكىلى تۇرۇپتۇ - دە، ئارقىدا قېلىۋېرىپتۇ. كەندىباي ئاشۇ يوسۇندا كېچە - كۈندۈز پۇتۇن بىر ئاي چېپىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدا ئېگىز تاغ كۆرۈنۈپتۇ، ئۇنىڭ چوققىلىرى ئاسماننى تىرەپ تۇرۇپتۇ. بۇ تاغ ئېتىكىدە كەرقولا ئات ئادەم تىلىغا كىرىپ سۆزلەپتۇ:

— دوستۇم كەندىباي، سەن ئىزدىگەن نەرسە ئەمدى يىراق ئەمەس. بۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا كەڭ بىر دەريا بار. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارال بار، ئارالدا بولسا دىۋىلەرنىڭ خانى بار. ئاشۇ چاغدا سېنىڭ يېنىڭغا ئۇچۇپ كەلگەن ئالتە

ئاق قۇ — مۇشۇ خاننىڭ قىزلىرى بولىدۇ. سەن قولتۇقۇڭغا تىقىپ يۈرگەن كېپىش مۇشۇ خاننىڭ كىچىك قىزىنىڭ. ياش پادىچىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ مۇشۇ يەردە، چوڭقۇر زىنداندا ئولتۇرىدۇ. زىنداننىڭ ئىشىكى قۇلۇپلاقلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاچقۇچى ئالتە دەريانىڭ سۈيى قويۇلىدىغان دېڭىزنىڭ ئاستىدا تۇرىدۇ. ئىنسان ئۇنىڭ تېگىگە يېتىپ بېرىشقا قادىر ئەمەس. تاغنىڭ ئۇ قاپتىلىدا كالىلارنى بېقىۋاتقان ئېگىز بويلۇق بىر كىشىنى ئۇچرىتىسەن. ئۇ خاننىڭ قۇلغا ئايلاندۇرۇۋالغان ئەسىرى. سەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئەرزىگۇدەك بىرنەرسە بەرگىن - دە، ئۇنىڭ كىيىمىنى كىيىمىڭگە تېگىشىۋالغىن. ئاندىن ئۇنى ئەركىنلىككە قويۇۋەت، ئۆزۈڭ كالىلارنى بېقىپ قال. ئەمدى سەن مېنىڭ قۇيرۇقۇمدىن بىر تال قىلنى يۇلۇۋالغىن - دە، مېنى قويۇۋەت. قوراللىرىڭ مەندە قالسۇن. ھازىرچە مەن ۋە سېنىڭ قوراللىرىڭ ساڭا لازىم ئەمەس. قاچانكى مەن ساڭا كېرەك بولۇپ قالسام، قىلنى كۆيدۈرگىن.

كەندىباي ئاتنىڭ قۇيرۇقىدىن بىر تال قىلنى يۇلۇۋاپتۇ ۋە پادىچىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. پادىچى كەندىباي بىلەن كىيىملىرىنى خۇشاللىق بىلەن ئالماشتۇرۇپ، قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئېلىپتۇ - دە، ئۆز ماكانىغا قاراپ كېتىپتۇ. كەندىباي بولسا پادىنى بېقىپ قاپتۇ.

كەچ كىرىپتۇ، كالىلار ئۆزلۈكىدىن ئارال تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ، لېكىن يولدا دەريا بار ئىكەن، شۇڭا كالىلار ماڭماي تۇرۇۋاپتۇ. كەندىباي كالىلارنى سۇغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا ھەرقانچە ۋارقىراپ باققان بولسىمۇ، كالىلار يەنىلا ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويماپتۇ.

بۇ چاغدا كەندىبايىنىڭ راسا ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە، كالىلارنى بىر ـ بىرلەپ تۇتۇپ سۇغا تاشلىغىلى تۇرۇپتۇ. قىرغاقتا ئولتۇرۇۋېلىپ بۇ ئىشلارنى كۆرۈۋاتقان خاننىڭ كىچىك قىزى پادىچىغا ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— ۋۇي، يارىماس، كالىلارنى هالاك قىلماقچىمۇ سەن. نېمە ئۈچۈن ئادەتتىكىدەك: «يول بەر دەريا، يول بەر!» دېمەيسەن.

كەندىباي بۇنىڭدىن تازا خۇشال بوپتۇ ـ دە، ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— يول بەر دەريا، يول بەر! — دەپتۇ.

دەريا دەرهال يېرىلىپتۇ ـ دە، ئارىلغا بارىدىغان يولنى ئېچىپ بېرىپتۇ.

كەندىباي بۇ سىرنى ئىگىلىۋېلىپ كالىلارنى بېقىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى خان ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغلىنى چاقىرىپ ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— بۈگۈن كېچىدە قارا بايتال قۇلۇنلايدۇ. ئۇ بۈگۈن ئوننىچى قۇلۇننى بېرىدۇ. بىراق، قۇلۇن دەل شۇ كېچىنىڭ ئۆزىدىلا يوقاپ كېتىدۇ. بۈگۈن بايتالنى كۆزەت قىلىڭلار، قۇلۇننى قۇتقۇزۇپ قېلىڭلار.

كەندىباي خاننىڭ ئوغۇللىرىغا قىلغان بۇيرۇقنى ئاڭلاپ قاپتۇ. كېچىدە خاننىڭ ئوغۇللىرى بايتالنى كۆزىتىشكە ماڭغان چاغدا، كەندىبايمۇ تۇيدۇرماي ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن خاننىڭ ئوغۇللىرى شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. كەندىباي بولسا تۈن بويى كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇپتۇ. تاڭ سۈزۈلگەندە بايتال ئالتۇن قۇيرۇقلۇق، قۇندۇز، يىپەك

يوْغلوْق قانىتى بار قوْلوْن قوْلوْنلاپتوْ. بوْ چاغدا بىردىنلا ئاسماننى قارا بوْلوْت قاپلاپتوْ. بوْلوْتلار توْروْلوْپ دوْگىلەك بولوْپ يەرگە چوْشوْپ قوْلوْننى ئورىۋاپتوْ، ئاندىن ئوْنى ئاسمانغا كوْتوْروْپ چىقىپ كېتىپتوْ. كەندىباي بولسا ئىتتىك بېرىپ قوْلوْننىڭ قوْيروْقىدىن توْتوْۋېلىپ تارتقانىكەن، قوْيروْق ئوْزوْلوْپ ئوْنىڭ قولىدا قاپتوْ. كەندىباي قوْلوْننىڭ ئالتوْن قوْيروْقىنى قوينىغا تىقىپتوْ ـ دە، ئوْخلىغىلى كېتىپتوْ. ئەتىگەندە خان ئوغوْللىرىدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتوْ. ئوغوْللىرى جاۋاب بېرىپ:

— بايتال قوْلوْنلىمىدى، ھېچقانداق ئىشموْ يوْز بەرمىدى، — دەپتوْ.

دەل شوْ چاغدا كەندىباي ئوْيگە كىرىپ كەپتوْ ـ دە:

— روْخسەت قىلغىن، ھەممىگە قادىر خان! — دەپتوْ.

— ئېيت، نېمە دېمەكچىسەن؟ — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتوْ خان.

— ئوغوْللىرىڭ يالغان ئېيتىۋاتىدوْ. مەن ئوْلارغا كوْروْنمەي بايتالنى كوْزەت قىلدىم. يېرىم كېچىدە بوْ يىگىتلەر ئوْخلاپ قالدى. تاڭ يوروْغاندا بايتال ئالتوْن قوْيروْقلوْق، قوْندوْز، يىپەك يوْغلوْق قانىتى بار قوْلوْن قوْلوْنلىدى. دەل شوْ چاغدا ئاسماندىن قارا بوْلوْت پەسلەپ بايتالغا يېقىنلاشتى ـ دە، قوْلوْننى ئېلىپ كەتتى. بەلكىم، بوْلوْتنىڭ ئىچىدە قانداقتوْر بىر يىرتقوْچ قوْش بولسا كېرەك، ئوْ قوْلوْننى تىرنىقى بىلەن قاماپ توْتوْپ ئېلىپ كەتتى. مەن قوْلوْننى قوْيروْقىدىن توْتوْۋېلىشقا ئارانلا ئوْلگوْردوْم، مانا، قوْيروْقى ئوْزوْلوْپ كېتىپ قولوْمدا

قالدى.

خان تاقەتسىزلىك بىلەن:

— قېنى ئۇ قۇيرۇق؟ — دەپتۇ.

— ھەممىگە قادىر خان، تاقەت قىل. مۇبادا مەن قۇلۇننىڭ ئالتۇن قۇيرۇقىنى ئۈزۈمىنىڭ قىلىۋالماقچى بولسام، ئۇنداقتا مەن بۇ يەرگە كەلمىگەن بولاتتىم. مانا قۇيرۇق، — كەندىباي قويىنىدىن ئالتۇن قۇيرۇقنى ئاپتۇ. ئوردا ئالتۇن نۇر بىلەن يارقىن يورۇپ كېتىپتۇ. خاننىڭ ئوغۇللىرى بولسا يەرگە قارىۋاپتۇ.

— ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇچىڭلار قۇش ۋە قۇلۇننى ئىزدەپ تېپىپ كېلىڭلار. ئەگەر تاپالماي قالساڭلار، مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولماڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ خان.

كەندىباي دەريادىن ئۆتۈپتۇ ۋە قىلنى كۆيدۈرۈپتۇ. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئېتى پەيدا بوپتۇ. كەندىباي ئۆزىنىڭ قورال - ياراغلىرى بىلەن قوراللىنىپ ئېتىنى مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئات توختاپتۇ-دە، سۆزلەپتۇ:

— ئاۋۇ يەردىكى كۆيۈۋاتقان ئوتنى كۆردۈڭمۇ؟ بۇ — ئوت دېڭىزى. بىز بۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. ھازىر كۆزۈڭنى يۇمىسەن، مەن رۇخسەت قىلمىغۇچە ئاچمايسەن، مۇبادا كۆزۈڭنى ئېچىپ قويساڭ، ھەر ئىككىلىمىز ھالاك بولىمىز.

كەندىباي كۆزىنى يۇمۇپتۇ. ئات بولسا كۆتۈرۈلۈپ تىك بوپتۇ - دە، ئالغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. كەندىباي ئاۋۋال ئىسسىق ھاۋاغا ئۇرۇلۇپتۇ، ئاندىن كۈچلۈك شامالغا

سوقۇلۇپتۇ. بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىتنىڭ، كۆزۈڭنى ئاچ! دېگىنىنى ئاڭلاپتۇ. كەندىباي كۆزىنى ئېچىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. كەندىباي ئەتراپىغا قاراپ توققۇز ئالتۇن قۇيرۇقلۇق ئات بىلەن بىر قۇيرۇقسىز قۇلۇننى كۆرۈپتۇ: ئۇلار ئالتۇن ئوقۇردا سۇ ئىچىۋاتقانىكەن.

كەرقولا ئات يەنە تىلغا كىرىپتۇ:

— ئاۋۇ يەردىكى ئىگىز تېرەكنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇچىدا ئىككى باشلىق چوڭ بۈركۈتنىڭ ئۇۋىسى بار. بۇ يىرتقۇچ بىر قېتىمدىلا ئالتە ئايلىق يەرگە ئوۋ ئۇچۇن ئۇچۇپ بارىدۇ ھەمدە ئون بەش كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ. بۈگۈن ئۇ يوق ئىكەن، دېمەك، ئۇ ئوۋغا كەتكەن. ئۇ ئالتە كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ. بىز ئۇنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالماسلىقىمىز ئۇچۇن ئالتە ئايلىق مۇساپىنى ئالتە سائەت ئىچىدە بېسىپ ئۆتۈشىمىز لازىم. سەن مېنى مىن ـ دە، ئالتۇن ئوقۇرنى ئېلىپ ماڭ. ئاتلار ۋە قۇلۇن ئوقۇرنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ. لېكىن بىز بۇ ئاتلار ۋە قۇلۇن بىلەن دېڭىزنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتەلمەيمىز. شۇڭا دېڭىزنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، يول ئۇزىراپ كېتىدۇ. بۇ يولدا بولسا ئۈچ تۇسالغۇغا دۇچ كېلىمىز. بۇلار، يەتتە باشلىق يالماۋۇز، دەھشەتلىك شىر، ھىيلىگەر جادۇگەردىن ئىبارەت. بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېڭىشىمىز لازىم. مانا بۇ — سېنىڭ باتۇرانە كۈچۈڭگە، جەسۇرلۇقۇڭغا ۋە پاراستىڭگە باغلىق. ئەمدى ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەيلى، كەتتۇق!

كەندىباي ئالتۇن ئوقۇرنى كۆتۈرۈۋېلىپ كەرقولا ئاتقا مىنىپتۇ ـ دە، يولغا چۈشۈپتۇ. ئالتۇن قۇيرۇقلۇق ئاتلار بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپتۇ. بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئالدىدا تاغ كۆرۈنۈپتۇ. بۇ نېمە كارامەتتۇ؟ تاغ بولسا تەۋرىنىپ ئۇلارغا قاراپ سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقۇدەك. كەندىباي بۇنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قاپتۇ. كېيىن بىردىنلا بۇنىڭ تاغ ئەمەس، بەلكى يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. كەندىباي ئوقۇرنى يەرگە تاشلاپتۇ. ئالتۇن قۇيرۇقلۇق ئاتلار بىلەن قۇلۇن توختاپتۇ ـ دە، ئوقۇرنى چۆرىدىشىپ تۇرۇشۇپتۇ.

كەندىباي يۈز پاتمانلىق گۈرزىنى قولىغا ئاپتۇ ـ دە، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا قارشى ئات ساپتۇ. يالماۋۇزنىڭ يېنىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپتۇ ـ دە، گۈرزىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرۇپتۇ، يالماۋۇزنىڭ بىر بېشى يەرگە ئۇچۇپ چۈشۈپ دومىلاپ كېتىپتۇ. كەندىباي بولسا ئېتىنى غاچچىدە ئارقىسىغا بۇراپتۇ ـ دە، يالماۋۇزنىڭ يېنىدىن يەنە چېپىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ بېشىغا يەنە بىرنى ئۇرۇپتۇ، يالماۋۇزنىڭ يەنە بىر بېشى يەرگە ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ كەندىباي يالماۋۇزنىڭ ھەممە بېشىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. يالماۋۇز يىقىلىپ ئەلەم بىلەن ئۆلۈپتۇ. كەندىباي يالماۋۇزنىڭ كۆزلىرىنى ئويۇۋېلىپ خالتىسىغا تىقىپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئوقۇرنى ئېگەرنىڭ ئالدىغا ئاپتۇ ـ دە، ئالتۇن قۇيرۇقلۇق ئاتلار بىلەن قۇلۇننى ئەگەشتۇرگەن ھالدا يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

قاۋۇل كەرقولا ئات ئالغا قاراپ قۇيۇندەك ئۇچۇپتۇ.

ئۇنىڭ ئاياغلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان بىرنەچچە چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلۇپ قاپتۇ. بىر چاغدا كەندىباي ھۇركىرىگەن ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ بۇ قېتىم كەرقولا ئاتنى سەپەرداشلىرىنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى بولسا ھۇركىرىگەن ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە مېڭىپ كېتىپتۇ. كەندىباي بىرقانچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، قانداقتۇر بىر ھاۋا ئېقىمى ئۇنى ئالدىغا تارتىشقا باشلاپتۇ. كەندىباي ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرغان يوغان ئۆڭكۈرنىڭ شىرنىڭ ئاغزى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ - دە، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئېغىزغا تارتىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. باتۇر دەرھال ئالتە گەز ئۇزۇنلۇقتىكى ئالماس قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۇنى توغرىسىغا قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئالماس قىلىچ شىرنى ئىككى پارچە قىلىپ يېرىپ تاشلاپتۇ. كەندىباي بولسا شىرنىڭ سۈيلە چىشىنى سۇغۇرۇۋېلىپ خالتىسىغا سېلىۋاپتۇ.

كەندىباي يەنە ئالغا قاراپ مېڭىپتۇ. قانچىلىغان ئېدىرلىقلار، قانچىلىغان تاغلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا قېپقالغانلىقىنى بىلىش تەس ئىكەن. قېلىن، قارا تۇمان يېپىلىشقا باشلاپ، بىر دەمدىلا ئاسمان قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇ، پەقەت ئاتلارنىڭ قۇيرۇقلىرى ئالتۇن نۇرلىرى بىلەن يولنى ئاندا - ساندا يورۇتۇپ تۇرۇپتۇ. تۇيۇقسىزلا نۇرلۇق شولا چۈشۈپتۇ - دە، قانداقتۇر بىر قىز — خۇددى سىزغاندەك گۈزەل بىر پەرى كۆرۈنۈپتۇ. كەندىباي بولسا ئاتتىن چۈشۈپ قىز تەرەپكە بېرىپتۇ. قىز كەندىباينىڭ چىرايىغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاراپ:

— يول ئۈستىدە بەلكىم بەك چارچىغانسەن، ھىممەتلىك يولۇچى، — دەپتۇ، — يۈر، مېنىڭ خانامغا

كىرىپ دەم ئېلىۋالغىن!
كەندىباي بولسا كەرقولا ئاتنىڭ ھىيلىگەر جادۇگەر ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشىنى دەرھال ئېسىگە ئاپتۇ! توغرا، ئۇ ئۇنىڭ ئالدىدا چىرايلىق قىز قىياپىتىگە كىرىۋالغان جادۇگەر ئىكەن. ئات ئېيتقاندەك، كىم ئۇنىڭ خانىسىغا كىرىدىكەن، ئۇ ھەرگىز ئارقىسىغا يانالمايدىكەن. شۇڭا كەندىباي جاۋاب بېرىپ:
— شۇنداق، مەن يول ئۈستىدە بەك چارچاپ كەتتىم. قېنى، مېنى خاناڭغا باشلا، — دەپتۇ.
قىز كەندىبايىنى ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرۈپ كىرىش ئۈچۈن ئارقىسىغا شۇنداق بۇرۇلۇشىغا، كەندىباي دەل ئۇنىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ بىر قىلىچ ساپتۇ. چاقماق چېقىلىپ پۈتۈن ئەتراپنى قارا تۇمان قاپلاپتۇ، ئاندىن تۇمان ئاستا - ئاستا تارقىلىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن كەندىباي قىز تۇرغان جايدا، ھالىدىن كەتكەن موماينىڭ كاللىسىدىن ئايرىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. كەندىباي موماينىڭ كاللىسىنى ئېلىپ خالتىسىغا ساپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن كەرقولا ئات تىلغا كەپتۇ:
— بۇ ۋەھشىي موماينى ئۆجۈقتۇرغاندىن كېيىن ھالقىپ ئۆتۈشمۇ، چېپىپ ئۆتۈشمۇ، ئۇچۇپ ئۆتۈشمۇ ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ، بۇ ئادەملەرگىلا ئەمەس، شۇنداقلا ھايۋانات ھەتتا قۇشلارغىمۇ شۇنداق. بىراق، ھازىرچە ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۈچ - تۆت كۈن دەم ئېلىۋالساقمۇ بولىدۇ.
كەندىباي بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەم ئاپتۇ. مېڭىش مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە كەندىباي ۋەھشىي موماينىڭ قىممەت باھالىق نەرسىلىرىنى كەرقولا ئاتقا

ئارتىپ، ئۇستىگە ئۆزى مىنىپ، ئالتۇن ئوقۇرنى ئېگەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دېۋىلەر پادىشاھىنىڭ ئارىلىغا يېتىپ كەپتۇ.

خان كەندىبايغا كاتتا ھۆرمەت كۆرسىتىپتۇ: ئۇنى تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ ئىسىم - شەرىپىنى، قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ.

كەندىباي جاۋاب بېرىپ:

— مەن بىر ئاددىي ئادەمنىڭ ئوغلىمەن. مېنىڭ ئىسمىم كەندىباي، خەلق ئىچىدە مېنى كەرقولا ئاتلىق كەندىباي دېيىشىدۇ. مەن بۇ مەملىكەتكە تاماشا ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس، ئىش بىلەن كەلگەنىدىم. مەن ئۆز بۇرچۇمنى تىرىشىپ ئورۇنداش ئىمكانىيىتىنى ئىزدەيمەن. ئىجازەت بولسا ھەممىسىنى دەيمەن.

— سۆزلە، سۆزلىگىن، ئوغلۇم! — دەپتۇ خان.

— بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئەسكەرلىرىڭىز بىزنىڭ مەملىكىتىمىزگە ھۇجۇم قىلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، — دەپتۇ كەندىباي، — ئۇلار ماللىرىمىزنى ھەيدەپ كەتتى، شۇنداقلا بىر باتۇرىمىزنى باغلاپ ئېلىپ كەتتى. بىر كۈنى مەن مال بېقىۋاتاتتىم، ئۈستۈمدە ئاق قۇلار پىرقىرىغىلى تۇردى. مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنىڭ پۇتىنى تۇتۇۋالدىم، لېكىن پۇتىنى تارتىۋېلىپ ئۇچۇپ كەتتى، قولۇمدا بولسا ئۇنىڭ كېپىشى قالدى. ئاڭلىسام، بۇ مەملىكىتىڭىزدىكى بىر كىمگە تەۋە ئىكەن. مەن بۇ كېپىشنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرەي، دەپ كەلدىم.

كەندىباي ئالتۇن كېپىشنى خانغا سۇنۇپ بېرىپتۇ.

— دېگىنىڭ راست، ئوغلۇم. مېنىڭ ئەسكەرلىرىم مېنىڭ بۇيرۇقۇم بويىچە سىلەرنىڭ مەملىكەتلىرىڭلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ماللىرىڭلارنى ھەيدەپ كەلگەن، باتۇرۇڭلارنى باغلاپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن. مەرگەنباي دېگەن باتۇرۇڭلار ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى سىدەت مېنىڭ زىندانىمدا تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا: «ئەگەر ئۇ ماڭا خىزمەت قىلسا، مەن ئۇنى ئازاد قىلىشنى ئىستەيمەن!» دەپ ئادەم ئەۋەتتىم. لېكىن ئۇ قەيسەرلىك بىلەن قەتئىي رەت قىلدى. «مەن دۈشمىنىمگە ھەرگىز خىزمەت قىلمايمەن. ئالدى بىلەن ئۇ مېنىڭ پۇت - قولۇمنى بوشاتسۇن، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. بىز ئۇنى بوشىتىۋېتىشتىن قورقتۇق. بۇنىڭدا يەنە بىر مەقسەتنى كۆزدە تۇتتۇق: ئۇ بولسىمۇ سېنى قولغا چۈشۈرۈش ئىدى. چۈنكى، سېنىڭ داڭقىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەنىدى. مەن سېنى ھەر يىلى مېنىڭ قۇلۇنلىرىمنى ئېلىپ كېتىدىغان ۋەھشىي بۈركۈتكە سېلىشنى ئويلىغانىدىم. ھەرقانچە قىلىپمۇ سېنى پايلاپ تۇتالمىدىم. شۇ سەۋەبتىن، مەن سېنىڭ مەملىكىتىڭنىڭ شانىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزۈڭنىڭ كېلىدىغانلىقىڭنى كۆزدە تۇتۇپ، مەملىكىتىڭلارغا ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇغانىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى يىل ئۆتتى، لېكىن سەن كۆرۈنمىدىڭ. شۇڭا مېنىڭ ئالتە قىزىم سېنى ئىزدەش ئۈچۈن مەملىكىتىڭلارغا ئۈچۈپ باردى. بۇ كېپىش مېنىڭ كىچىك قىزىمنىڭكى. ئەمدى سەن مېنىڭ تەلىپىمنى ئورۇندىشىڭ لازىم. قانداقتۇر بىر يەرلەردە يەتتە باشلىق يالماۋۇز، دەھشەتلىك شىر ۋە ھىيلىگەر موماي ياشايدىكەن. سەن ئۇلارنى ئۆلتۈرىسەن ھەم ئۇلارنىڭ باشلىرىنى ماڭا ئەكېلىپ بېرىسەن. ئەگەر

سەن مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندىساڭ، مەن ساڭا سىلەرنىڭ باتۇرۇڭلارنى ۋە بارلىق ماللىرىڭلارنى قايتۇرۇپ بېرىمەن. بۇنىڭدىن سىرت، مەن ساڭا كىچىك قىزىمنى خوتۇنلۇققا بېرىمەن، سەن ماڭا كۈيئوغۇل بولىسەن.

كەندىباي تالاغا چىقىپتۇ ۋە كەرقولا ئاتنىڭ غانجۇغىسىغا باغلانغان خالتىنى ئېلىپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۇ خاننىڭ ئالدىغا خالتىنى تۆكۈپتۇ، ئۇنىڭدىن يالماۋۇزنىڭ كۆزلىرى، شىرنىڭ قوۋۇز چىشلىرى، جادۇگەر مومايىنىڭ بېشى دومىلاپ چۈشۈپتۇ. خان بولسا بۇنىڭدىن مىننەتدار بوپتۇ ھەمدە باتۇر مەرگەنباينى، خوتۇنىنى ۋە باشقا ئەسىرلەرنى قاماقتىن ئازاد قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بارلىق ماللىرىنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. ئاندىن كەندىبايغا كىچىك قىزىنى خوتۇنلۇققا بېرىپتۇ ھەم قىرىق كۈنلۈك بەزمە ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كەندىباينى ئانا يۇرتىغا ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كەندىباي ئۆز ۋەتىنىدە ھازىر بوپتۇ. ئۇ خەلققە ماللارنى تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. باتۇر مەرگەنباي بىلەن خوتۇنى ئۆزىنىڭ ئوغلىنى تېپىپتۇ.

شادلىققا تولغان كاتتا بەزمە ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. كەندىباي ياشىغان بۇ مەملىكەتكە ھېچقانداق دۈشمەن ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. شۇڭا بۇ مەملىكەت، كەندىباينىڭ مەملىكىتى دەپ ئاتىلىپتۇ.

# كىمنىڭ چۈشى ئەڭ ياخشى

## (ئۆزبېك خەلق چۆچىكى)

مەسچىتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئىككى مولLA ئولتۇرۇپتىكەن، يېنىدىن بىر ئوۋچى ئۆتۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭ قولىدا بولسا تازىمۇ سەمرىگەن غاز بار ئىكەن.

— غاز گۆشى دېگەن تاتلىق بولىدۇ - ھە، — دەپتۇ بىر موللا.

— ئۇنى بىر دېمە، بەك تاتلىق بولىدۇ جۇمۇ، — دەپ قوشۇلۇپتۇ يەنە بىر موللا.

— بىز مۇشۇ غازنى بىر يېمەيلىمۇ؟ — دېيىشىپتۇ ئۇلار، ئاندىن قول ئىشارىسى بىلەن ئوۋچىنى چاقىرىۋاپتۇ، ئوۋچى يېقىن كېلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۆھتەرەم ئاتىلار، — دەپ موللىلارغا سالام - سائەت قىپتۇ.

— غازنى بەرسەڭ قانداق؟ بۇنىڭ بىلەن خۇدا بۇيرۇغان ئىشنى ئادا قىلغان بولىسەن، — دەپتۇ موللىلار.

ئىلاج يوق، بۇ مۆھتەرەم موللىلار بىلەن قانداقمۇ تالاشقىلى بولسۇن؟

— ماقۇل، مانا پىشۇرۇڭلار، بىراق غازنى بىللە يەيمىز، — دەپتۇ ئوۋچى.

موللىلار غازنى قازانغا سېلىپ پىشۇرۇشقا

كىرىشىپتۇ. شورپا تەييار بولۇپ قالغاندا، ئۇلار ئۇۋۇچىغا:
— ئەمدى يېتىپ ئۇخلايلى. كىم ياخشى چۈش كۆرسە، غازنى شۇ يېسۇن، — دەپتۇ.
ئۇۋۇچىغا بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولۇشقا توغرا كەپتۇ. ئۈچەيلەن ئۇخلىغىلى يېتىپتۇ. موللىلار تېزلا ئۇخلاپ قاپتۇ، ئۇۋۇچى يېتىپتىيۇ، لېكىن پەقەت ئۇخلىيالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قازاننى شۇنداق ئېچىپتىكەن، شۇنچىلىك مەززىلىك پۇراپ كېتىپتۇكى، ئۇۋۇچى ئويلىنىپ تۇرمايلا شورپىنى ئىچىپ، غازنى يەۋېتىپتۇ. ئۇۋۇچى قورساقنى تويغۇزۇپ يېتىپلا ئۇخلاپ كېتىپتۇ.
ئەتىگەندە موللىلار ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن چۈشلىرىنى سۆزلەشكە باشلاپتۇ.
— مەن ئاسمانغا پەرۋاز قىپتىمەن، — دەپ بايان قىپتۇ بىرىنچى موللا.
— مەن دېڭىز تېگىگە شۇڭغۇپتىمەن، — دەپتۇ ئىككىنچى موللا.
ئاندىن ئۇۋۇچىغا قاراپ:
— قېنى، سەن چۈشۈڭنى دەپ باقمامسەن؟ — دەپتۇ.
— مەن چۈشۈمدە بولسا، — دەپتۇ ئۇۋۇچى، — بىرىڭلارنىڭ ئاسمانغا پەرۋاز قىلىپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىڭلارنى، يەنە بىرىڭلارنىڭ دېڭىزنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىڭلارنى كۆرۈپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قايتىپ كەلگۈچە غاز سېسىپ كەتمىسۇن، دەپ قورقۇپ، مەن ئۇنى ئالمان - تالمان يەپ ساپتىمەن.

# ئالاھىددىن بىلەن ھېكمەتلىك چىراغ

## (ئەرەب خەلق چۆچىكى)

بىر شەھەردە، ھەسەن ئىسىملىك نامرات تىككۈچى ياشىغانىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئالاھىددىن ئىسىملىك ئوغلى بولغانىكەن. ئالاھىددىن ئون ياشقا كەلگەندە دادىسى ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇم، ماڭا ئوخشاش تىككۈچى بولغىن، — دەپتۇ ـ دە، ئالاھىددىنغا ئۆزىنىڭ كەسپىنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ.

بىراق، ئالاھىددىن ئۆگىنىشنى خالىماپتۇ. دادىسى دۇكاندىن چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئالاھىددىن كوچىغا چىقىپ بالىلار بىلەن ئويناپتۇ. ئەتىدىن ـ كەچكىچە شەھەرنىڭ ھەممە يېرىنى قىدىرىپ قۇشقاچ قوغلاپتۇ ياكى باشقىلارنىڭ باغلىرىغا تام ئارتىلىپ كىرىپ ئۈزۈم، شاپتۇللارنى قورسىقىغا قاچىلاپتۇ.

تىككۈچى ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ بېقىپتۇ، ئەدىپىنىمۇ بېرىپ بېقىپتۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا كار قىلماپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ھەسەن ئەلەم دەستىدىن ئاغرىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ خوتۇنى ئېرىدىن قالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ تۈگىتىپ، ئاخىر ئۆزى ۋە ئوغلىنى بېقىش ئۈچۈن، پاختىدىن يىپ ئېگىرىپ سېتىشقا باشلاپتۇ.

مانا شۇ يوسۇندا نۇرغۇن ۋاقىتلار ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئالاھىددىننىمۇ ئۇن بەش ياشقا كىرىپ قاپتۇ.

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ كوچىدا باللار بىلەن ئويناۋاتقان چاغدا يىپەك تون كىيگەن، بېشىغا يوغان ئاق سەللە ئورىغان بىر كىشى ئۆلارنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇ ئالاھىددىنغا قاراپتۇ – دە، ئىچىدە: «مەن ئىزدىگەن بالا دەل شۇ. ئاخىر مەن ئۇنى تاپتىم!» دەپتۇ.

بۇ كىشى مەغرىبلىق ئىكەن. ئۇ ئويناۋاتقان باللاردىن بىرىنى چاقىرىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن ئالاھىددىننىڭ كىملىكىنى، نەدە تۇرىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئاندىن ئالاھىددىننىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن:

— تىككۈچى ھەسەننىڭ ئوغلى سەنغۇ دەيمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە، مەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئالاھىددىن، — بىراق، دادام ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەغرىبلىق كىشى ئالاھىددىننى قۇچاقلاپ قاتتىق يىغلاشقا باشلاپتۇ.

— ۋاي، ئالاھىددىن، مەن سېنىڭ تاغاڭ بولىمەن، — دەپتۇ ئۇ، — مەن ياقا يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەنلىكىمدىن ئاكامنى ئۇزاقتىن بۇيان كۆرەلمىگەنىدىم. ئەمدى ئاكامنى كۆرەرمەنمىكىن دەپ كەلسەم، ئۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ! مەن سېنى كۆرۈپلا تونۇۋالدىم، چۈنكى سەن داداڭغا بەك ئوخشايدىكەنسەن.

مەغرىبلىق كىشى ئالاھىددىنغا ئىككى تىللا بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ پۇللارنى ئاپاڭغا بەرگىن. ئۇنىڭغا مېنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىمنى ھەم ئەتە كەچلىك تاماققا ئۆيۈڭلەرگە بارىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويغىن، ئۇ ياخشى

تاماق تەييارلاپ قويسۇن!

ئالاھىددىن يۇگۇرگىنىچە ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ـــ نېمە دەۋاتىسەن، مېنى مازاق قىلىۋاتامسەن نېمە! ـــ دەپتۇ ئۇنىڭغا ئاپىسى، ـــ داداڭنىڭ ئەزەلدىن ئىنىسى بولغان ئەمەس، نەدىن تاغاڭ چىقىپ قالغاندۇ؟

ـــ نېمە، مېنىڭ تاغامنى يوق دەۋاتامسىنا! ـــ دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ ئالاھىددىن، ـــ ئۇ ماڭا ئىككى تىللا بەرگەن، ئەتە يەنە بىزنىڭكىگە كەچكى تاماق يېگىلى كېلىدىغان تۇرسا!

ئەتىسى ئالاھىددىننىڭ ئاپىسى ئوخشىتىپ كەچكى تاماق تەييارلاپتۇ. ئالاھىددىن بولسا ئەتىگەندىن تارتىپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ تاغىسىنى كۈتۈپتۇ. كەچقۇرۇنلۇقى دەرۋازا قېقىلىپتۇ. ئالاھىددىن دەرۋازىنى ئاچقىلى ئېتىلىپ چىقىپتۇ. مەغرىبلىق كىشى ئۆيگە كىرىپتۇ، ئارقىسىدىن خىزمەتكارى ھەر خىل تاتلىق يېمەكلىكلەر بىلەن تولغان لېگەننى بېشىدا كۆتۈرۈپ كىرىپ كەپتۇ. مەغرىبلىق كىشى ئۆيگە كىرىپ ئالاھىددىننىڭ ئاپىسى بىلەن سالاملىشىپتۇ، ئاندىن:

ـــ ئاكامنىڭ تاماق يېگەندە ئولتۇرىدىغان ئورنىنى كۆرسىتىپ قويساڭ، ـــ دەپتۇ.

ـــ مانا بۇ يەر، ـــ دەپ كۆرسىتىپتۇ ئالاھىددىننىڭ ئاپىسى.

مەغرىبلىق كىشى بولسا ئۇن سېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. لېكىن تېزلا تىنچلىنىپتۇ ـ دە، سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ:

ـــ سەن مېنى ھېچقاچان كۆرمىگەنلىكىڭدىن

ئەجەبلىنىپ كەتمە. مەن بۇ يەردىن قىرىق يىل بۇرۇن چىقىپ كەتكەنىدىم. مەن ھىندىستاندا، ئەرەب زېمىنلىرىدا، شۇنداقلا مىسىردا بولدۇم. مەن ئوتتۇز يىل سەيلە - ساياھەتتە بولدۇم. ئاخىر ۋەتىنىمگە قايتقۇم كەلدى. كەمبەغەل ئاكام تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تا ھازىرغىچە ھېچقانداق ياردەم قىلمىسام قانداق بولغىنى! دەرھال ئۆز ئاكام قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى بىر كۆرەي، دېگەن نىيەتكە كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كېچە ۋە كۈندۈز يول مېڭىپ، ئاخىر سىلەرنى تاپتىم. مانا ھازىر گەرچە ئاكام ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن قالغان ئوغۇلنىڭ دادىسىنىڭكىگە ئوخشاش ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن.

— نېمىشقا ئۇنداق بولسۇن! — دەپتۇ ئالادىن-دىنىڭ ئاپىسى، — مەن بۇ بالىدەك يارىماس بىكار تەلەپنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. سەن ئۇنى ماڭا ياردەملىشىدىغان قىلىپ بەرگەن بولساڭ، كاشكى!

— غەم قىلما، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەغرىبلىق كىشى، — ئەتە بىز ئالادىندىن بىلەن بازارغا بارىمىز، مەن ئۇنىڭغا چىرايلىق كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىمەن ۋە ئۇنى سودىگەرچىلىكنى ئۆگىنىشكە بېرىمەن. سودىگەرچىلىكنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا دۇكان ئېچىپ بېرىمەن، ئۇ سودىگەر بولىدۇ - دە، بېيىپ كېتىدۇ. سودىگەر بولۇشنى خالامسەن، ئالادىن؟

ئالادىن خۇشاللىقىدىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىپتۇ - دە، بېشىنى لىڭشىتىپ جاۋاب بېرىپتۇ.

مەغرىبلىق كىشى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئالادىن ئەتىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن دەرھال يېتىپ ئۇخلاپتۇ.

تاڭنىڭ ئەمدىلا ئېتىشىغا ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپتۇ – دە، تاغىسىنى قارشى ئالغىلى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. مەغرىبلىق كىشىمۇ سەھەردىلا كەپتۇ. ئۇلار ئالدىدا مۇنچىغا بىرىپتۇ. ئۇ يەردە ئالاھىدىنىى پاكىز يۇيۇندۇرۇپتۇ، چاچلىرىنى ئالدۇرۇپتۇ ھەمدە شېكەر سېلىنغان ئەتىرگۈل سۈيىدىن ئىچۈرۈپتۇ. ئاندىن مەغرىبلىق كىشى ئۇنى دۇكانغا ئېلىپ بىرىپتۇ، ئالاھىددىن دۇكاندىكى ئەڭ قىممەت ۋە ئەڭ چىرايلىق كىيىملەر ئىچىدىن ئۆزىگە يېشىل يوللۇق سېرىق يىپەك پەرىجە، قىزىل دوپپا ۋە ئېگىز قونچلۇق ئۆتۈكنى تاللاپ سېتىۋاپتۇ.

ئۇلار مەغرىبلىق كىشى بىلەن بازارنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ چىقىپتۇ، ئاندىن شەھەرنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئورمانغا بىرىپتۇ. چۈشمۇ بوپتۇ، ئالاھىددىن بولسا ئەتىگەندىن تارتىپ ھېچنېمە يېمەپتۇ. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ قالغان ھەم چارچىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇلارنى تەن ئېلىشتىن نومۇس قىپتۇ.

ئاخىر ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەي تاغىسىدىن سوراپتۇ:

— تاغا، چۈشلۈك تاماقنى قاچان يەيمىز؟ بۇ يەردە بىرمۇ دۇكان يوق ئىكەن، شەھەردىن يىگۈدەك ھېچنېمە ئالمىدۇق، قولۇڭدا قۇرۇق خالتىدىن بۆلەك ھېچنېمە يوق.

— ئالدىمىزدىكى ئېگىز تاغنى كۆرۈۋاتامسەن؟ — دەپتۇ مەغرىبلىق كىشى، — ئاشۇ تاغ ئېتىكىدە دەم ئېلىپ تاماق يەيلى دەپ ئويلىغان. ئەمما سېنىڭ قورسىقىڭ بەك ئېچىپ كەتكەن بولسا، مۇشۇ يەردە تاماق يېسەڭمۇ بولىدۇ.

— سەن تاماقنى نەدىن ئالماقچىسەن؟ — دەپ

ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ ئالاھىددىن.

— ھازىر كۆرىسەن، — دەپتۇ مەغرىبلىق كىشى.

ئۇلار ئېگىز، بوك - باراقسان دەرەخ ئاستىدا ئولتۇرۇپتۇ. مەغرىبلىق كىشى بولسا ئالاھىددىندىن:

— ھازىر سېنىڭ نېمە يېگۈڭ كېلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئالاھىددىننىڭ ئاپىسى ئۇنىڭغا ھەر كۈنى چوشلۇك تاماققا بىر خىللا تاماق — پىشۇرۇلغان پۇرچاق بېرەتتىكەن. شۇڭا، ئالاھىددىننىڭ شۇ تاماقتىن باشقا تاماق يادىغا يەتمەپتۇ:

— ماغا ماي بىلەن پىشۇرۇلغان پۇرچاق كەلتۈرگىن!

— قورۇلغان چوجە گۆشى يېگۈڭ يوقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ مەغرىبلىق كىشى.

— بار! — دەپتۇ خۇش بولۇپ كەتكەن ئالاھىددىن.

— ھەسەل بىلەن گۈرۈچ تامىقىنىمۇ يېگۈڭ كېلىدىغاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ مەغرىبلىق كىشى.

— كېلىدۇ! — دەپ ۋارقىراپ ساپتۇ ئالاھىددىن، — ھەممىسىنى يېگۈم كېلىدۇ! بىراق سەن نەدىن ئالىسەن؟

— مانا مۇشۇ خالتىدىن، — دەپتۇ مەغرىبلىق كىشى ۋە خالتىنى يېشىپتۇ.

ئالاھىددىن خالتىغا تازا سىنچىلاپ قاراپتۇ، لېكىن خالتىدا ھېچنېمە يوق ئىكەن.

— چوجىلىرىڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ ئالاھىددىن.

— مانا! — دەپتۇ مەغرىبلىق كىشى، ئۇ قولىنى خالتىنىڭ ئىچىگە تىقىپلا، ئىچىدىن قورۇلغان چوجىلەرنى

ئېلىپ چىقىپتۇ، — مانا بۇ گۇرۇچ بىلەن ھەسەل، مانا ماي بىلەن پىشۇرۇلغان پۇرچاقلار، مانا يەنە ئۇزۇم، ئانار ۋە ئالمىلار.

مەغرىبلىق كىشى خالتىدىن بىر تاماقنىڭ كەيندىن يەنە بىرىنى چىقارغىلى تۇرۇپتۇ، ئالاھىددىن بولسا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ سىرلىق خالتىغا قاراپلا قاپتۇ.

— يەنە يەمسەن، — دەپتۇ مەغرىبلىق كىشى ئالاھىددىنغا، — بۇ خالتا ئىچىدە ھەرقانداق تاماقنىڭ ھەممىسى بار. قولۇڭنى ئۇنىڭ ئىچىگە سالىسەن - دە: «قوي گۆشى، ھالۋا، خورمىلارنى خالايمەن» دېسەڭلا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىڭدا ھازىر بولىدۇ.

— بۇ قانداق مۆجىزىدۇ، — دەپ تاشلاپتۇ ئالاھىددىن، — مېنىڭ ئانامنىڭ مۇشۇنداق بىر خالتىسى بولغان بولسا، قالتىس ياخشى بولاتتى - دە!

— ئەگەر سەن مېنىڭ گېپىمگە كىرىدىغانلا بولساڭ، مەن ساڭا نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلىمەن. ئەمدى ئانار شەربىتىنى ئېچىپ يولىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى.

— نەگە؟ — دەپ سوراپتۇ ئالاھىددىن، — مەن ھېرىپ كەتتىم، كەچمۇ بولۇپ قالدى، ئۆيگە كېتەيلى.

— ياق، — دەپتۇ مەغرىبلىق كىشى، — بىز ئاۋۇ تاغقا بېرىشىمىز لازىم. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن مەن ساڭا مانا مۇشۇ سىرلىق خالتىنى سوۋغات قىلىپ بېرىمەن.

ئالاھىددىننىڭ زادىلا ماڭغۇسى كەلمەپتۇ، شۇڭا ئېغىر بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ:

— بوپتۇ، ماڭايلى، — دەپتۇ.

مەغرىبلىق كىشى ئالاھىددىنىڭ قولىدىن تۇتۇپتۇ ـ دە، تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ. كۈنمۇ ئولتۇرۇپتۇ، قاراڭغۇمۇ چۈشۈپتۇ. ئۇلار تولىمۇ ئۇزاق مېڭىپتۇ، ئاخىر تاغنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ كەپتۇ.

ئالاھىددىن بولسا قاتتىق قورقۇپ كېتىپ يىغلىۋەتكىلى تاس قاپتۇ.

— يۈگۈر، قۇرۇق شاخ ـ شۇمبىلارنى تېرىپ كەلگىن، — دەپتۇ مەغرىبلىق كىشى، — گۈلخان يېقىشىمىز كېرەك. ئۇ گۈركىرەپ يانغان چاغدا، مەن ساڭا دۇنيادا ھېچكىم ھېچقاچان كۆرمىگەن نەرسىلەرنى كۆرسىتىمەن.

ئالاھىددىننىڭ بولسا دۇنيادا ھېچكىم ھېچقاچان كۆرمىگەن نەرسىلەرنى بەكمۇ كۆرگۈسى كەپتۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ھېرىپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپتۇ ـ دە، شاخ ـ شۇمبىلارنى تەرگىلى كېتىپتۇ. گۈلخان گۈركىرەپ يانغان چاغدا، مەغرىبلىق كىشى قوينىدىن كىچىككىنە قۇتا بىلەن ئىككى تال تاختىچاقنى ئاپتۇ ـ دە، مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي، ئالاھىددىن، مەن سېنى باي قىلماقچىمەن ھەم ساڭا ۋە ئاپاڭغا ياردەم بەرمەكچىمەن. سەن مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندىغىن.

ئۇ قۇتىنى ئېچىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر نېمىنى ئېلىپ ئوتنىڭ ئۈستىگە سېپىپتۇ. شۇ ھامان گۈلخاندىن ئاسمانغا غايەت زور سېرىق، قىزىل ۋە يېشىل يالقۇن تۈۋرۈكى كۆتۈرۈلۈپتۇ.

— ئالاھىددىن، مېنىڭ دېگەنلىرىمنى دىققەت قىلىپ ئاڭلىغىن، — دەپتۇ مەغرىبلىق كىشى، — مەن ھازىر ئوت ئۈستىگە ئەپسۇن ئوقۇيمەن، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مېنىڭ ئالدىمدىكى يەر يېرىلىدۇ، سەن ئۇنىڭ ئىچىدە مىس

چەمبىرەك بىلەن ئورالغان يوغان تاشنى كۆرسەن. سەن چەمبىرەكنىڭ ھالقىسىدىن تۇتۇپ تاشنى كۆتۈرگىن. تاشنىڭ ئاستىدا بولسا يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشىدىغان شوتا بار. سەن شۇ شوتا بىلەن يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشسەڭ، بىر ئىشىكنى كۆرسەن. ئۇ ئىشىكنى ئاچساڭ ۋە ئىلگىرىلەپ مېڭىۋەرسەڭ. يولۇڭدا دەھشەتلىك يىرتقۇچلار بىلەن ئاجايىپ مەخلۇقلارنى ئۇچرىتىسەن، لېكىن ئۇلاردىن قورقما: سەن ئۇلارغا قولۇڭنى تەگكۈزۈپ قويساڭلا، بۇ ئاجايىپ مەخلۇقلار شۇ ھامان يىقىلىپ ئۆلىدۇ. سەن ئۈچ ئۆيدىن ئۆتىسەن، تۆتىنچى ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن بىر مومايىنى كۆرسەن. ئۇ موماي يېقىنچىلىق قىلىپ سېنى قۇچاقلىماقچى بولىدۇ. سەن ئۇنى ئۆزۈڭگە يولاتما، بولمىسا سەن قارا تاشقا ئايلىنىپ كېتىسەن. ئۇنىڭدىن كېيىن تۆتىنچى ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ باغقا چىقىسەن. باغنىڭ يەنە بىر چېتىدىكى ئىشىكنى ئاچقىن. بۇ ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا ئالتۇن ۋە قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن تولغان چوڭ بىر ئۆي بار. بۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدىن خالىغىنىڭنىڭ ھەممىسىنى ئالغىن، ماڭا بىر كونا مىس چىراغىنىلا ئېلىپ كەلسەڭ بولىدۇ، ئۇ ئۆيىنىڭ ئوڭ بۇرجىكىدىكى تامدا ئېسىقلىق تۇرىدۇ. سەن چىراغنى ماڭا ئەكېلىپ بەرگەندىن كېيىن، مەن ھېكمەتلىك خالتىنى ساڭا تەقدىم قىلىمەن. قايتىدىغان چېغىڭدا بولسا، مانا بۇ ئۈزۈك سېنى ھەممە بالا- قازادىن ساقلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالاھىددىنىنىڭ قولىغا كىچىككىنە پارقىراق ئۈزۈكنى سېلىپ قويۇپتۇ. ئالاھىددىن بولسا دەھشەتلىك يىرتقۇچلار بىلەن ئاجايىپ مەخلۇقلار ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپتۇ.

— تاغا، — ئۇ مەغرىبلىق كىشىدىن سوراپ-تۇ، — سەن ئۆزۈڭ نېمە ئۈچۈن يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشمەيسەن؟ چىراغنى ئەكېلىشكە ئۆزۈڭ بارغىن، مېنى بولسا ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويغىن.

— ياق، بولمايدۇ، ئالاھىددىن، — دەپتۇ مەغرىبلىق كىشى، — سېنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم بۇ خەزىنىگە بارالمايدۇ. بۇ خەزىنە نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان يەر ئاستىدا ياتقان بولۇپ، ئۇ تىككۇچى ھەسەننىڭ ئوغلى ئالاھىددىنغىلا مىراس قىلىپ قالدۇرۇلغان. شۇڭا مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىغىن، بولمىسا ساڭا ياخشى ئاقىۋەت يوق!

ئالاھىددىن تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ-دە:

— بولىدۇ، مەن ساڭا چىراغنى ئەكېلىپ بېرەي، لېكىن سەن جەزمەن ماڭا خالتىنى تەقدىم قىلىسەن!

— تەقدىم قىلىمەن! تەقدىم قىلىمەن! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ مەغرىبلىق كىشى.

ئۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش نېمىدىن ئوتقا يەنە بىر ئاز سېپىپ-تۇ-دە، ئەپسۇننى ئوقۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ بارغانسېرى قاتتىق ئوقۇپتۇ ھەمدە ئاخىرقى سۆزنى كۈچەپ ۋارقىراپتىكەن، قولاقنى يېرىۋەتكۇدەك دەرىجىدە قاتتىق گۇمبۇرلىگەن ئاۋاز چىقىپتۇ-دە، ئۇنىڭ ئالدىدىكى يەر يېرىلىپتۇ.

— تاشنى كۆتۈر! — دەپ دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپتۇ مەغرىبلىق كىشى.

ئالاھىددىن مىس بىلەن چەمبەرلەنگەن يوغان تاشنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئىككى قولى بىلەن مىس چەمبىرەكنىڭ ھالقىسىدىن تۇتۇپ تاشنى ئۆزىگە تارتىپتۇ-دە، كۈچىمەيلا كۆتۈرۈۋاپتۇ. تاشنىڭ ئاستىدا ئورا، ئۇنىڭ ئىچىدە شوتا

بار ئىكەن.

— قېنى، ئەمدى ماڭغىن، تېزرەك قايتىپ كەل-گىن! — دەپ ۋارقىراپتۇ مەغرىبلىق كىشى.

ئالاھىددىن تۆۋەنگە تېزلا چۈشۈپ كېتىپتۇ، قانچە تۆۋەنگە چۈشكەنسېرى، ئەتراپ شۇنچە قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇ، لېكىن ئۇ توختىماي ئىلگىرىلەپتۇ.

ئالاھىددىن تۆتىنچى ئۆينىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كېلىپ ئۇنى ئاۋايلاپ ئاستا ئېچىپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ قارىسا، ئۆيدە بېشىدىن تارتىپ پۇتلىرىغىچە يېپىنچا بىلەن ئورىنىۋالغان كىچىككىنە مومايدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنى كۆرمەپتۇ. موماي ئالاھىددىننى كۆرۈشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەپتۇ- دە:

— ئاخىر سەن كەلدىڭ، ئالاھىددىن، مېنىڭ ئوغ-لۇم! مەن سېنى مۇشۇ قاراڭغۇ يەر ئاستى ئۆيدە شۇنچە ئۇزۇن يىللار كۈتكەندىم! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

موماي ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئانىسىدەك كۆرۈنۈپ كېتىپ ئالاھىددىن ئۇنىڭغا قولىنى سۇنۇپتۇ. ئۇ مومايىنى قۇچاقلىماقچى بوپتۇ، لېكىن شۇ ھامان ئۇنىڭغا تېگىپ كەتسىلا قارا تاشقا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقى ئېسىگە كېلىپ قاپتۇ- دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئوقتەك قېچىپ چىقىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئىشىكنى قايتىدىن ئېچىپ قارىسا، ئۆينىڭ ئىچىدە ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ.

ئالاھىددىن بۇ ئۆيدىن ئۆتۈپ بەشىنچى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا قويۇق دەرەخلەر ۋە خۇش پۇراق گۈللەر بىلەن تولغان چىرايلىق باغ پەيدا بوپتۇ. دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا كىچىك ئالىچىپار قۇشلار ئۇنىڭ بارىچە ۋىچىرلىشىپ، سايرىشىۋاتقۇدەك. لېكىن ئۇلار ئۇزاققا ئۇچالمايدىكەن — باغنىڭ ئۈستىگە

تارتىلغان ئالتۇن تور ئۇلارغا توسالغۇلۇق قىلىدىكەن. باغنىڭ ھەممە يوللىرىغا دۇپدۇگىلەك يالتىراق تاش ياتقۇزۇلغانىكەن.

ئالاھىددىن تاشلارنى تەرگىلى تۇرۇپتۇ، ئۇ ئۇلارنى قويىنىغا ۋە دوپپىسىغا ساپتۇ. چۈنكى، ئۇ باللار بىلەن تاش ئېتىشىپ ئويناشقا ئامراق ئىكەن.

تاشلار ئالاھىددىنغا شۇنداق ياراپ كېتىپتۇكى، چىراغنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس ـ تاماس قاپتۇ. تاشلارنى تىققۇدەك ھېچبىر يەر قالمىغان چاغدا، ئۇ خەزىنىنى ئېسىگە ئاپتۇ ـ دە، ئۇ ئۆيگە كەپتۇ. بۇ يەر ئاستىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ چوڭ ئۆي ئىكەن. بۇ يەردە دۆ-ۋە ـ دۆۋە ئالتۇن، كۈمۈش ۋە قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلار تولۇپ تېشىپ تۇرۇپتۇ، بىراق ئالاھىددىن بۇلارغا قاراپمۇ قويماپتۇ. چۈنكى، ئۇ ئالتۇن ۋە قىممەت باھالىق نەرسىلەرنىڭ باھاسىنى ئۇقمايدىكەن. ئۇ بۇ يەردىن چىراغنىلا ئاپتۇ ـ دە، ئۇنى قويىنىغا ساپتۇ، ئاندىن قايتىپ چىقىش ئېغىزىغا كەپتۇ ۋە شوتا بىلەن مىڭ بىر مۇشەققەتتە يامىشىپ يۇقىرىغا چىقىپتۇ. ئاخىرقى باسقۇچقا قەدەم قويغاندىن كېيىن ئۇ ۋارقىراپتۇ:

— تاغا، قولۇڭنى سۇنۇپ دوپپامدىكى تاشلارنى ئېلىۋالغىن، ئاندىن مېنى تارتىپ چىقىرىۋالغىن، ئۆزۈم يامىشىپ چىقالمىغۇدەكمەن!

— سەن ئاۋۋال چىراغنى ماڭا بەرگىن! — دەپ ۋارقىراپتۇ مەغرىبلىق كىشى.

— ئۇ تاشلارنىڭ ئاستىدا قالغان، شۇڭا ئۇنى سۇنۇپ بېرەلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئالاھىد-دىن، — مېنىڭ چىقىشىمغا ياردەم قىلساڭ، ئاندىن ئۇنى ساڭا بېرىمەن.

بىراق، مەغرىبلىق كىشىنىڭ ئالاھىددىنغا ياردەم بەرگۈسى كەلمەپتۇ. ئۇنىڭ غەرىزى ئالدى بىلەن چىراغنى ئېلىۋېلىش، ئاندىن بۇ خەزىنە يولىنى باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئالاھىددىننى يەر ئاستىغا تاشلىۋېتىش ئىكەن. ئۇ ئالاھىددىنغا يېلىنىپ يالۋۇرۇپ بېقىپتۇ، لېكىن ئالاھىددىن چىراغنى ئۇنىڭغا بىرىشكە زادىلا ئۇنىماپتۇ. ئۇ قاراڭغۇدا تاشلىرىنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، يەر ئۈستىگە تېزرەك چىقىۋېلىش كويىدا بوپتۇ.

مەغرىبلىق كىشى ئالاھىددىننىڭ چىراغنى ئۆزىگە بەرمەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن ئاچچىقلىنىپ ۋارقىراپ - جارقىراپتۇ:

— خەپ، سەن شۇنداق قىلىپ چىراغنى ماڭا بەرمەمسىنا؟ ئۇنداق بولسا يەر ئاستىدا مەڭگۈ قالغىن - دە، ئۆلگىن!

ئۇ قۇتىدا قالغان ئۇندەك نەرسىنى ئوتقا سېلىپلا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىشى بىلەن تەڭ تاش ئۆزلۈكىدىن تۆشۈكنى ئېتىۋاپتۇ، ئالاھىددىننىڭ ئۈستىدىكى يەرمۇ ئۆزلۈكىدىن تۇتىشىپ كېتىپتۇ.

بۇ مەغرىبلىق كىشى ئەسلىدە ئالاھىددىننىڭ تاغىسى ئەمەس، بىرا سېھىرگەر ۋە قۇۋ جادۇگەر ئىكەن. ئۇ ئىراندىكى يەر ئاستىدا خەزىنە بارلىقىنى، بۇ خەزىنىنى پەقەت تىككۇچى ھەسەننىڭ ئوغلى ئالاھىددىن دېگەن بالا ئاچالايدىغانلىقىنى جادۇسىغا تايىنىپ بىلىۋالغانىكەن.

بۇ خەزىنىدىكى بايلىقنىڭ ئەڭ ئېسىلى — ئاشۇ سېھىرلىك چىراغ ئىكەن. كىم ئۇنى قولغا چۈشۈرسە، ئۇ شۇنىڭغا ھەرقانداق پادىشاھتىن يوق كۈچ - قۇدرەت ۋە بايلىق ئاتا قىلىدىكەن. بۇ مەغرىبلىق كىشى ئالاھىددىننىڭ

قەيەردە ياشايدىغانلىقىنى بىلگۈچە ۋە ئۇنى تاپقۇچە ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت جادۇگەرلىك قىلغانىكەن.

ئەمدى شۇ چىراغ قولغا چۈشەي دەپ قالغاندا، بۇ يارىماس بالىنىڭ ئۇنى بەرمەي قويغىنىنى قارىمامدىغان! ئۇ يەر ئۈستىگە چىقىپ قالىدىغان بولسا، باشقا كىشىلەرنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن، ئۇلارمۇ بۇ خەزىنىنى ئىگىلەشنى خالايدۇ ــ دە.

خەزىنە ھېچكىمگە قالمىسۇن! ئالاھىددىن يەر ئاستىدا جېنىدىن جۇدا بولسۇن! شۇنىڭ بىلەن مەغرىبلىق كىشى ئۆز ئىنىڭ دۆلىتىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

ئالاھىددىنىنىڭ ئۈستىدىكى يەر تۇتىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ قاتتىق يىغلاپتۇ ۋە ۋارقىراپتۇ:

ــ تاغا، ماڭا ياردەم قىلساڭ! مېنى بۇ يەردىن ئاچىقىپ كەتكىن، بولمىسا مەن بۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىمەن!

ئەمما بۇنى ھېچكىم ئاڭلىماپتۇ ۋە جاۋابمۇ بەرمەپتۇ. ئالاھىددىن ئۆزىنى تاغاڭ دەۋالغان بۇ ئادەمنىڭ قىپقىزىل ئالدامچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ. ئۇ يەر ئاستىدىن چىقىشنىڭ باشقا يولىنىڭ بار ــ يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن شوتا بىلەن تۆۋەنگە يۈگۈرۈپ چۈشۈپتۇ، لېكىن ھەممە ئىشىك بىراقلا يوقاپ كېتىپتۇ، باغقا چىقىدىغان يولمۇ ئېتىلىپ قاپتۇ. ئالاھىددىن شوتىنىڭ باسقۇچىدا ئولتۇرۇپ ئىككى قولىغا بېشىنى قويۇپلا يىغلاشقا باشلاپتۇ.

بىراق، ئۇنىڭ ماڭلىيى مەغرىبلىق كىشى ئۇ يەر ئاستىغا چۈشۈۋاتقان چاغدا قولىغا سېلىپ قويغان ئۇزۇككە تېگىپ كېتىپتۇ ــ دە، يەر تەۋرەپ كېتىپتۇ ۋە شۇ ھامان ئۇنىڭ ئالدىدا غەيەت زور گەۋدىلىك، دەھشەتلىك جىن پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ بېشى گۇمبەزدەك، قوللىرى ئارىدەك، پۇتلىرى تۈۋرۈكتەك، ئاغزى بولسا غاردەك ئىكەن.

كۆزلىرىدىن يالقۇن چاچراپ تۇرىدىكەن، پېشانىسىدە بولسا ئاجايىپ يوغان مۈڭگۈزى بار ئىكەن.

— سەن كىم؟ سەن كىم؟ — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ ئالاھىددىن، بۇ دەھشەتلىك جىننى كۆرمەسلىك ئۈچۈن قوللىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ تۇرۇپ، — ماڭا رەھىم قىل، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمە!

— مەن داخناش، ھەممە جىنلارنىڭ باشلىقى — ى بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جىن، — مەن مۇشۇ ئۈزۈكنىڭ قۇلىمەن، شۇنداقلا ئۈزۈكنىڭ ئىگىسىنىڭمۇ قۇلىمەن. بۇيرۇقۇڭنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرىمەن، جانابىي ئىگەم.

ئالاھىددىن بۇ ئۈزۈكنىڭ ئۆزىنى قوغدايدىغانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ — دە:

— مېنى يەرنىڭ ئۈستىگە ئاچىقىپ قويغىن، — دەپتۇ.

ئۇ سۆزىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا يەرنىڭ ئۈستىگە، يەر ئاستىغا كىرىدىغان ئورنىنىڭ يېنىغا چىقىپ قاپتۇ.

تاڭمۇ ئاتقان، قۇياشمۇ يارقىن پارقىراپ تۇرغانىكەن. ئالاھىددىن ئۆزىنىڭ شەھىرىگە قاراپ جان — جەھلى بىلەن غۇيۇلداپ چېپىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كىرگەندە ئاپىسى ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ئوغلىنى ئاللىقاچان ھايات ئەمەس دەپ ئويلىغانىكەن. ئالاھىددىن ئارقىسىدىكى ئىشىكنى ئارانلا يېپىپتۇ — دە، ئاچلىق ۋە ھارغىنلىق دەستىدىن ھوشسىز ئادەمدەك گۈپپىدە قىلىپ يىقىلىپتۇ. ئاپىسى ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ سېپىپتۇ، ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن سوراپتۇ:

— سەن قاياققا يوقاپ كەتتىڭ، ساڭا نېمە بولدى؟

تاغاڭ نەدە، سەن نېمىشقا يالغۇز قايتىپ كەلدىڭ؟

— ئۇ ھەرگىز مېنىڭ تاغام ئەمەس، ئۇ رەزىل جا-دۇگەر، — دەپتۇ ئالاھىددىن ئاجىز ئاۋاز بىلەن، — مەن ساڭا ھەممىنى دەپ بېرىمەن، ئاپا، بىراق سەن ھازىر ماڭا يېگۇدەك بىرنەرسە بەرگىن.

ئاپىسى ئۇنىڭغا قايىنتىلغان پۇرچاق بېرىپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆيىدە يېگۇدەك ھېچ نەرسە يوق ئىكەن!

— مانا ئەمدى ماڭا نېمە بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگىن، — دەپتۇ ئاپىسى.

— مەن يەر ئاستىغا چۈشتۇم ۋە ئۇ يەردىن ھەر خىل ئاجايىپ تاشلارنى تاپتىم، — ئالاھىددىن شۇنداق دەپتۇ-دە، ئاپىسىغا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئاندىن پۇرچاق سېلىنغان تاۋاقنى قاراپ:

— ئۆيدە يەنە يېگۇدەك بىرەر نەرسە بارمۇ، ئا-پا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھېچنېمە يوق، ئوغلۇم. سەن مېنىڭ ھەم بۈگۈن، ھەم ئەتە ئۇچۇن قايناتقانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يەپ قويدۇڭ. مەن كۆچۈمدىن قالغانلىقىمدىن، شۇڭا بازارغا ئاپىرىپ ساتقۇدەك يىپ ئىگىرەلمىگىنىمدىن تولىمۇ بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

— غەم قىلمىغىن، ئاپا، — دەپتۇ ئالاھىد-دىن، — مېنىڭدە بىر چىراغ بار. مەن ئۇنى يەر ئاستىدىن ئالغان. ئۇ كونا بولسىمۇ، ھەرھالدا پۇلغا يارايدۇ.

ئۇ قوينىدىن چىراغنى ئېلىپ ئاپىسىغا بېرىپتۇ. ئاپىسى ئۇنى كۆرۈپ:

— مەن ئۇنى تازىلايمەن ۋە بازارغا ئاپىرىپ سا-
تىمەن. بۇنىڭغا كەچكى تاماققا يەتكۈدەك بىرنەرسە كېلىپ
قېلىشى مۇمكىن، — دەپتۇ.

ئۇ دەسمال بىلەن بىر پارچە سوپۇننى ئېلىپ ھويلىغا
چىقىپتۇ. لېكىن ئۇ دەسمال بىلەن چىراغنى شۇنداق
سۇرتۇشىگىلا يەر تىترەپ كېتىپتۇ - دە، قورقۇنچلۇق جىن
پەيدا بوپتۇ.

ئالاھىددىننىڭ ئاپىسى چىرقىرىغىنىچە ھوشىدىن
كېتىپ يىقىلىپتۇ. ئالاھىددىن چىرقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ
ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ - دە، ئاپىسىنىڭ يەردە
يىقىلىپ ياتقىنىنى، ئۇنىڭ يېنىدا بولسا چىراغنىڭ
دومىلاپ تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
بولسا شۇنداق زەپەردەست جىن تۇرۇپتۇكى، بېشى
كۆرۈنمەي، گەۋدىسى قۇياش نۇرىنى توسۇۋاپتۇ.

ئالاھىددىن چىراغنى قولىغا ئېلىشى بىلەنلا جىننىڭ
گۈلدۈرماممىدەك ئاۋازى ياڭراپتۇ:

— ھەي، چىراغنىڭ ھۆكۈمرانى، مەن خىزمى-
تىڭگە تەييارمەن!

ئالاھىددىن جىنلارغا كۆنۈكۈپ قالغاچقا، ئۇنىڭدىن
ئانچە قورقۇپ كەتمەپتۇ. ئۇ جىننىڭ ياخشىراق ئاڭلىشى
ئۈچۈن بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە قاتتىق
ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— كىمسەن، ھەي جىن، قولۇڭدىن نېمە ئىش
كېلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن شاھمۇراشا بولىمەن! ئاشۇ چىراغنىڭ
قۇلىمەن، شۇنداقلا چىراغ ئىگىسىنىڭمۇ قۇلىمەن، —
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جىن، — مېنىڭدىن خالىغىنىڭنى

سورا، شەھەرنى بۇزۇش بولامدۇ ياكى ئوردا ياساش بولامدۇ، بۇيرۇۋەر!

ئۇ گەپ قىلىۋاتقاندا، ئالاھىددىنىنىڭ ئاپىسى ھوشىغا كەپتۇ. ئۇ جىننى كۆرۈپ يەنە ۋارقىراپ ساپتۇ. لېكىن ئالاھىددىن قولى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ تۇرۇپ ۋارقىراپتۇ:

— ماڭا قورۇلغان ئىككى توخۇ گۆشى ۋە يەنە ياخشىراق يېمەكلىكلەرنى كەلتۇر، ئاندىن يوقال، بولمىسا ئاپام سەندىن قورقىدىكەن!

جىن غايىب بوپتۇ - دە، ھەش - پەش دېگۈچە چىرايلىق داستىخان سېلىنغان ئۈستەلنى ھازىر قىپتۇ. ئۇنىڭدا ئون ئىككى ئالتۇن لېگەنگە سېلىنغان تەملىك تائاملار بىلەن ئىككى خۇمرا شەربەت بار ئىكەن.

ئالاھىددىن ئاپىسى بىلەن تائاملارنى يەپتۇ، يېگەندىمۇ تازا تويغۇچە يەپتۇ.

— ھەي، ئاپا، — دەپتۇ ئالاھىددىن تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، — بۇ چىراغنى ئاسرىشىمىز ۋە ئۇنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەسلىكىمىز كېرەك. بۇ بىزگە بەخت ۋە بايلىق ئاتا قىلىدۇ.

— قانداق قىلساڭ قىلغىن، — دەپتۇ ئاپىسى، — لېكىن ئاشۇ قورقۇنچلۇق جىننى ئەمدى ماڭا كۆرسەتمىگىن.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئالاھىددىن بىلەن ئاپىسىغا يېيىشكە يەنە ھېچنېمە قالماپتۇ. بۇ چاغدا ئالاھىددىن بىر دانە ئالتۇن لېگەننى بازارغا ئېلىپ بېرىپ ئۇنى يۈز تىللاغا سېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ ئالاھىددىن ھەر ئايدا بىر دانە

ئالتۇن لېگەننى بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ باھاسىنى بىلمۇاپتۇ ھەمدە يەر ئاستىدىكى باغدىن تېرىۋالغان تاشلارنىڭ ھەربىرى يەر يۈزىدە تېپىلىدىغان ھەرقانداق قىممەت باھالىق تاشتىنمۇ قىممەتلىكرەك ئىكەنلىكىنى چۈشىنمۇاپتۇ.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، ئالاھىددىن بازاردىكى چاغدا بىر جارچى مەيدانغا چىقىپتۇ - دە، ۋارقىراپ تۇرۇپ جاكارلاپتۇ:

— دۇكانلىرىڭلارنى تاقاپ ئۆيۈڭلارغا كىرىڭلار! ھېچكىم دېرىزىدىن قارىغۇچى بولمىسۇن! ھازىر سۇلتاننىڭ قىزى، مەلىكە بۇدۇر مۇنچىغا بارىدۇ، ئۇنى ھېچكىمنىڭ كۆرۈشىگە رۇخسەت يوق!

سودىگەرلەر ھاپىلا - شاپىلا دۇكانلىرىنى ئېتىشىپتۇ، خەلق بولسا مەيداندىن ئۆيلىرىگە قاراپ چېپىشىپتۇ.

ئالاھىددىننىڭ بولسا مەلىكىنى كۆرگۈسى كېلىپ قاپتۇ. شەھەردىكىلەردىن ئۇ، دۇنيادا ئۇنىڭدىن چىرايلىقراق قىز يوق، دەپ ئاڭلىغانىكەن. ئالاھىددىن مۇنچىغا ئۇچقاندەك چېپىپ بېرىپتۇ - دە، ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ.

پۈتكۈل مەيدان ھايت - ھۇيت دېگۈچە بوشاپ قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن يىراقتىن ئالتۇن ئېگەرلىك ئاتلارنى مىنگەن بىر توپ قىزلار كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئايدىنمۇ چىرايلىق بىر قىز بار ئىكەن، ئۇ مەلىكە بۇدۇر ئىكەن.

ئۇ ئاتتىن چۈشۈپتۇ - دە، ئالاھىددىندىن ئىككى قەدەم نېرىدا مېڭىپ مۇنچىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئالاھىددىن بىر ئېغىز نەپەس ئېلمۇېتىپ، ئۆيىگە ئارانلا يېتىپ كەپتۇ.

ئۇ مەلىكە بۇدۇرنىڭ جامالىنى زادىلا ئۇنتالماپتۇ. «ھەممە قىزلاردىن گۈزەل دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن-دە، — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — مەن ئۇنىڭغا ئۆيلەن-مەيدىغان بولسام ئۆلۈپ كېتىمەن.»

ئۇ ئۆيىگە كىرىپلا يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ-دە، كەچ كىرگۈچە يېتىپتۇ. ئاپىسى ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ قولىنى سىلكىپ قويۇپتۇ.

ئاپىسى ئۇنىڭغا شۇنداق يېپىشىۋاپتۇكى، ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىر ئېغىز ئېچىپتۇ:

— ھەي، ئاپا، مەن مەلىكە بۇدۇرغا ئۆيلەنمەك-چىمەن! سەن سۇلتاننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن مەلىكە بۇدۇرنى ماڭا خوتۇنلۇققا بېرىشنى سورىغىن.

— نېمە دەۋاتىسەن! — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ مو-ماي، — بېشىڭدىن ئاپتاپ ئۆتۈپ قالمىغاندۇ! تىككۈچىنىڭ ئوغلى سۇلتاننىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەنلىكىنى ئاڭلاپ باققان بولغىيمىدىڭ؟ ئەڭ ياخشىسى كەچكى تاماقنى يېگىن-دە، ئۇيقۇڭنى ئۇخلىغىن. ئەتىلىككە بۇنداق نەرسىلەرنى ئويلىمايدىغان بولىسەن.

— كەچكى تاماقنى يېگۈم كەلمەيۋاتىدۇ! مەلىكە بۇدۇرغا ئۆيلەنگۈم كېلىۋاتىدۇ! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئالا-ھىددىن، — ماڭساڭچۇ، ئاپا، سۇلتاننىڭ ئالدىغا بارغىن، ئۇنىڭدىن قىزىنى ماڭا بېرىشنى سورىغىن!

— ياق، مەن تېخى سۇلتاننىڭ ئالدىغا قىزىنى سوراپ بارغۇدەك دەرىجىدە ھوشۇمنى يوقىتىپ قويغىنىم يوق، — دەپتۇ ئالاھىددىننىڭ ئاپىسى.

بىراق، ئالاھىددىن ئاپىسىغا ماقۇل بولغۇچە يېلىنىپ تۇرۇۋاپتۇ.

— بوپتۇ، ئوغلۇم، بارسام باراي، — دەپتۇ ئۇ، — بىراق ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، سۇلتاننىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول بارغىلى بولمايدۇ. مەن ئۇنىڭغا يارىغۇدەك نىمە ئاپىرىمەن.

ئالاھىددىن ياتقان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپتۇ - دە، خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋېتىپتۇ:

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولغىن، ئاپا! ئالتۇن لېگەنلەردىن بىرىنى تاللىۋالغىن - دە، ئۇنى مەن يەر ئاستىدىكى باغدىن تېرىۋالغان تاشلار بىلەن تولدۇرغىن. سۇلتاندا، ئەلۋەتتە، مېنىڭكىدەك بۇنداق تاشلار يوق.

ئالاھىددىن ئەڭ يوغان بىر لېگەننى تاللىۋاپتۇ - دە، ئۇنى ئۆزىنىڭ قىممەت باھالىق تاشلىرى بىلەن لىق تولدۇرۇپتۇ. ئاپىسى ئۇنىڭغا شۇنداق قاراش بىلەنلا قوللىرى بىلەن كۆزىنى توسۇۋاپتۇ، چۈنكى تاشلار شۇنداق يارقىن چاقناپ تۇرىدىكەن.

— بۇنداق سوۋغات بىلەن سۇلتاننىڭ ئالدىغا بېرىشتىن ئەمدى خىجىل بولمايمەن، — دەپتۇ ئۇ، — ئەمدىكى مەسىلە شۇ يەردىكى، سەن دېگەن ئىشنى ئۇنىڭغا دېيىشكە تىلىمنىڭ بېرىش - بارماسلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن مەن بارلىق جاسارىتىمنى يىغىپ ئۇرۇنۇپ باقىمەن.

— ئۇرۇنۇپ باققىن، جېنىم ئاپا، — دەپتۇ ئالاھىددىن، — تېزرەك بارغىن!

ئالاھىددىننىڭ ئاپىسى ئالتۇن لېگەننى يىپەك داستىخانغا ئوراپتۇ ۋە سۇلتاننىڭ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

«بۇنداق ئىش توغرىسىدا سۇلتان بىلەن قانداق سۆزلەشسەم بولىدىكىن؟ — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، —

سۇلتانىنىڭ قىزى بىلەن تويلاشقۇدەك قانچىلىك ئادەملەر بىز؟ مەن بىر ئاددىي ئايال، ئېرىم بولسا بىر گاداي تىككۇچى، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئوغلىمىز ئالاھىددىن ئويلىمىغان يەردىن ئۇلۇغ سۇلتانىنىڭ كۇيئوغلى بولۇشنى خالاپ قالدى. ياق، مەن بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشقا جۇرئەت قىلالمايمەن. بەلكىم، بىزنىڭ قىممەت باھالىق تاشلىرىمىز سۇلتانغا يېقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئۇنىڭكىدە بۇنداق تاشلار، ئېھتىمال، بۇنىڭدىنمۇ كۆپتۇ. بوپتۇ، يامىنىغا كەلسە مېنى دەررىگە باسار ۋە ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتەر. زىندانغىمۇ تاشلىۋەتمەس.»

ئۇ شۇنداق ئوي - خىياللار ئىلكىدە شەھەرنىڭ كوچىسى بىلەن سۇلتانىنىڭ ئوردىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ. كوچىدىن ئۆتكۇچىلەر بۇ يىرتىق كۆڭلەك كىيگەن مومايغا ھەيران بولۇپ قارىشىپ قاپتۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچكىممۇ شۇ چاغقىچە سۇلتان ئوردىسىنىڭ يېنىدا بۇنداق ئايالنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. باللار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ھايت - ھۇيت، دەپ ۋارقىرىشىپ ئۇنى تېرىكتۇرۇپتۇ. لېكىن موماي بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا پىسەنتمۇ قىلىپ قويماپتۇ.

ئۇ شۇنداق ۋەيرانە كىيىنگەن ئىكەنكى، ئوردىنىڭ دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقانلارمۇ ئۇنى ئوردىغا كىرگۈزمەپتۇ. ئەمما موماي ئۇلارنىڭ قولىغا پۇل تىقىپتۇ - دە، غىپلا قىلىپ كىرىپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئوردىغا كىرىپلا، ئەڭ خىلۋەت بىر بۇلۇڭدا تۇرۇۋاپتۇ. تېخى ئەتىگەن بولۇپ ھېچكىم يوق ئىكەن. لېكىن، بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچى ئالىچىپار تونلارنى كىيگەن ئوردا ئەھلى ۋە داڭلىق كىشىلەر بىلەن تولۇپتۇ.

سۇلتان بولسا قوللىرىدا قىلىچ تۇتقان نىگىرلار بىلەن ئورالغان ھالدا ھەممىدىن كېيىن كەپتۇ. سۇلتان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ ۋە قارىلىدىغان ئىشلارنى تاللاش ۋە ئەرزىيەتنامىلەرنى قوبۇل قىلىشقا باشلاپتۇ. ئەڭ ئىگىز قۇل ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپتۇ ـ دە، يوغان توز قانتى بىلەن چىۋىنلەرنى قورۇغىلى تۇرۇپتۇ.

ھەممە ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، سۇلتان ياغلىقىنى سىلكىپتۇ. بۇ «تامام» دېگىنى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نىگىرلارنىڭ يەلكىسىگە تايانغان ھالدا قايتىپ كېتىپتۇ.

ئالاھىددىنىنىڭ ئاپىسى سۇلتانغا ھېچنېمە دېيەلمەي ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئۇ يەنە ئوردىغا بېرىپتۇ ۋە يەنىلا ھېچنېمە دېيەلمەي قايتىپ كەپتۇ. ئۇ كېيىنكى كۈنىمۇ بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى ئوردىغا بېرىشقا ئادەتلىنىپ قاپتۇ.

ئاخىر سۇلتان ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ۋەزىرىدىن سوراپتۇ:

— بۇ ئايال كىم ئۇ؟ ئۇ بۇ يەرگە نېمىدەپ كېلىدۇ؟ سوراپ باققىن، ئۇنىڭغا نېمە كېرەك ئىكەن؟ مەن ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى بېجىرىپ بېرەي.

ۋەزىر ئالاھىددىنىنىڭ ئاپىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ۋارقىراپتۇ:

— ھەي موماي، بۇ ياققا كەل! سېنىڭ قانداقلىكى ئىلتىماسىڭ بولسا، سۇلتان ئۇنى بېجىرىپ بەرمەكچى.

ئالاھىددىنىنىڭ ئاپىسى قورققىنىدىن تىترەپ كېتىپتۇ ـ دە، قولىدىكى لېگەن چۈشۈپ كەتكىلى تاس قاپتۇ. ۋەزىر ئۇنى سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ ئۇنىڭغا

ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ. سۇلتان ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:
— سەن نېمە ئۈچۈن ھەر كۈنى كېلىسەن، ھېچنېمە دېمەي كېتىپ قالىسەن؟ ئېيتقىنا، ساڭا نېمە كېرەك؟
ئالاھىددىننىڭ ئاپىسى يەنە بىر قېتىم تەزىم قىلىۋېتىپ مۇنداق دەپتۇ:
— ئەي، قۇدرەتلىك سۇلتان! مېنىڭ ئوغلۇم ئالاھىددىن ساڭا بۇ تاشلارنى سوۋغات قىلىپ ئەۋەتىپ، سېنىڭدىن قىزىڭ — مەلىكە بۇدۇرنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.
ئۇ لېگەننى شۇنداق ئېچىشى بىلەنلا پۈتكۈل زال تاشلارنىڭ پارقىرىشىدىن يورۇپ كېتىپتۇ.
— پاھ، ۋەزىر! — دەپتۇ سۇلتان، — سەن ئۆمرۈڭدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ مۇشۇنداق تاشلارنى كۆرۈپ باققانمىدىڭ؟
— ياق، ئۇلۇغ سۇلتان، كۆرۈپ باقمىغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر.
سۇلتان قىممەت باھالىق تاشلارنى ياخشى كۆرەتتىكەن، لېكىن ئۇنىڭ ئالاھىددىن ئەۋەتكەن تاشلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرەر - بېرىمۇ تېشى يوق ئىكەن. سۇلتان سۆز باشلاپتۇ - دە:
— مېنىڭچە، مۇشۇنداق تاشلىرى بولغان ئادەم قىزىمغا ياخشى ئەر بولالىشى مۇمكىن. سەن قانداق قارايسەن، ۋەزىر؟ — دەپتۇ.
ۋەزىر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق ھەسەتخورلۇقى تۇتۇپتۇ: چۈنكى، ئۇمۇ مەلىكە بۇدۇرنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىكەن،

سۇلتانمۇ ئۇنىڭ ئوغلىغا قىزى بۇدۇرنى بېرىشكە ۋەدە قىلغانىكەن.

— ئۇلۇغ سۇلتان، — دەپتۇ ۋەزىر، — تېگى - تەكتىنى بىلمىگەن ئادەمگە مەلىكىنى بېرىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ مۇنۇ تاشلىرىدىن باشقا ھېچنېمىسى بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئۇ يەنە مۇشۇنداق قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن تولدۇرۇلغان قىرىق ئالتۇن لېگەن ھەمدە ئۇلارنى كۆتۈرۈپ كېلىشكە قىرىق چۆرە بىلەن ئۇلارنى قوغداپ مېڭىشقا قىرىق قۇلنى سوۋغات قىلىپ ئەۋەتسۇن. شۇ چاغدا ئۇنىڭ باي ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلەيمىز.

ۋەزىر كۆڭلىدە بولسا: «بىر ەركىمنىڭ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس! ئالاھىددىن بولسا بۇلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا قادىر ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئۇنىڭغا قىزىنى بەرمەي قويىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

— سەن بۇنى تازا جايىدا ئويلاپسەن، ۋەزىر! — سۇلتان ئالاھىددىننىڭ ئاپىسىغا قاراپ، — سەن ۋەزىرنىڭ نېمە دېگىنىنى ئاڭلىغانسەن؟ بېرىپ ئوغلۇڭغا ئۇنى يەتكۈزگىن: ئەگەر ئۇ مېنىڭ قىزىمغا ئۆيلىنىشنى خالىسا، مۇشۇنداق تاشلار بىلەن تولدۇرۇلغان قىرىق ئالتۇن لېگەن، قىرىق چۆرە ۋە قىرىق قۇل ئەۋەتسۇن، — دەپتۇ.

ئالاھىددىننىڭ ئاپىسى ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ - دە، ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئالاھىددىن ئاپىسىنىڭ قولىدا لېگەننىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ:

— ۋۇي، ئاپا سەن بۈگۈن سۇلتان بىلەن كۆ-

رۇشكەن ئوخشىمامسەن، ئۇ ساڭا نېمىدەپ جاۋاب بەر-
دى؟ — دەپ سوراپتۇ.
— يائاللا، ئوغلۇم، سۇلتاننىڭ ئالدىغا بارمىسام ۋە
ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسەم بوپتىكەن...
شۇنىڭ بىلەن ئاپىسى ئالاھىددىنغا سۇلتاننىڭ
دېگەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئالاھىددىن بولسا
خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋېتىپتۇ:
— بۇنىڭدىن غەم يېمە، ئاپا، بۇ ئەڭ ئاسان ئىش!
ئۇ چىراغنى ئاپتۇ - دە، سىلاشقا باشلاپتۇ، ئاپىسى
بۇنى كۆرگەندىن كېيىن جىننى كۆرمەسلىك ئۈچۈن
قاچقان پېتىچە ئاشخانىغا كىرىپ كېتىپتۇ. جىن بولسا شۇ
ھامان پەيدا بوپتۇ - دە:
— ئەي، جاناب، مەن سېنىڭ خىزمەتكارىڭ، ساڭا
نېمە كېرەك؟ تەلەپ قىل، تىلىكىڭگە يېتىسەن! —
دەپتۇ.
— ماڭا قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن تولدۇرۇلغان
قىرىق ئالتۇن لېگەن، ئۇلارنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا قىرىق
چۆرە بىلەن ئۇلارنى قوغداپ مېڭىشقا قىرىق قول كېر-
ەك، — دەپتۇ ئالاھىددىن.
— ھازىر بەجا بولىدۇ، جانابىم، — دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ چىراغنىڭ قۇلى جىن، — بەلكىم، سەن يەنە
شەھەرنى ۋەيران قىلىش ياكى ئوردا ياساش ئىشىنىمۇ
خالايدىغانسەن؟ بۇيرۇق قىل!
— ياق، دېگىنىمنى قىل! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ
ئالاھىددىن.
شۇنىڭ بىلەن چىراغنىڭ قۇلى جىن غايىب بوپتۇ.
ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەنە پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن

بولسا قىرىق چۆرە باشلىرىدا قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن تولدۇرۇلغان ئالتۇن لىگەنلەرنى كۆتۈرگەن ھالدا مېڭىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بولسا قامەتلىك، چىرايلىق قىرىق قۇل قوللىرىدا قىلىچلىرىنى تۇتقان ھالدا قوغداپ كەپتۇ.

— سېنىڭ تەلەپ قىلغىنىڭ مۇشۇغۇ دەيمەن، — دەپتۇ جىن ۋە غايىب بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئالاھىددىنىڭ ئاپىسى ئاشخانىدىن چىقىپتۇ ۋە قۇللار بىلەن چۆرىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. ئاندىن ئۇ شادىيانە ھالدا ئۇلارنى باشلاپ سۇلتاننىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كەپتۇ.

پۈتكۈل شەھەر خەلقى بۇ تەنتەنىلىك يۈرۈشنى كۆرۈش ئۈچۈن چىپىشىپتۇ. ئوردىدىكى ساقچىلار بولسا بۇ قۇللار بىلەن چۆرىلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالغانلىقىدىن قېتىشىپ قاپتۇ.

ئالاھىددىنىڭ ئاپىسى ئۇلارنى ئۇدۇل سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۇلتاننىڭ ئالدىدا يەرنى سۆيۈپتۇ، ئاندىن باشلىرىدىكى لىگەنلەرنى ئېلىپ قاتار قىلىپ تىزىپ قويۇپتۇ.

— ئەي، ۋەزىر، — دەپتۇ سۇلتان، — سېنىڭ پىكرىڭ قانداقراق؟ مۇشۇنداق بايلىققا ئىگە بولغان ئادەم مېنىڭ قىزىم مەلىكە بۇدۇرغا ئەر بولۇشقا ئەرزىيدىغۇ دەيمەن؟

— ئەرزىيدۇ، ئەي، سۇلتانىم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر ئېغىر خورسىنىپ.

— بېرىپ ئوغلۇڭغا ئېيت، مەن ئۇنىڭ سوۋغىتىنى قوبۇل قىلدىم ھەم مەلىكە بۇدۇرنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا

بىرىشكە قوشۇلدۇم. ئەمدى ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كەلسۇن! مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشماقچىمەن.

ئالاھىددىنىڭ ئاپىسى سۇلتانغا ئالدىراپ ـ تېنەپ تەزىم قىپتۇ ـ دە، ئۆيىگە قاراپ شۇنداق چىپىپتۇكى، ئۇنىڭغا شامالمۇ يېتەلمەي قاپتۇ. ئۇ ئالاھىددىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەپتۇ ـ دە، ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— شادلان، ئوغلۇم! سۇلتان سوۋغىتىڭنى قوبۇل قىلدى ۋە سېنىڭ مەلىكىنىڭ ئېرى بولۇشۇڭغا قوشۇلدى! ئۇ بۇنى ھەممىنىڭ ئالدىدا ئېلان قىلدى! سەن ھازىرلا ئوردىغا بارغىن، سۇلتان سەن بىلەن كۆرۈشمەكچى.

— مەن ھازىرلا سۇلتاننىڭ ئالدىغا بارىمەن، — دەپتۇ ئالاھىددىن، — ئەمدى سەن ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال، مەن جىن بىلەن سۆزلەشمەكچىمەن.

ئالاھىددىن چىراغنى ئېلىپ سىلاپتۇ، شۇ ھامان چىراغنىڭ قۇلى جىن ھازىر بوپتۇ.

ئالاھىددىن ئۇنىڭغا:

— ماڭا قىرىق سەككىز ئاق تەنلىك قۇل كەلتۈر، ئۇلار مېنىڭ مۇلازىمەتچىلىرىم بولسۇن. ئۇلارنىڭ يىگىرمە تۆتى ئالدىمدا، يىگىرمە تۆتى كەينىمدە ماڭسۇن. يەنە ماڭا مىڭ تىللا بىلەن ئەڭ ياخشى ئاتتىن بىرنى ھازىر قىلىپ بەرگىن، — دەپتۇ.

— باش ئۈستىگە، — دەپتۇ جىن ۋە غايىب بوپتۇ.

ئۇ ئالاھىددىن بۇيرۇغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزۈپ كەپتۇ ۋە:

— يەنە نېمە تىلەيسەن؟ مېنىڭدىن شەھەرنى ۋەيران قىلىش ياكى ئوردا سېلىشنى تىلىمەيدىغانسەن؟ مەن ھەممىگە قادىرمەن، — دەپتۇ.

— ياق، هازىرچە كېرىكـــى يوق، — دەپتۇ ئالاھىددىن.

ئۇ ئاتنى مىنىپ سۇلتاننىڭ ئالدىغا يۈرۈپ كېتىپتۇ. بازار مەيدانىدىكى خەلق جىق توپلانغان يەرگە كەلگەندە، ئالاھىددىن خالتىدىن تىللالارنى ئوچۇملاپ ئاپتۇ – دە، چېچىشقا باشلاپتۇ.

ھەممە ئادەم ئالتۇن تەڭگىلەرنى تۇتۇۋېلــــشقا ۋە تېرىۋېلىشقا ئېتىلىپتۇ، ئالاھىددىن بولسا، تىللالارنـــى خالتا قۇرۇقدىلـــىپ قالغۇچە تاشلاۋېرىپتۇ. ئۇ ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ. بارلىق ئوردا ئەھلى ۋە سۇلتاننىڭ ئەڭ يېقىنلىرى دەرۋازا ئالدىدا ئۇنى قارشى ئاپتۇ ۋە ئوردىغا باشلاپ كىرىپتۇ. سۇلتان ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— خۇش كەپسەن، ئالاھىددىن! ئاڭلىسام، سەن مېنىڭ قىزىم بىلەن توي قىلىشنى خالايدىكەنسەن؟ مەن قوشۇلىمەن. توي تەييارلىقىنى قىلىپ بولدۇڭمۇ؟

— تېخـى تـەييارلـىق قىلـمىدىـم، ئۇلـۇغ سۇل-تان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئالاھىددىن، — مەن تېخى مەلىكە بۇدۇر ئۈچۈن ئوردا سالمىدىم.

— ئۇنداقتا توي قاچان بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سۇلتان، — ئوردىنى بـولسا تېـز ئـارىـدا يـاسـاپ بولالمايسەنغۇ.

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولغىن، سۇلتان، — دەپتۇ ئالاھىددىن، — لېكىن بىرئاز تەخىر قىلغىن.

— سەن ئوردىنى قـەيەرگە سالمـاقچـى بـولۇۋاتىد-سەن؟ — دەپ سوراپتۇ سۇلتان، — مېنىڭ دېرىزەم ئالدىغا، ئاشۇ بوش يەرگە سالساڭ بولمامدۇ؟

— ساڭا قۇلايلىق بولسىلا بولىدۇ، ئۇلۇغ سۇلتان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئالاھىددىن.

ئۇ سۇلتان بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئاندىن چىراغنى ئېلىپ سىلاپتۇ، چىراغنىڭ قۇلى جىن پەيدا بولغاندا، ئۇنىڭغا:

— ماڭا ئوردا سېلىپ بەرگىن، ئۇ شۇنداق ھەشەمەتلىك بولسۇنكى، دۇنيادا تېخى بۇنداق ئوردا بىنا بولمىغان بولسۇن! سەن بۇنى قىلالامسەن؟

— قىلالايمەن! — دەپ خىتاب قىپتۇ جىن گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازى بىلەن، — سارايىنى ئەتە ئەتىگەندە بىنا قىلىمەن.

دەرۋەقە، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە پادىشاھ كۆرسەتكەن بوشلۇقتا ھەيۋەتلىك، ھەشەمەتلىك ئوردا قەد كۆتۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ تاملىرى ئالتۇن ۋە كۈمۈش خىشلار بىلەن قوپۇرۇلغان بولسا، ئۆگزىسى ئالماس بىلەن يېپىلىپتۇ. ئالاھىددىن ھەممە ئۆيلەرنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن جىنغا:

— ماڭا قارا، مەن بىر ئويۇن چىقىراي دەۋاتىمەن. مانا مۇنۇ تۇۋرۇكنى چىقىۋەت، شۇنىڭ بىلەن سۇلتان بىزنى بۇ تۇۋرۇكنى قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ دەپ ئويلاپ قالسۇن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇنى ئۆزى قويۇپ بەرمەكچى بولىدىيۇ، لېكىن ئۇنداق قىلىش قولىدىن كەلمەيدۇ. شۇ چاغدا ئۇ مېنىڭ ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك ۋە بايراق ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىدۇ.

— خوپ، — جىن شۇنداق دەپلا قولىنى بىر شىلتىپتىكەن، تۇۋرۇك شۇ زامان كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

— ئەمدى، — دەپتۇ ئالاھىددىن، — مەن

سۇلتاننى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلاي.

سۇلتان بولسا سەھەردە دېرىزىگە كېلىپ ئوردىنى كۆرۈپتۇ، ئۇ شۇنداق ۋالىلداپ، چاقناپ كېتىپتۇكى، ئۇنىڭغا زادىلا قارىغىلى بولماي قاپتۇ. سۇلتان ۋەزىرنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئوردىنى كۆرسىتىپتۇ.

— خوش، ۋەزىر بۇنىڭغا نېمە دېيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ، — بىر كېچىدىلا مۇشۇنداق ئوردىنى ياسىغان كىشى مېنىڭ قىزىمغا ئەر بولۇشقا مۇناسىپمۇ، قانداق؟

— ئەي، ئۇلۇغ سۇلتان! — دەپ خىتاب قىپتۇ ۋەزىر، — سەن ئالاھىددىن دېگەن بۇ نېمىنىڭ جادۇگەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيۋاتىسەن. ھېزى بول، ئۇ سېنىڭ پادىشاھلىقىڭنىمۇ تارتىۋالمىسۇن يەنە!

— مېنىڭچە، سەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھەسەتخورلۇقۇڭدىن دەۋاتىسەن، — دەپتۇ سۇلتان ئۇنىڭغا.

دەل شۇ چاغدا ئالاھىددىن كىرىپ سۇلتانغا سالام بېرىپتۇ ۋە ئۇنى ئوردىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىپتۇ.

سۇلتان ۋەزىر بىلەن بىللە ئوردىنى ئايلىنىپ چىقىپتۇ. سۇلتان ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىغا تولىمۇ مەھلىيا بوپتۇ. ئاخىرىدا ئالاھىددىن مېھمانلارنى جىن تۇۋرۈكنى بۇزۇۋەتكەن يەرگە باشلاپ كەپتۇ. ۋەزىر شۇ ھامان بىر تۇۋرۈكنىڭ كەملىكىنى بايقاپ قاپتۇ ـ دە، ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— ئوردا پۈتمىگەن! بۇ يەردە بىر تۇۋرۈك كەم!

— كارايىتى چاغلىق، — دەپتۇ سۇلتان، — بۇ تۇۋرۈكنى مەن ئۆزۈم قويۇپ بېرىمەن. بۇ يەرگە ئۇستىكارنى چاقىرىپ كېلىڭلار!

— ئۇنداق قىلمىساڭ بولامدىكىن سۇلتان، — دەپ ئاستا ئېيتىپتۇ ۋەزىر ئۇنىڭغا، — بۇنىڭغا چامىڭ يەتمەيدۇ. كۆرمىدىڭمۇ، بۇ تۇۋرۇكلەرنىڭ ئېگىزلىكىدىن ئۇچىنىمۇ كۆرگىلى بولمايۋاتسا. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن بېزىلىپتۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم، ۋەزىر! — دەپتۇ سۇلتان مەغرۇرانە ھالدا، — مەن مۇشۇنچىلىك بىر تۇۋرۇكنىمۇ قويالماسمەنمۇ؟

ئۇ شەھەردىكى ھەممە ئۇستىلارنى چاقىرىشقا، قىممەت باھالىق تاشلارنى يىغىشقا بۇيرۇق قىپتۇ. لېكىن بۇ تاشلار يەتمەپتۇ. سۇلتان بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن تولىمۇ ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە، ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— باش خەزىنىنى ئېچىپ ماڭا تەۋە بولغانلىكى قىممەت باھالىق تاشلارنى ئاجرىتىپ كېلىڭلار! مېنىڭ شۇنچە بايلىقىم بىر تۇۋرۇككىمۇ يەتمەسمۇ؟

بىراق، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇستىلار سۇلتاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، شۇنچە تاش ۋە مەرمەرلەرنىڭ ئاران تۇۋرۇكنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغىلا يەتكەنلىكىنى دوكلات قىپتۇ. سۇلتان ئۇلارنىڭ كالللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ، لېكىن تۇۋرۇكنى بولسا يەنىلا قويالماپتۇ.

ئالاھىددىن بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن سۇلتانغا:

— غەم قىلما، سۇلتان! تۇۋرۇك ئۆز ئورنىغا قويۇلۇپ بولدى، مەنمۇ بارلىق قىممەت باھالىق تاشلارنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇۋەتتىم، — دەپتۇ.

شۇ كېچىسى سۇلتان ئالاھىددىن بىلەن مەلىكە بۇدۇرنىڭ توي مۇناسىۋىتى بىلەن كاتتا، داغدۇغىلىق بايرام

ئۆتكۈزۈپتۇ. ئالاھىددىن خوتۇنى بىلەن ئوردىدا ياشاشقا باشلاپتۇ.

مەغرىبلىق كىشىگە كەلسەك، ئۇ ئۆزىنىڭ دۆلىتىگە قايتىپ كەپتۇ ۋە ئۇزاققىچە غەم - قايغۇ ئىچىدە ياشاپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئازراق ئۇمىد ئۇچقۇنى كۆڭلىنى يورۇتۇپ تۇرۇپتۇ: «مۇبادا، ئالاھىددىن يەر ئاستىدا ھالاك بولغان بولسا، دېمەك، ئۇ يەردە چىراغ تېخىچە بار دېگەن گەپ. بەلكىم، ئالاھىددىنىسىزمۇ ئۇنىڭغا ئىگە بولۇپ قېلىش نېسىپ بولۇپ قالار.»

بىر كۈنى ئۇ چىراغنىڭ جايىدا بار - يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن قۇملۇقتا پال ئېچىپتۇ ۋە چىراغنىڭ يەر ئاستىدا يوقلۇقىنى كۆرۈپتۇ. مەغرىبلىق كىشى چۆچۈپ كېتىپ پالنى داۋاملىق ئېچىپتۇ. ئۇ ئالاھىددىنىڭ يەر ئاستىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ئۆزىنىڭ شەھىرىدە ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

مەغرىبلىق كىشى دەرھال سەپەرگە تەييارلىق قىپ-تۇ - دە، دېڭىز، تاغلار ۋە چۆللەر ئارقىلىق يىراقتىكى ئىرانغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئۇزاق مېڭىپتۇ، ئاخىر ئالاھىددىن ياشىغان شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ.

مەغرىبلىق كىشى بازارغا كېلىپ كىشىلەرنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى تىڭشاشقا باشلاپتۇ. بۇ يەردىكى پاراڭلارنىڭ ھەممىسى شۇ بىرلا ئالاھىددىن ۋە ئۇنىڭ ئوردىسى ئۇستىدە بولۇۋاتقانىكەن.

مەغرىبلىق كىشى ئايلىنىپتۇ، تىڭتىڭلاپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بىر دۇغاپچىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن:

— ھەممەيلەننىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغان ئالاھىددىن

دېگەن كىم ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— سېنىڭ بۇ يەرلىك ئەمەسلىكىڭ كۆرۈنۈپلا تۇرۇپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دۇغاپچى، — بولمىسا ئالاھىددىن دېگەننىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلگەن بولاتتىڭ! ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ باي ئادەم، ئۇنىڭ ئوردىسى بىر ھەقىقىي مۆجىزە!
مەغرىبلىق كىشى دۇغاپچىغا بىر تىللا بېرىپتۇ - دە:
— بۇ تىللانى ئالغىن ۋە ماڭا خىزمەت قىلغىن. دۇرۇس، مەن بۇ شەھەرگە يات ئادەممەن، مېنىڭمۇ ئالاھىددىنىنىڭ ئوردىسىنى كۆرگۈم كېلىپ قالدى. مېنى ئاشۇ ئوردىغا ئاپىرىپ قويساڭ، — دەپتۇ.
دۇغاپچى مەغرىبلىق كىشىنى ئوردىغا ئاپىرىپ قويۇپ كېتىپتۇ. مەغرىبلىق كىشى بولسا ئوردىنى ئايلىنىپ چىقىپتۇ ۋە ھەممە تەرەپنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ.
«مۇنداق ئوردىنى چىراغنىڭ قۇلى جىنلا ياسىيالايدۇ، قارىغاندا، چىراغ مۇشۇ ئوردىدا ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ.
مەغرىبلىق كىشى چىراغنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرۈشنى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئويلاپتۇ، ئاخىر ئويلاپ تېپىپتۇ.
ئۇ مىسكەرچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا:
— ماڭا مىستىن ئون چىراغ ياساپ بەرگىن، ئىلاج بار تېزرەك بولسۇن، — دەپتۇ، — زاكالەت ئۈچۈن بەش تىللا بېرىمەن.
— ئېيتقىنىڭنى قىلىمەن، — دەپتۇ مىسكەرچى، — كەچتە كەلگىن، چىراغلىرىڭ تەييار بولىدۇ.
كەچقۇرۇندا مەغرىبلىق كىشى ئالتۇندەك يالتىراپ

تۇرغان يىپىپكى ئون مىس چىراغنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. تاڭ ئېتىشى بىلەنلا شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ قاتتىق ۋارقىراشقا باشلاپتۇ:

— كىم كونا چىراغنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرىدۇ؟ كىمدە كونا چىراغ بار؟ يېڭىسىغا تېگىشىپ بېرىمەن!

خەقلەر توپ - توپ بولۇشۇپ مەغرىبلىق كىشىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ، باللار بولسا ئۇنىڭ ئەتراپىدا سەكرىشىپ:

— ساراڭ، ساراڭ! — دەپ چۇقان سېلىشىپتۇ. لېكىن مەغرىبلىق كىشى بۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلماي قويماپتۇ.

ئاخىرىدا ئۇ ئوردا ئالدىغا كەپتۇ. بۇ چاغدا ئالاھىددىن ئۆيدە يوق، ئوۋغا كەتكەنىكەن. ئۆيدە بولسا ئۇنىڭ خوتۇنى مەلىكە بۇدۇرلا قالغانىكەن.

مەلىكە بۇدۇر مەغرىبلىق كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، خىزمەتكارىنى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. خىزمەتكارى ئۇنىڭغا:

— قانداقتۇر بىر ساراڭ ئىكەن. يېڭى چىراغنى كونىسىغا تېگىشىدىكەن، — دەپتۇ.

مەلىكە كۈلۈپ كېتىپتۇ - دە:

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ راست دەۋاتقانلىقى ياكى ئالدامچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ باقساق بولىدىكەن. بىزنىڭ ئوردىدا قانداق بولمىسۇن بىرەر كونا چىراغ يوقمىدۇ؟ — دەپتۇ.

— بار، ئالىيلىرى، — دەپتۇ خىزمەتكار ئا-يال، — مەن ئۆيدە جانابىي ئالاھىددىننىڭ بىر كونا چىرىغىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ كۆكىرىپ كېتىپتۇ،

ھېچنېمىگە يارىمايدۇ.

— ئۇ چىراغنى ئەكېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ بۇدۇر، — ئۇنى ئېلىپ بېرىپ ئاشۇ ساراڭغا بېرىڭلار، ئۇ يېڭىسىنى بەرسۇن.

خىزمەتكار ئايال كوچىغا چىقىپتۇ ۋە مەغرىبلىق كىشىگە سېھىرلىك چىراغنى بېرىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى مىس چىراغنى ئاپتۇ. مەغرىبلىق كىشى ھىيلىسىنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن چىراغنى قوينىغا تىقىپ ئىتتىك كېتىپتۇ، ئاندىن بازاردىن بىر ئېشەكنى ئېلىپ يولىغا راۋان بوپتۇ. مەغرىبلىق كىشى شەھەرنىڭ سىرتىغا چىققاندىن كېيىن چىراغنى سىلاپتۇ، چىراغنىڭ جىنى پەيدا بولغاندا، ئۇنىڭغا:

— مەن سېنىڭدىن ئالاھىددىنىڭ ئوردىسىنى ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىسى، جۇملىدىن ئادەملىرى بىلەنلا دۆلىتىمگە ئاپىرىۋېتىشىڭنى تىلەيمەن! مېنىمۇ بىد ـ للە ئاپىرىۋەتكىن! — دەپتۇ.

— كۆزۈڭنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئوردىنى دۆلىتىڭگە يۆتكىۋېتىمەن، — دەپتۇ جىن.

— تېز بول، جىن، — دەپتۇ مەغرىبلىق كىشى.

ئۇ سۆزىنى تۈگەتمەيلا ئۆزىنى دۆلىتىدىكى بېغىدا، ئۆيىنىڭ يېنىدا كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەسسالام، ئىش تامام بوپتۇ.

سۇلتان ئەتىگەندە ئويغىنىپ دېرىزىدىن ئوردىغا قارىغانىكەن، ئوردىنىڭ ئورنىدا ھېچنېمە يوقمىش. سۇلتان كۆزىنى ئۇۋۇلاپتۇ، ھەتتا ئويغاق ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن قولىنى چىمدىپ

بېقىپتۇ، قارىسا ئوردا راستتىنلا يوقىمىش. سۇلتان نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ.

ئۇ قاتتىق يىغلاپ زارلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ مەلىكە بۇدۇرغا بالا - قازا كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ. سۇلتاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ۋەزىر يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەپتۇ - دە، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىشقا يىغلايسەن؟

— سەن راستتىن ھېچنېمىنى بىلمەمسىنا؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ سۇلتان، — ئەمىسە دېرىزىدىن قاراپ باق، قېنى ئوردا، قېنى مېنىڭ قىزىم؟

— بىلمەيمەن، ئەي ئۇلۇغ سۇلتان! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قورقۇپ كەتكەن ۋەزىر.

— ئالاھىددىننى ئېلىپ كەل! — دەپ ۋارقىراپتۇ سۇلتان، — مەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن!

دەل شۇ پەيتتە ئالاھىددىن ئوۋدىن قايتىپ كېلىۋېتىپتىكەن. سۇلتاننىڭ چاپارمەنلىرى كوچىغا چىقىپتۇ ۋە يۈگۈرگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— بىزنى كەچۈر، ئالاھىددىن، — دەپتۇ ئۇلار-دىن بىرى، — سۇلتان سېنى پۇت - قولۇڭغا كىشەن سېلىپ ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. سۇلتاننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماسلىق قىلىشقا ھەددىمىز ئەمەس.

— نېمە ئۈچۈن سۇلتاننىڭ ماڭا ئاچچىقى كېلىپ قاپتۇ؟ — سوراپتۇ ئالاھىددىن، — مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغان تۇرسام.

تۆمۈرچى كېلىپ ئالاھىددىننىڭ پۇت - قوللىرىغا زەنجىر - كىشەن ساپتۇ. ئالاھىددىننىڭ ئەتراپىغا خالايىق

ئولىشىپتۇ. شەھەر ئاھالىسى ئالاھىددىننىڭ ساخاۋىتى، شاراپىتىدىن ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىكەن. شۇڭا سۇلتان ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالماقچى بولغانلىقىنى بىلىش بىلەنلا كۆپچىلىك ئوردىغا قاراپ ئېقىپتۇ.

سۇلتان ئالاھىددىننى ئالدىغا چاقىرتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

— ۋەزىر سېنى جادۇگەر ۋە ئالدامچى دەپ توغرا ئېيتقانىكەن، سېنىڭ ئورداڭ ۋە مېنىڭ قىزىم نەگە كەتتى؟ — دەپتۇ.

— بىلمەيمەن، ئەي ئۇلۇغ سۇلتان! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئالاھىددىن، — مېنىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا ھېچ-قانداق گۇناھىم يوق.

— ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار! — دەپ ۋار-قىراپتۇ سۇلتان.

شۇنىڭ بىلەن ئالاھىددىننى ئوردىدىن يەنە كوچىغا ئېلىپ چىقىپتۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بولسا جاللاتلار چىقىپتۇ.

شەھەر ئاھالىسى جاللاتلارنى كۆرۈشى بىلەنلا ئالاھىددىننى ئارىغا ئېلىپ ئورىۋاپتۇ ۋە سۇلتانغا ۋەكىل ئەۋەتىپ: «ئەگەر سەن ئالاھىددىننى كەچۈرۈۋەتمەيدىغان بولساڭ، بىز ئورداڭنى ۋەيران قىلىۋېتىمىز، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىمىز. ئالاھىددىننى ئازادلىققا چىقارمىساڭ، ئۇ چاغدا ساڭا ياخشى ئاقىۋەت يوق!» دەپتۇ.

سۇلتان بۇنىڭدىن چۆچۈپتۇ، ئالاھىددىننى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭغا:

— خەلق سېنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، مەن

ساڭا رەھىم قىلىپ كەچۈردۈم. لېكىن، سەن قىزىمنى تېپىپ كەلمەيدىغان بولساڭ، كاللاڭنى يەنىلا ئالىمەن!

ساڭا قىرىق توققۇز كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمەن، — دەپتۇ.

— خوپ، — دەپتۇ ئالاھىددىن ۋە شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ.

نەگە بېرىشنى، مەلىكە بۇدۇرنى قەيەردىن ئىزدەشنى بىلمەي ئۇنىڭ بېشى قېتىپتۇ. شۇڭا ئايىغى چىقماس قايغۇ ـ ھەسرەت دەستىدىن ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ. دەريا بويىغا بېرىپتۇ ـ دە، قىرغاقتا مۈڭلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئۇ چوڭقۇر خىيال سۈرگەن ھالدا قولىنى سۇغا تىقىپتۇ ۋە بىردىنلا بارمىقىدىكى ئۈزۈكنىڭ سۇغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. ئالاھىددىن دەرھال ئۈزۈكنى تۇتۇۋاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ مەغرىبلىق كىشى قولىغا سېلىپ قويغان ھېلىقى ئۈزۈك ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئاپتۇ.

ئالاھىددىن بۇ ئۈزۈكنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغانىكەن. ئۇ ئۈزۈكنى سىلاپتۇ، شۇ ھامان ئۇنىڭ ئالدىدا ئۈزۈكنىڭ قۇلى جىن پەيدا بوپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي، ئۈزۈكنىڭ ئىگىسى، مەن ئالدىڭىزدىمەن! نېمىنى تىلەيسەن؟ بۇيرۇغىن!

— مېنىڭ ئوردامنى بۇرۇنقى ئورنىغا ئەكېلىپ قويۇشۇڭنى تىلەيمەن! — دەپتۇ ئالاھىددىن.

بىراق، ئۈزۈكنىڭ قۇلى جىن بولسا بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ:

— ئەي، جاناب، مەن بۇنى قىلالمايمەن! ئوردىنى چىراغنىڭ قۇلى ياسىغان، شۇڭا ئۇنى پەقەت شۇنىڭ ئۆزى ئېلىپ كېلەلەيدۇ. مېنىڭدىن باشقا بىر ئىشنى تەلەپ

قىلساڭ، — دەپتۇ.

— ئەگەر شۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئالاھىددىن، — سەن مېنى ئوردام بار جايغا ئاپىرىپ قويغىن.

— كۆزۈڭنى يۇم - دە، ئاچ، — دەپتۇ جىن.

ئالاھىددىن كۆزىنى يۇمۇپتىيۇ، ئېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىدىكى باغدا پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقان بۇدۇرنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ قاتتىق يىغلاۋاتقانىكەن.

ئۇ ئالاھىددىننى كۆرۈپ توۋلاپ ساپتۇ ۋە تېخىمۇ قاتتىقراق يىغلاپتۇ، لېكىن بۇ خۇشاللىق يىغىسى ئىكەن. ئۇ بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى ئالاھىددىنغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— بۇ مەغرىبلىق كىشى مېنىڭ يېنىمغا كۆپ قېتىم كېلىپ، مېنى ئۆزىگە تېگىشكە قىستىدى، لېكىن مەن ئۇنىڭغا ھەرگىز ئۇنىمىدىم. شۇڭا سېنى ھەر ۋاقىت ئەسلەپ يىغلىدىم.

— ئۇ ھېكمەتلىك چىراغنى نەگە يوشۇرۇپ قويىدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئالاھىددىن.

— ئۇ ئۇنىڭدىن زادىلا ئايرىلمايدۇ، ھەر دائىم ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ، — دەپتۇ بۇدۇر.

— ئۇنداق بولسا بۇدۇر، — دەپتۇ ئالاھىددىن، — مەغرىبلىق كىشى يەنە سېنىڭ يېنىڭغا كەلسە، ئۇنىڭغا يالغاندىن يېقىنچىلىق قىلىپ، كەچكى تاماقنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە يېيىشكە تەكلىپ قىل. ئۇ يەپ - ئىچىشكە باشلىغاندا، ئۇنىڭ ھارىقىغا مۇنۇ ئۇخلىتىش دورىسىنى سېلىۋەت، ئۇ ئۇخلىشى بىلەنلا، مەن ئۆيگە كىرىمەن - دە، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

— ئۇنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دەپتۇ بۇدۇر، — يۇر، مېنىڭ كەينىمدىن ماڭ، مەن سېنى قاراڭغۇ ئۆيگە يوشۇرۇپ قويىمەن. ئۇ ئۇخلاپ قالغان چاغدا ئالىقىنىمغا ئۇرىمەن، سەن شۇ چاغدا كىرگىن.

ئالاھىددىن ئەمدىلا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشىغا، بۇدۇرنىڭ ئۆيىگە مەغرىبلىق كىشى كىرىپ كەپتۇ. بۇدۇر ئۇنى خۇشال - خۇرام قارشى ئاپتۇ ۋە مۇلايىملىق بىلەن:

— بىر ئاز تەخىر قىلغىن، مەن ياسىنىۋالاي، ئاندىن ئىككىمىز بىللە كەچلىك تاماق يەيلى، — دەپتۇ.

مەغرىبلىق كىشى چىقىپ كېتىپتۇ. بۇدۇر بولسا ئۆزىنىڭ ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپتۇ ھەم كەچكى تاماق بىلەن ھاراق تەييارلاپتۇ. جادۇگەر قايتىپ كىرگەندە بۇدۇر ئۇنىڭغا:

— ئەي، مېنىڭ جانابىم، سەن بۈگۈن مېنىڭ سورىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرۈشكە ۋەدە بېرىسەن! — دەپتۇ.

— ئوبدان، — دەپتۇ مەغرىبلىق كىشى.

بۇدۇر ئۇنى ھاراق بىلەن مېھمان قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ بىر ئاز مەست بولغاندا، ئۇ ئۇنىڭغا:

— جامىڭنى ئەكەلگىنە، مەن ئۇنىڭدىن بىر ئاز ئىچەي، سەنمۇ مېنىڭكىدىن بىر ئاز ئىچكىن، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇدۇر ئۇخلىتىش دورىسى سېلىنغان جامنى مەغرىبلىق كىشىگە بېرىپتۇ. مەغرىبلىق كىشى ئۇنى ئىچىش بىلەن يىقىلىپتۇ - دە، مىلىق - سىلىق بولۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بۇدۇر بولسا ئالىقىنىغا ئۇرۇپتۇ، ئالاھىددىن دەل شۇنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۇ ئۆيگە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كىرىپتۇ ۋە غۇلاچلاپ تۇرۇپ بىر

قىلىچ ئۇرۇپتىكەن، مەغرىبلىق كىشىنىڭ كاللىسى ئۈزۈلۈپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ قوينىدىن چىراغنى ئېلىپ سىلاپتۇ. شۇ ھامان چىراغنىڭ قولى جىن پەيدا بوپتۇ.

— ئوردىنى بۇرۇنقى ئورنىغا ئاپىرىپ قوي! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ ئۇنىڭغا ئالاھىددىن.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئوردا سۇلتاننىڭ ئوردىسىنىڭ قارشىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. سۇلتان بۇ چاغدا دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، قىزى ئۈچۈن قاتتىق يىغلاۋاتقانىكەن. ئۇ شۇ زامات كۆيئوغلىنىڭ ئوردىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ، ئالاھىددىن بىلەن خوتۇنى ئۇنى خۇشاللىقتىن يىغلىغان پېتى پەلەمپەيدە قارشى ئاپتۇ.

سۇلتان ئالاھىددىندىن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالماقچى بولغانلىقىدىن ئەپۇ سوراپتۇ...

ئالاھىددىن ئۆزىنىڭ ئوردىسىدا خوتۇنى ۋە ئانىسى بىلەن بىللە ئۇزۇن يىللارغىچە بەختىيار ھالدا ياشاپتۇ، ھازىرغىچە ئۇلارغا تېخى ئۆلۈم خەۋىرى كەلمەپتۇ.

# بىر دەرەختىن ئۈچ قېتىم ھوسۇل ئېلىش

## (ئافغان خەلق چۆچىكى)

بىر كۈنى پادىشاھ ئۆزىنىڭ مەھرەملىرى بىلەن ئاتلىق دالا ئارىلاپ يۈرۈپ، مۈكچىيىپ كەتكەن بىر بوۋاينىڭ زەيتۇن دەرىخى تىكىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن ھەيران قېلىپ، بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئاقساقال، شۇنداق ئىسسىق چۈش ۋاقتىدا نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ دەم ئېلىش ۋاقتىڭ ئاللىقاچان يەتكەن تۇرۇقلۇق، سەن يەنىلا ئەمگەك قىلىۋېتىپسەنغۇ؟ ياكى مۇشۇ دەرەخ مېۋە بەرگۈچە ياشىماقچىمۇ سەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي، ھەممىگە قادىر پادىشاھ! پەلەكنىڭ چاقى شۇنداق ئىكەن: دەرەخنى بىرلىرى تىكسە، مېۋىسى باشقا بىرلىرىگە قالىدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ دەرەخ مېۋە بەرگۈچە ياشاشنى ئارزۇ قىلىمەن، — دەپ قوشۇپ قويۇپتۇ بوۋاي.

بۇ جاۋاب پادىشاھقا بەكمۇ ياراپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ بوۋايغا بىر خالتا تىللا تاشلاپ بېرىپتۇ.

— مانا كۆردۈڭمۇ! — دەپ كۈلۈپتۇ بوۋاي، — دەرەخ مېۋە بېرىشكە باشلىدى.

پادىشاھ پاراققىدە كۈلۈپ كېتىپتۇ ـ دە، بوۋايغا يەنە بىر خالتا تىللا تاشلاپ بېرىپتۇ.

— ئەي ، ئۇلۇغ پادىشاھىم! بۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلغىن: ھەممە مېۋىلىك دەرەخ يىلىغا بىر قېتىملا مېۋە بەرسە، مېنىڭ دەرىخىم ئىككى قېتىم مېۋە بەردى!

بۇ چاقچاق پادىشاھقا تېخىمۇ يېقىپ كېتىپتۇ. ئۇ بوۋايغا ئۈچىنچى خالتا تىللانى تاشلاپ بېرىپتۇ ـ دە، ھەمراھلىرىغا قاراپ:

— قېنى، تېزرەك كېتەيلى، دوستلار! بولمىسا بۇ بوۋاي بىلەن يەنە بىللە تۇرساق، پوستى سويۇۋېتىلگەن پىيازدەك بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايمىز، — دەپتۇ.

# خىسلەتلىك خوراز

## (بىرما خەلق چۆچىكى)

بىر زامانلاردا ئىككى يىراق تۇغقان بولغانىكەن. بىرى كەمبەغەل بولۇپ، ئورماندىكى كىچىككىنە كەپىدە ياشايدىكەن. يەنە بىرى باي بولۇپ، شەھەردىكى كاتتا چىرايلىق ئۆيدە تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى كەمبەغەل ئورماندا كېتىۋېتىپ، بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا پارقىراپ تۇرغان بىر تال ئالتۇن پەينى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ يۇقىرىغا قاراپتىكەن، دەرەختە ئالتۇن قۇيرۇقلۇق بىر خورازنىڭ قونۇۋالغىنىنى كۆرۈپتۇ. كەمبەغەل ئالتۇن پەينى تېرىۋاپتۇ-دە، ئۇنى ئۇدۇل شەھەردىكى باينىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ بايغا بېرىپتۇ.

باي ئالتۇن پەيگە قاراپ كېتىپ:

— چىرايلىق نەرسىكەن! بىراق، كىچىك ئىكەن. شۇڭا بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا بىر كۈمۈش تەڭگە بېرەي، — دەپتۇ.

كەمبەغەل بولسا ئۆمرىدە ئالتۇن دېگەننى كۆرمىگەچكە، بۇ پەينىڭ ئالتۇن ئىكەنلىكىنى بىلمەپتۇ، پەقەت ئادەتتىكى پارقىراپ تۇرىدىغان غەلىتە بىرنەرسە دەپ ئويلاپتۇ. شۇڭا ئۇ، بۇ كۈمۈش تەڭگىنى ئۆزىنىڭ تاپاۋىتىگە بېرىلگەن ياخشى باھا دەپ بىلىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى كەمبەغەل يەنە ئورمانغا بېرىپ، يەنە شۇ دەرەخ ئاستىدىن بىر تال ئالتۇن پەي تېپىۋاپتۇ ـ دە، ئۇنى بايغا ئېلىپ بېرىپ يەنە بىر كۈمۈش تەڭگە ئاپتۇ. نۇرغۇن كۈنلەر كەينى ـ كەينىدىن ئاشۇ تەرىزدە ئۆتۇپتۇ.

بىراق، بىر كۈنى كەمبەغەل ئادىتى بويىچە شۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە، ئالتۇن قۇيرۇقلۇق خورازنىڭ:

— كىم مېنىڭ يۇرىكىمنى يېسە، شۇ ھەر كۈنى ياستۇقى ئاستىدىن ئىككى ئالتۇن تۇخۇم تېپىۋالىدۇ! — دەپ قاتتىق چىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ.

بۇنىڭدىن ھەيران قالغان كەمبەغەل يۈگۈرگەن پېتى شەھەرگە بېرىپ، باي ۋە ئاچ كۆز تۇغقىنىغا يۇز بەرگەن ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ بولسا ئۇنىڭغا:

— ئەگەر سەن ئاشۇ خورازنى ماڭا تۇتۇپ بەرسەڭ، بۇنىڭ ئۇچۇن مەن ساڭا مىڭ تەڭگە بېرىمەن! — دەپتۇ.

كەمبەغەل ئۇنىڭغا:

— ماڭا سېنىڭ پۇلۇڭنىڭ كېرىكى يوق! ياخشىسى، سەن مېنىڭ ئىككى ئوغلۇمنى ئۆيۈڭگە ئېلىپ كېلىۋالغىن، ئۇلار بۇ يەردە سېنىڭ ئۆز بالىلىرىڭغا ئوخشاش تۇرسىلا بولدى. مەن ئۇلارنىڭ ئەقىللىق ۋە بىلىملىك بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن، — دەپتۇ.

باي شۇ زاماتلا كەمبەغەلنىڭ بالىلىرىنى ئۆيىگە ئەكېلىپ ئوقۇتىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىپتۇ. كەمبەغەلمۇ بۇنىڭ ھېسابىغا ئالتۇن قۇيرۇقلۇق خورازنى تۇتۇپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپتۇ.

تاڭ سەھەردىلا كەمبەغەل ئورماندىكى شۇ دەرەخنىڭ يېنىغا يېتىپ كەپتۇ. خىسلەتلىك خوراز بولسا ئۇنىڭغا يۇقىرىدىن جىمجىتقىنا قاراپ تۇرۇپتۇ.

كەمبەغەل ئالتۇن قۇيرۇقلۇق خورازنى قارىغا ئاپ-تۇ - دە، ئېتىپ چۈشۈرۈپتۇ. ئۇ خورازنى بالىلىرى بىلەن شەھەردىكى باي تۇغقىنىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

باي ئالتۇن قۇيرۇقلۇق خورازنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزى ئالتۇن پەيلەرنىڭ ھەممىسىنى يۇلۇۋالاپ ئاپتۇ، ئاندىن خورازنى كەمبەغەلنىڭ بالىلىرىغا بېرىپ، ئۇنى قايىنتىپ ئۆزىگە چۈشلۈك تاماق قىلىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. كۆڭلىدە بولسا، بۇ گادايىنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ نېمە قىلاتتىم، ئۇنىڭدىن كۆرە ماڭا ئۇلار مالاي بولسۇن! دەپ ئويلاپتۇ.

ئاكا - ئۇكىلار ئاشخانىغا كىرىپ باي تۇغقىنىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن چۈشلۈك شورپىنى تەملىك قايىنتىشقا تىرىشىپتۇ. بىراق، شۇ چاغدا نەس بېسىپتۇ: خوراز پىشىپ قىيامىغا يەتكەندە، قازاندىكى شورپا بىردىنلا قايناپ تېشىپتۇ - دە، خورازنىڭ يۈرىكى چاچراپ چىقىپ توپتوغرا يەرگە چۈشۈپتۇ.

— ئاپلا، مۇنۇ پالاكەتچىلىكنى! — دەپتۇ ئاكىسى، — ئەمدى خوراز يۈرىكىنى تاشلىۋەتمىسەك بولمايدۇ. ئۇنىڭ تازا بىر پاسكىنا يەرگە چۈشۈپ كەتكىنىنى كۆرمەمسەن. ئەمدى ئۇنى خوجايىنىمىزغا قانداقمۇ بېرەلەيمىز...

بىراق ئۇكىسى:

— توخۇ يۈرىكىنى تاشلىۋەتمە! مەن ئەتىگەندىن

بىرى ھېچنېمە يېمىدىم، كېلە، ئۇنى پاكىز يۇيۇۋېتىپ ئۆزىمىز يەيلى، — دەپتۇ.

ئۇ دېگىنىنى قىپتۇ: خوراز يۈرىكىنى يۇيۇپ ئادالاپ، قاق ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچىغا بۆلۈپتۇ ـ دە، ھەر قايسىسى ئۆزىگە تېگىشلىك يېرىمىنى يەۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار خورازنى باي تۇغقىنىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

باي قاچىنى قوچۇپ خورازنىڭ يۈرىكىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئىزدەپتۇ، ئىزدەپتۇ، خورازنىڭ ھەممە گۆشىنىمۇ يەپ بوپتۇ، لېكىن خورازنىڭ يۈرىكىنى ھېچبىر تاپالماپتۇ. ئۇ ئاكا ـ ئۇكىلاردىن سوراپ سۈرۈشتۈرۈپ:

— خورازنىڭ يۈرىكى قېنى؟ ئۇنى نەگە تىقىشتۇرۇۋەتتىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئاكا ـ ئۇكىلار بولغان ئىشنى بايغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاچ كۆز باينىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەپتۇكى، ئۇلارنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ. ئۇلار يىغا ـ زار بىلەن ئورماندىكى ئۆزلىرىنىڭ كىچىككىنە كەپىسىگە قايتىپ كەپتۇ. لېكىن، ئۇلار باينىڭ قانداقتۇر بىر خورازنىڭ يۈرىكى ئۈچۈن شۇنچە غەزەپكە كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەپتۇ.

بىراق، بۇ كېچە ئۆتۈپ تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ياستۇقى ئاستىدىن بىردىن ئالتۇن تۇخۇم تېپىۋاپتۇ. ئۇلار تۇخۇملارنى دادىسىغا ئېلىپ بېرىپ، ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

دادىسى بالىلىرىغا:

— مېنىڭ بۇ باي تۇغقىنىم مېنى نېسىۋىسىز

قالدۇرغاندى! دەل شۇ سەۋەبتىن ئۇ سىلەرنىمۇ قوغلىۋەتكەن. مەن بۇ يالتىراق تۇخۇملارنى كىمگە كېرەك بولسا شۇنىڭغا ساتىمەن، لېكىن ئۇنىڭغا ھەرگىز ساتمايمەن! — دەپتۇ.

دەل شۇ چاغدا يېقىنلا بىر يەردىن سودىگەر ئۆتۈپتۇ. كەمبەغەل بۇ ئاجايىپ تۇخۇملارنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ كۆرسىتىپتۇ. سودىگەر بولسا:

— پاھ، بۇ ساپ ئالتۇندىن ياسالغانىكەن! مەن بۇنى ياخشى باھادا ئالىمەن، — دەپتۇ.

ئۇ كەمبەغەلنىڭ ئالدىغا شۇنچىلىك جىق پۇلنى تۆكۈپتۇكى، ئۇ ئۆمرىدە بۇنچە جىق پۇلنى كۆرمىگەنىكەن.

كەمبەغەل شۇندىلا باي تۇغقىنىنىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىنى، ئالتۇن پەيلەر ئۈچۈن كۈمۈش پۇللارنى بەرگەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ. «خەير بوپتۇ! كىم باشقىلارنى ئالدىسا، ئاخىر ئۆزى ئالدىنىدۇ، دېگەن سۆز راست ئىكەن. بۇ ئىشمۇ دەل شۇنداق بولدى» دەپتۇ كەمبەغەل.

شۇنىڭدىن تارتىپ ئاكا-ئۇكىلار ھەر كۈنى ئۆزلىرىنىڭ ياستۇقى ئاستىدىن بىردىن ئالتۇن تۇخۇم تېپىۋالىدىغان بوپتۇ. دادىسى بولسا ئۇلارنى يۇقىرى باھادا سېتىۋېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ باياشات ئۆتۈپتۇ. ئەڭ مۇھىمى، دادىسىنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپتۇ: ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئوقۇپ يېتىلىپ، ئىلىم-پەندە كامالەتكە يېتىپتۇ.

# ئەك چوك بايلىق

## (تۈركىيە خەلق چۆچىكى)

بىر زاماندا بىر ياش ھەمىشەم ئۆزىنىڭ كەمبەغەللىكىدىن قاقشايدىكەن.

— ھەي، ناۋادا مېنىڭمۇ جىق بايلىقىم بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئۇ چاغدا خۇشال ـ خۇرام ياشىغان بولاتتىم! — دەپ زارلىنىدىكەن.

بۇ چاغدا بىر تاشچى بوۋاي ئۇنىڭ تۇرار جايىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن:

— ھەي، يىگىت، سەن نېمە ئۈچۈن زارلىنىسەن؟ ئەك چوك بايلىق ئۆزۈڭدە بارغۇ! — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭدە چوك بايلىق بولسا، — دەپ ئەجەبلىنىپتۇ يىگىت، — ئۇ نەدىدۇ؟

— ئۇ سېنىڭ ئىككى كۆزۈڭ، بىر كۆزۈڭنى ساتساڭمۇ ئىزدىگەن بايلىقىڭغا ئىگە بولامسەن؟ — دەپتۇ بوۋاي.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — دەپتۇ يىگىت چۆچۈگەن ھالدا، — مەن كۆزۈمنى ھەرقانچە جىق بايلىق بولسىمۇ ساتمايمەن!

— خوپ، — دەپتۇ تاشچى بوۋاي، — ئەمىسە

ئىككى قولۇڭنى كېسىپ بەرگىن، شۇنىڭ ھېسابىغا نۇرغۇنلىغان ئالتۇنغا ئىگە بولىسەن.

— ياق! — دەپتۇ يىگىت، — قوللىرىمنى ھەرگىز ئالتۇنغا بەرمەيمەن.

— مانا ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ تولىمۇ باي ئىكەنلىكىڭنى بىلدىڭغۇ دەيمەن، — دەپتۇ تاشچى بوۋاي، — شۇنداق ئىكەن، نېمىگە زارلىنىسەن؟ سەن شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقى — كۈچ ۋە ساغلاملىقتۇر. ئۇلارنى ھەرقانداق پۇلغىمۇ سېتىۋالالمايسەن!

تاشچى بوۋاي شۇنداق دەپتۇ - دە، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

# دانا ئاقىلغۇچى

## (ۋيېتنام خەلق چۆچىكى)

بىر زامانلاردا ئىككى قوشنا بولغانىكەن، ھەر ئىككىلىسى ئوۋچى ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلار بۇغىغا تور يايغىلى ئورمانغا بېرىپتۇ.

بىرىنچى ئوۋچى تورنى ئادەتتىكىدەك يەرگە يېيىپتۇ. ئىككىنچى ئوۋچى بولسا ئۆزىنىڭ تورىنى دەرەخنىڭ ئۇچىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتىپ كەپتۇ.

ئەتىسى ئۆزىنىڭ تورىنى دەرەخنىڭ ئۇچىغا ئېسىپ قويغان ئوۋچى تېخى تاڭ ئاتماي تورۇپلا ئويغىنىپ تورىغا قاراپ بېقىشقا بېرىپتۇ. ئۇ تورنى يەرگە سالغان قوشنىسىنىڭ تورىغا بۇغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۆزىنىڭ دەرەخنىڭ ئۇچىغا ئاسقان تورىغا بولسا ھېچنېمە چۈشمىگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قوشنىسىنىڭ تورىدىن بۇغىنى تارتىپ چىقىرىپتۇ ـ دە، ئۇنى ئېلىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ تورىغا سېلىپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ قايتىدىن يېتىپ ئۇخلاپتۇ.

ئۇ كۈنى چىقىپ دەرەخ بويى ئۆرلىگۈچە بەخۇدۇك ئۇخلاپتۇ. ئۇنى قوشنىسى ئويغىتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار

ئورمانغا بىرلىكتە بېرىپتۇ.

ئورمانغا بارغاندىن كېيىن بولسا ئىككى ئوۋچى يەرگە قويۇلغان تورنىڭ قاپقىنىنىڭ ئېتىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. لېكىن، ئىچىدە ھېچنېمە يوق ئىكەن. بۇ يەردە خۇددى بۇغا چۈشكەندەك پۈتۈن ئەتراپ بۇغا ئىزى بىلەن تولغانىكەن . تورغا بولسا ئاندا ـ ساندا بۇغا يۇڭلىرىمۇ چاپلىشىپ قاپتۇ.

دەرەخ ئۇچىغا ئېسىلغان تورغا بولسا ئۆلۈك بۇغا ئېسىلغىنىچە شامالدا لەپەڭشىپ تۇرۇپتۇ.

بۇ چاغدا تورنى يەرگە يايغان بىرىنچى ئوۋچى بۇ ئىشتىن گۇمان قىلىپ قاپتۇ ۋە مۇنداق ئويلاپتۇ: «ھېچقاچان بىرەر بۇغا دەرەخنىڭ ئۇچىغا چىقمىغان تۇرسا، ئۇ قانداق قىلىپ قوشنامنىڭ تورىغا سەكرەپ چۈشۈپ قالغاندۇ؟ ياق، بۇغا ئەسلى مېنىڭ تورۇمغا چۈشكەن، قوشنام ئۇنى ئوغرىلىقچە ئۆزىنىڭ تورىغا سېلىۋالغان!»

مانا شۇنداق ئويلار بىلەن بىرىنچى ئوۋچى ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ ھەم ۋەقەنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپتۇ ۋە ئېرىنى سوتقا ئەرز قىلىشقا كۆندۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوۋچى سوتقا كېلىپ ئۆزىنىڭ قوشنىسى ئۈستىدىن شىكايەت قىپتۇ.

سوت ئىككى ئوۋچىنى سوتقا چاقىرتىپتۇ. سوتچى ئىككىلىسىنى سوراق قىلىپ، ئاخىر مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىپتۇ:

— تورنىڭ نەدە، مەيلى دەرەخنىڭ ئۇچىدا ياكى قانداقتۇر باشقا يەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قانۇن بويىچە، تورغا چۈشكەن ھەرقانداق ھايۋان تورنىڭ

ئىگىسىگە مەنسۇپ بولىدۇ. شۇڭا، تورنى يەرگە يايغان بىرىنچى ئوۋچىنىڭ تورنى دەرەخنىڭ ئۈستىگە قويغان ئىككىنچى ئوۋچىنىڭ ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتى ناھەقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئىككىنچى ئوۋچىغا ئىككى بۆغا بېرىشى لازىم.

بىراق، بىرىنچى ئوۋچى بۇ ھۆكۈمگە قايىل بولماپتۇ ۋە سوتچىدىن ئۈچ كۈن كۈتۈپ تۇرۇشنى سوراپتۇ. ئۇ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ۋەدە بېرىپتۇ. سوتچى ئۇنىڭغا بۇ مۆھلەتنى بېرىپتۇ. لېكىن، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەتىسىگەن سائەت دەل سەككىزدە ئىككى ئوۋچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇشى لازىملىقىنى، مۇبادا قايسىبىرى بولسۇن، بىر مىنۇت بولسىمۇ كېچىكىپ قالسا، شۇ ئۇتتۇرۇپ قويغان ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى ئوۋچى ھەممە ئىشنى پىشەلەيدىغان ئاقىلغۇچىنى ئىزدەپ تېپىشقا چىپىپ كېتىپتۇ. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر توشقانلارنىڭ دانالىقىنى بىلمەيدىكەن، شۇڭا بىزنىڭ ئوۋچىمىز دانا ئاقىلغۇچىنى ئادەملەر ئىچىدىن ئىزدەپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭغا بىر توشقان ئۇچراپ قاپتۇ.

— ھەي، ھۆكۈمران مايمۇن! — دەپ چاقىرىپتۇ توشقان، — نېمانچە ئالدىراشسەن؟

— مەن دانا ئاقىلغۇچىنى ئىزدەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوۋچى، — مېنىڭ سوتتا دەۋا ئىشىم بار.

— ئۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولامدۇ؟

ئوۋچى ئۆزىنىڭ ئىشىنى، سوتچىنىڭ ھۆكمىنى دەپ بېرىپتۇ ھەم ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن ئاقلىغۇچىنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ئىزھار قىپتۇ.

— جانابىي سوتچى بىزگە ئەتىگەن سائەت دەل سەككىزدە ئۆزىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇشنى بۇيرۇغان، — دەپتۇ ئوۋچى، — مەشھۇر ۋە دانا ئاقلىغۇچىنى ئۈچ كۈن ئىزدىدىم، تا ھازىرغىچە تاپالمىدىم، شۇ سەۋەبتىن ئالدىراپ يۈرىمەن.

— بار - يوق ئىشىڭ شۇمىدى؟ — دەپتۇ توشقان، — ھېچنېمىدىن قورقما، بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بەر. لېكىن، بۇ ئىشتا مەن ئۇتۇپ چىقسام، مېنى نېمە بىلەن مۇكاپاتلايسەن؟

— ساڭا پۇل بېرىمەن.

توشقان كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي دومىلاپ كېتىپتۇ.

— مەن سېنىڭ پۇلۇڭنى نېمە قىلاتتىم؟ — دەپتۇ ئۇ، — مەن پىشقان بانانلارنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. ناۋادا مەن بۇ دەۋادا ئۇتۇپ چىقىشىڭغا ياردەم بېرەلىسەم، سەن ئۆزۈڭنىڭ بۇغاڭنى ئالىسەن، مەن بولسام مۇكاپات ئۈچۈن سېنىڭدىن بىر دەستە بانان ئالىمەن. سېنىڭ بانانلىرىڭ باردۇ؟

— بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوۋچى.

— ئۇنداق بولسا ئەتە ئەتىگەندە مېنىڭكىگە كەلگىن.

— خوپ!

ئوۋچى توشقان بىلەن خوشلىشىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئايرىلىپ كېتىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئۇۋچى بىر دەستە راسا پىشقان بانانىنى ئورمانىدىكى توشقانغا ئېلىپ كەپتۇ. توشقان بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇرسەن بوپتۇ. ئۇ بىر قانچە بانانىنى يەپ، قالغانلىرىنى كەچكى تاماق ئۇچۇن ئېلىپ قويۇپتۇ.

شۇ ئارىدا كۈن خېلىلا ئۆرلەپ، سائەت سەككىزمۇ بولاي دەپ قاپتۇ، شۇڭا ئۇۋچى توشقاننى ئالدىراتقىلى تۇرۇپتۇ:

— جانابىي توشقان، يولغا چىقىدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن؟ كېچىكىپ قالىمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن!

— ئىشنىڭ تېگىنى ئويلا، كېچىكىش - كېچىكمەسلىك بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ توشقان، — قورقۇشۇڭنى قوي! ماڭا ئىشەنگىن - دە، خاتىرجەم بولغىن!

بىراق ئۇۋچى بارغانسېرى جىددىيلىشىپتۇ. دېمىسىمۇ، سائەت توققۇز بولغاندىلا ئۇۋچى بىلەن توشقان بىللە سوتقا يېتىپ كەپتۇ.

سوتچى سوراپتۇ:

— بۇ يەردە توشقاننىڭ نېمە ئىشى بار؟

— بۇ بىچارە ئۆزىنىڭ ئىشىنى ھاۋالە قىلدى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ توشقان، — مەن ئۇنى ئاقلىماقچىمەن.

— بىراق، سەن ئۇنتۇپ قاپسەن، مەن سائەت سەككىزدە سوتقا كېلىشنى بۇيرۇغان ئەمەسمىدىم! كىم بىر مىنۇت بولسىمۇ كېچىكسە، ھۆكۈم ئۇنىڭ قارشى تەرىپىنىڭ پايدىسىغا بولىدۇ دېگەن ئەمەسمىدىم، سىلەر شۇ

چاغقىچە نەدە يۈردۈڭلار؟
توشقان شۇ ھامان جاۋاب بېرىپتۇ:
— جانابىي سوتچى، كەچۈرۈم قىلىشىڭىزنى سورايمەن! مۇبادا بىز كىچىككەن بولساق، بۇنىڭدا بۇ ئادەم ئەيىبلىك ئەمەس. ھەممە ئەيىبكە مەن ئىگە، مېنى كەچۈرۈڭ! مەسىلە شۇنىڭدىكى، مەن يولغا تاڭ سەھەردىلا ئاتلانغان، بىراق يولدا بىر مۆجىزىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانلىقىمدىن ئۇزاققىچە ھوشۇمغا كېلەلمەي قاپتىمەن. مەن دۇنيادا شۇ كەمگىچە ياشاپ، تېخى مۇنداق غەلىتە ئىشنى كۆرمەپتىكەنمەن! بۇنىڭغا جانابىي سوتچى سىزمۇ ھەيرانۇ ھەس بولۇپ قالاتتىڭىز!
— سېنى شۇنچە ھەيران قالدۇرغان قانداق مۆجىزىكەن ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سوتچى.
شۇنىڭ بىلەن توشقان ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى داۋام قىپتۇ:
— ھۆرمەتلىك جانابىي سوتچى! مەن سوتقا ئالدىراپ كېلىۋېتىپ، تۇيۇقسىز نۇرغۇنلىغان بېلىقنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇلار تامارىندا دەرىخىگە يامىشىپ چىقىپ گۈللىرىنى يەۋېتىپتۇ. ئۇلار دەرەخنىڭ ھەممە گۈللىرىنى ھەش - پەش دېگۈچە يەپ قويدى! مەن ئۆزۈمنىڭ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم! بۇ بېلىقلار دەرەخنىڭ شاخلىرىدا سويلىشىپ يۈردى، مەن ئۇلارغا قاراپ ھەيران قالغانلىقىمدىن قەدىمىمۇ توختاپ قاپتۇ!
بۇ چاغدا سوتچى:
— توشقان جۆيلۈۋاتىدۇ! دۇنيادا ھېچكىم بېلىقلارنىڭ دەرەخكە يامىشىپ چىققانلىقىنى كۆرگەن

ئەمەس! ــ دەپتۇ.

بۇ چاغدا توشقان كۇلۇشكە باشلاپتۇ.

ــ جانابىي سوتچى! ــ دەپتۇ ئۇ، ــ مەن سىزگە تامارىندا دەرىخىگە گۇللىرىنى يېيىش ئۇچۇن چىققان بىلىقلار توغرىسىدا ھېكايە سۆزلەپ بەرسەم، سىز مېنى يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، دەۋاتىسىز. بىزنىڭ جاۋابكارىمىز سىزگە دەرەخنىڭ ئۇچىغا قويۇلغان توردىن بۇغىنى تۇتۇۋالغانلىق ھەققىدە سۆزلىسە، سىز ئۇنىڭغا ھەق دەپ ئىشەندىڭىز! جانابىي سوتچى، سىز ھاياتىڭىزدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ بۇغىلارنىڭ دەرەخكە يامىشىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ باققانمىدىڭىز؟

سوتچى توشقاننىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ بۇغىنى تورنى يەرگە يايغان بىرىنچى ئوۋچىغا بۇيرۇپتۇ. بۇغىنى ئوغرىلىغان ئىككىنچى ئوۋچىنى قوشنىسىغا ئىككى بۇغا بېرىشكە مەجبۇر قىپتۇ.

شۇ كۇندىن باشلاپ كىشىلەر توشقاننىڭ قۇۋ ۋە ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

# سۇلايمان پادىشاھ ۋە ئەقىللىق تۇرنا

## (ھىندى خەلق چۆچىكى)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۇلايمان پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئىنسانىيەتنى باشقۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلارنى ئىدارە قىلغانىكەن. بىر كۈنى بىر دانىشمەن ئۇنىڭغا لىقمۇلىق بىر چىنە ئابىھايات سۈيىنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنى سۇلايمان شاھقا بېرىۋېتىپ:

— ماڭا ئايان بولدىكى، سەن بۇ سۇنى ئىچمىسەڭ، پات ئارىدا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىسەن! ئەگەر ئىچسەڭ مەڭگۈ ئۆلمەيسەن! خالىساڭ ئىچىسەن - دە، ئەبەدىلئەبەد ياشايسەن، خالىمىساڭ ئىچمەيسەن - دە، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىسەن، — دەپتۇ.

سۇلايمان پادىشاھ چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپتۇ ۋە دانالار بىلەن كېڭىشىش كېرەك، دېگەن پىكىرگە كەپتۇ.

ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بىنائەن، ئۇنىڭ ئالدىغا — زېمىندا بارلىكى دانالارنىڭ ھەممىسى: ئادەملەردىنمۇ، ھايۋانلاردىنمۇ يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا بىر چىنە ئابىھايات سۈيى ھەققىدە سۆزلەپتۇ - دە، قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ.

دانالارنىڭ ھەممىسى ھاياتلىقنى ۋە ئۇنىڭ بەخت - سائادىتىنى تازا ماختىغىلى تۇرۇپتۇ.

— هايات — بۇ ئەڭ بىرىنچى بايلىق! — دېيىشىپتۇ ئۇلار، — هاياتىنىمۇ قىممەتلىك هېچقانداق نەرسە يوق!

قىسقىسى، سۆزلەرنىڭ هەممىسى سۇلايمان پادىشاھنىڭ ئابىھايات سۈيىنى ئىچىشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكى ئۈستىدە بوپتۇ. شۇ چاغدا سۇلايمان:

— مېنىڭ مەملىكىتىمدىكى دانالار ئىچىدە سۆھبەتتە هازىر بولماي قالغانلاردىن بىرەرسى قالغانمىدۇ بار-مىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

دانا تۇرنىنىڭ كەلمىگەنلىكى مەلۇم بوپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھ تۇرنىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

تۇرنا شۇ هامان پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا هازىر بوپتۇ. سۇلايمان تۇرنىغا ئابىھايات سۈيى هەققىدە سۆزلەپ، ئۇنى ئىچىشكە تېگىشلىك ياكى تېگىشلىك ئەمەسلىكىنى سوراپتۇ.

بۇ چاغدا تۇرنا سۇلايماندىن:

— سەن ئابىھايات سۈيىنى ئۆزۈڭ يالغۇز ئىچەمسەن ياكى بارلىق دوستلىرىڭ ۋە ياردەمچىلىرىڭ بىلەن بىللە ئىچەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ جاۋاب بېرىپ:

— سۇ يالغۇز ماڭىلا ئېلىپ كېلىنگەن، شۇڭا باشقىلارنىڭ ئىچىشىگە ئىجازەت يوق، — دەپتۇ.

— ناۋادا سەن دوستلار ۋە ياردەمچىلەرسىز يېگانە قالساڭ، ساڭا بۇنداق هاياتنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ — دەپتۇ تۇرنا شۇ چاغدا، — سەن دۇنيانى ئىگىلەيمەن دېسەڭ، ئۇ چاغدا ئۆزۈڭ يېگانە نېمە قىلالايسەن؟

سۇلايمان تۇرنىنى ماختاپتۇ ھەم ئابىھايات سۈيىنى ئىچمەي قويۇپتۇ.

# ئاچ كۆز پاك

## (كورىيە خەلق چۆچىكى)

قەدىمكى زاماندا ئالماس تېغىدا پاك ئىسىملىك بىر ئاچ كۆز ياشىغانىكەن. ئۇنىڭ نېمىنىلا كۆرسە ئالغۇسى كېلىدىكەن، شۇنداقلا ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا ئاز كۆرۈنىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇنىڭ تاختىمۇشۇكىگە ئاق چاشقان چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇ ئادەتتىكى چاشقان بولماي، كۈمۈش يۇڭلۇق چاشقانىكەن.

پاك ئىنتايىن خۇرسەن بوپتۇ. ئۇ چاشقاننى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. تۇيۇقسىز ئاق چاشقان ئىنسان تىلىغا كىرىپ سۆزلەپتۇ:

— مېنى ئۆلتۈرمەي قويۇۋەتكىن! بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا قانچىلىك دېسەڭ، شۇنچىلىك كۈمۈش بېرەي.

— قانچىلىك دېسەم بولامدۇ؟ ئۇنداقتا مەن تېگىپ كەتكەنلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كۈمۈش بولۇپ قالسۇن، شۇنداقلا بۇ كۈمۈشلەرنى مېنىڭدىن باشقا ھېچكىم ئالالمىسۇن، شۇ چاغدا مەن سېنى قويۇۋېتىمەن، — دەپتۇ ئاچ كۆز پاك.

— سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چاشقان.

ئاچ كۆز پاك تاختىمۆشۆكنى شۇنداق تۇتقانىكەن، ئۇ كۇمۇش بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پاك ئاق چاشقاننى قويۇۋېتىپ، ئالدىراپ - تېنەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. خۇشاللىقىدىن خۇدىنى يوقاتقان هالدا يۈگۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ قولى ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە تېگىشى بىلەنلا ئىشىك كۇمۇشكە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كىرىپ سۇ ئىچىش ئۈچۈن چۆمۈچنى تۇتقانىكەن، ئۇمۇ كۇمۇشكە ئايلىنىپ قاپتۇ. بوسۇغىدا باشماقلىرىنى سالغانىكەن، ئۇلارمۇ كۇمۇشكە ئايلىنىپ قاپتۇ. پاكنىڭ پۇت - قولى ئاستىدىكى پولمۇ كۇمۇش بولۇپ قاپتۇ. بۇنچە بايلىقتىن ئاچ كۆز پاكنىڭ بېشى ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئۆيىدىمۇ، هويلىدىمۇ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ هەممىگە ئۆزىنى ئۇرۇپتۇ. يۈگۈرە - يۈگۈرە، ئاخىر هېرىپ تاماق يېگۈسى كەپتۇ. بالا - قازا ئۇنىڭ بېشىغا ئەمدى كەپتۇ: تاماقلارنىڭ هەممىسى كۇمۇشكە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئاچ كۆز پاك قولىغا بىر قاچا گۈرۈچ ئالغانىكەن، قاچىمۇ، گۈرۈچمۇ، چوكىلارمۇ كۇمۇش بولۇپ قاپتۇ. پاك هەرقانچە قىلىپمۇ تاماق يېيەلمەپتۇ. «بۇنىڭغىمۇ بىر ئامال قىلىپ چىدارمەن، — دەپ ئويلاپتۇ ئاچ كۆز پاك، — لېكىن مېنىڭدىكى زادى قانداق بايلىقتۇ! ئەمدى جامائەت مەندىن سەسكىنىدۇ.»

دەرهەقىقەت، كىشىلەر پاكتىن سەسكەنگىلى تۇرۇپتۇ، لېكىن بۇ ئۇزاق داۋام قىلماپتۇ.

هەممەيلەن تۇلۇمدەك سېمىز پاكنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇزۇن ئۆتمەي قورۇق قاقشال بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئاچ كۆز پاك ئۆزىنىڭ سوغۇق كۇمۇش ئورنى - كۆرپىسىدە يېتىپ، ئاچلىق ۋە سوغۇقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ.

# بايتال يولۋاسنى قانداق ئالدىدى

## (مالاي خەلق چۆچىكى)

بىر بايتال ئورمانىنىڭ چېتىدە ئوتلايدىكەن، ئۇنىڭ قۇلۇنى ئانچە يىراق بولمىغان يەردە قىيغىتىپ ئويناقلاپ چاپىدىكەن.

— گەپ ئاڭلىغىن ئوغلۇم، — دەپتۇ بايتال، — يىراققا كېتىپ قالما، بولمىسا خەتەرگە ئۇچراپ قالىسەن، بۇ يەردىن يىراق كەتسەڭ، بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا مەن قۇتقۇزالمايمەن.

— ماقۇل، — دەپتۇ قۇلۇن، — لېكىن يايلاقتا نېمە خەۋپ بولۇشى مۇمكىن؟

— يايلاقتىلا ئەمەس، مانا مۇشۇ ئورماندىمۇ بار. ئۇ يەردە ناھايىتى جىق يولۋاس بار.

قۇلۇن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تىترەپ كېتىپتۇ. گويا يولۋاس ئۇنى ھازىرلا يەپ قويىدىغاندەك تولىمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى قۇلۇن ئورماندىن چىقىپ كېلىۋاتقان قانداقتۇر بىر ھايۋاننى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ يوغان ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ئۇدۇل قۇلۇنغا قاراپ كەلگىلى تۇرۇپتۇ.

— ھەي، ئوغلۇم، — دەپتۇ بايتال، — تېز

قېشىمغا كېلىۋال، يولۋاس كېلىۋاتىدۇ!

مانا شۇ پەيتتە يولۋاس توختاپتۇ - دە، ئويلىنىپ قاپتۇ: «ناۋادا مەن هازىرلا قۇلۇنغا هۇجۇم قىلسام، ئۇ چاغدا ئانىسى ئۇنى جان تىكىپ قوغدايدۇ. مۇنداق يوغان بايتال بىلەن ئېلىشماق ئانچە ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭدىن كۆرە، هىيلە بىلەن جايلاي.»

يولۋاس بايتالغا يېقىنلاپ كەلگەچ، گويا هېچقانداق يامان نىيىتى يوقتەك قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ، ئاندىن تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، هۆرمەتلىك بايتال! — دەپتۇ ئۇ، — قانداق تۇرۇۋاتىسىز؟ ئوغلىڭىزنىڭ سالامەتلىكى قانداقراق؟

— رەهمەت، هۆرمەتلىك يولۋاس، هەممە ئىشىمىز جايىدا! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بايتال.

— مەن مەشهۇر دوختۇر بولىمەن، هەممە كېسەلنى داۋالىيالايمەن، قارىغاندا، ئوغلىڭىز ساقسىزدەك قىلىدۇ، ئورۇق، پۇتلىرى ئىنچىكە ئىكەن. رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن ئۇنى ئورمانغا ئېلىپ كەتسەم، ئۇ يەردە بىزنىڭ ناهايىتى ياخشى بالىلار دوختۇرخانىمىز بار. مەن ئوغلىڭىزنى ئۇ يەردە تەكشۈرۈپ كۆرىمەن ۋە ئىچىشكە دورا يېزىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

بايتال يولۋاسنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

— سىز زەپمۇ ۋاقتىدا كەپسىز - دە، دوختۇر، — دەپتۇ بايتال، — مانا بەش كۈن بولۇپ قالدى، تاپىنىمغا تىكەن كىرىپ كەتكىلى. سىز مېنىڭ پۇتۇمغا بىر قاراپ قويالارسىزمۇ؟ ئاندىن كېيىن ئوغلۇمنى ئۆزىڭىز بىلەن

بىللە ئېلىپ كېتىپ، ئۇنى ئوبدان داۋالاپ قويارسىز.
يولۋاس تولىمۇ خۇشال بوپتۇ.
— قايسى پۇتىڭىز ئاغرىيدۇ؟ — سوراپتۇ ئۇ.
— ئارقا پۇتۇم، دوختۇر!
يولۋاس ئۇنىڭ پۇتىنى كۆرىمەن دەپ ئەمدىلا ئېڭىشىشىگە، بايتال پۇتۇن كۈچىنى توپلاپ ئۇنىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تېپىپتۇ. يولۋاس موللاق ئېتىپ يىقىلىپتۇ.
— ئەمدىچۇ، — دەپتۇ بايتال قۇلۇنىغا، — تېزرەك ئۆيگە قايتايلى! يولۋاس بۇ يەردە يېتىپ مېنىڭ پۇتۇمنى قانداق داۋالاشنى ئوبدانراق ئويلانسۇن!
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۆيىگە، ئۆزلىرىنىڭ ئېغىلىغا قاراپ چېپىپ كېتىپتۇ.

# ئادەم ئۆزى ئۇچۇن تۇغۇلمايدۇ

## (موڭغۇلىيە خەلق چۆچىكى)

بىر مويسىپىتنىڭ ئۈچ ئوغلى بولغانىكەن. چوڭ ئوغۇللىرى ئەقىللىق، كىچىكى بولسا ئەخمەق ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى داۋادۇرجى ئىكەن. ئەسلى ئۇ ئەخمەقمۇ ئەمەس ئىكەن، ئەمما چوڭ ئاكىلىرى ئۇنى شۇنداق دەپ مازاق قىلىدىكەن، داۋادۇرجى نېمىلا ئىش قىلسا ئۇلار ئۇنىڭدىن ئېۋەن تېپىپ مەسخىرە قىلىدىكەن. ناۋادا بىرەر يولۇچى پۇلى بار خالتىسىنى چۈشۈرۈپ قويسا ھەم ئۇنى داۋادۇرجى تېپىۋالغان بولسا، ئۇ شۇ يولۇچىنى قوغلاپ يېتىش ۋە ئۇنىڭغا خالتىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن تا كەچ كىرگۈچە ئات چاپىدىكەن.

ئاكىلىرى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ:

— ساراڭ! ئامىتى ئوڭدىن كەلسە، ئۇ بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىكاردىن ئات چېپىپ ئۇنى كاردىن چىقىرىۋەتكىنىنى قارىمامدىغان! — دەيدىكەن.

بىر كۈنى باشقىلارنىڭ بىر قويى ئۇلارنىڭ كىگىز ئۆيىگە تېنەپ كىرىپ قاپتۇ. داۋادۇرجى بولسا ئۇنى دەرھال ئىگىسىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

ئۇنىڭ ئاكىلىرىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ:

— قانداق ساراڭ نېمە بۇ؟! ئۇنى سويۇپ گۆشىنى

مەززە قىلىپ يەيلى دېسەك، ئۇنىڭ قىلىپ يۇرگىنىنى قاراڭلار!

ئاكىلىرى داۋادۇرجىغا بىر قېتىم بىر كومۇش تەڭگە بېرىپ:

— ماڭ، بازارغا بېرىپ بۇنىڭغا ئۆزۈڭگە كېرەك نەرسىلەرنى سېتىۋالغىن! — دەپتۇ.

داۋادۇرجى بازارغا كېتىپتۇ. ئاكىلىرى بولسا خىرقىراپ كۇلۇشۇپ:

— بۇ ساراڭنىڭ ئۆزىگە نېمە ئالىدىغانلىقىنى بىر كۆرەيلىچۇ! بەلكىم ئۇ كونا چاي خالتىسى سېتىۋالىدۇ، جومۇ، — دېيىشىپتۇ.

كەچقۇرۇنلۇقى داۋادۇرجى قايتىپ كەپتۇ. ئاكىلىرى ئۇنىڭدىن:

— قېنى نېمە سېتىۋالدىڭ؟ كۆرسەتكىنە! — دەپ سوراپتۇ.

داۋادۇرجى جاۋاب بېرىپ:

— ھېچنېمە سېتىۋالمىدىم. بازارنى راسا ئايلىنىپ كۆردۇم. ماڭا كېرەك ھېچ نەرسە يوق ئىكەن. مانا تەڭگەڭلەر، قايتۇرۇۋېلىڭلار، — دەپتۇ.

ئاكىلىرىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ ـ دە:

— بۇنداق ساراڭ بىلەن بىللە تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس! كۆزدە ـ كۆرپەڭنى كۆتۈرۈپ ئۆيىمىزدىن يوقال! — دەپتۇ.

داۋادۇرجىنىڭ دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ:

— سىلەر ئۇنى نەگە قوغلىماقچىسىلەر؟ ئۇ يات يەرلەردە تۇگىشىپ كەتمەمدۇ؟ — دەپتۇ.

— بەلكىم، تولىمۇ نۇرغۇن كەتمەكتىمەن، — دەپتۇ داۋادۇرجى، — ئاڭلىسام، غەربتە بىر دانا كىشى بار ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىن قانداق قىلغاندا قارا ئۆيسىز، مالسىز، ئاتسىز ياشىغىلى بولىدىغانلىقىنى سورايمەن.

ئۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپتۇ-دە، ئۇزاق سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ئۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر خانلىققا كەپتۇ. بۇ يەردە بولسا ھەرقايسى ئائىلىلەرنىڭ قويلىرى قىمىر قىلالماي ياتقۇدەك، ئاتلىرى سەنتۈرۈلۈپ ئارانلا ماڭغۇدەك، ئادەملىرىمۇ پۈتۈنلەي ياداڭغۇ بولۇپ ئىنتايىن غەمكىن ئىكەن.

داۋادۇرجى ئۇلاردىن سوراپتۇ:

— سىلەرگە نېمە بولدى؟

— دەريا سۈيىنىڭ قۇرۇپ كەتكىنىگە بىر ئاي بولاي دەپ قالدى. ھازىر بىزدە سۇ كەمچىل. ئالتۇنىسىزمۇ بەھۇزۇر ياشىغىلى بولىدىكەن، سۇسىز بولسا ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىكەن! يەنە بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىز ھەممىمىز تۈگىشىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇلار.

داۋادۇرجى مۇنداق دەپتۇ:

— مەن غەربتىكى بىر پېشقەدەم دانانىڭ ئالدىغا بەخت ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن. مەن ئۇنىڭدىن دەريا سۈيىنىڭ نېمە ئۈچۈن قۇرۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ سوراپ كېلەي.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز يولىنى داۋام قىپتۇ.

ئۇ كۈن پاتىدىغان يەردىكى ئېدىرلىقتا بىر كىگىز ئۆينى كۆرۈپتۇ. كىگىز ئۆيدىن چىرايلىق قىز بىلەن

قىرىراق خوتۇن چىقىپتۇ. داۋادۇرجى قىرىراق خوتۇنغا سالام قىپتۇ، خوتۇنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن سالام بېرىپتۇ. ئاندىن ئۇ ياش قىزغا سالام قىپتۇ، قىز بولسا ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماپتۇ. بۇ چاغدا قىرىراق ئايال:

— مېنىڭ قىزىمغا ئاچچىقىڭ كەلمىسۇن، چۈنكى ئۇ قارىغۇ. ئۇ تۇغۇلغاندىن تارتىپ خۇشاللىقتىن ۋە يورۇقلۇقتىن خالىي ياشاپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ـ دە، يىغلاپ كېتىپتۇ.

— يىغلىما! — دەپتۇ داۋادۇرجى، — مەن بىر پېشقەدەم دانانىڭ يېنىغا ئۆزۈم ئۇچۇن بەخت ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، مەن ئۇنىڭدىن قىزىڭنىڭ كۆزىنى قانداق ئاچقىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ سورايمەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ غەربكە يەنە مېڭىپتۇ. بىر كۈن مېڭىپتۇ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنلىرىمۇ مېڭىپتۇ... يەتتىنچى كۈنى بولغاندا تاغنىڭ ئېتىكىدىكى غارنى كۆرۈپتۇ. مانا مۇشۇ يەردە دانا بوۋاي ياشايدىكەن.

بوۋاي داۋادۇرجىنى كۆرۈپ:

— قانداق تەقدىر سېنى ماڭا ئېلىپ كەلدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

داۋادۇرجى:

— بىر خانلىقتا دەريالار قۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردە ماللار ھالاك بولۇۋېتىپتۇ، ئادەملىرىنىڭ بولسا ئارانلا جېنى قاپتۇ. يەنە بىر گۈزەل قارىغۇ قىز ئانىسى بىلەن ياشايدىكەن. ئۇنىڭ يورۇقلۇقنى كۆرمىگىنىگە ئون ئالتە يىل بوپتۇ، خۇشاللىق دېگەننى بىلمەيدىكەن. ئېيتىپ باققىنا، دەريانىڭ ئېقىپ تۇرۇشى ۋە قارىغۇ قىزنىڭ

كۆرۈشى ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خانلىقنىڭ ئاھالىسى دەريانىڭ مەنبەسىگە بارسۇن، ئۇ يەردە ئۇلارغا ئامال تېپىلىدۇ. گۈزەل قارىغۇ قىزنىڭ سول قولى ئۇنىڭغا ئەر بولۇش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن يىگىتكە تەگكەن چاغدا، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ. ئەگەر سەن ئەتە كۈن چىققۇچە مېنىڭ جاۋابلىرىمنى ئۇلارغا يەتكۈزەلىسەڭ، ئۇ چاغدا ئۇلار قۇتقۇزۇپ قېلىنىدۇ. ئەگەر يەتكۈزەلمەي قالساڭ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقى پېتىچە قېلىۋېرىدۇ، — دەپتۇ دانا.

داۋادۇرجى دانا بوۋايغا ھاپىلا ـ شاپىلا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ ـ دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ئالدىراپ يۈگۈرۈپتۇ.

— ھەي، يىگىت، — دەپ ۋارقىراپتۇ دانا بوۋاي، — يولۇڭ ئۇزۇن، مانا بۇ ئاتنى مىنىۋال!

داۋادۇرجى قارىسا ئالدىدا ئېگەرلىك ئات تۇرغۇدەك. داۋادۇرجى ئۇنىڭغا سەكرەپ مىنىپتۇ ـ دە، چېپىپتۇ. ئۇ شۇ چاپقىنىچە ئۇزاپ كېتىپتۇ، بىردىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ دانا بوۋايدىن سورىماقچى بولغان، قانداق قىلغاندا كىگىز ئۆيسىز، مالسىز، پۇلسىز ياشىغىلى بولىدۇ، دېگەن سوئالنى سوراشنى ئۇنتۇپ قالغىنى يادىغا يېتىپتۇ! ئۇ دەرھال ئارقىسىغا قايتماقچى بوپتىيۇ، بىراق: «قايتسام، ئەتە كۈن چىققۇچە دانانىڭ سۆزىنى ئۇلارغا يەتكۈزەلمەي قالىمەن. ئۇنداق بولغاندا گۈزەل قىز قارىغۇ پېتىچە قالىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر بولسا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، بوپتۇ، باشقا بىر ۋاقىتتا سورىۋالارمەن، دەپ ئالدىغا قاراپ چېپىۋېرىپتۇ.

ئۇ ئېدىرلىقتىكى كىگىز ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. ئالدىغا يەنە قېرى ئايال چىقىپتۇ، ئارقىسىدىن قارىغۇ گۈزەل قىزمۇ چىقىپتۇ.

— دانانىڭ جاۋابىنى ئاڭلا! — دەپ ۋارقىراپتۇ داۋادۇرجى، — سېنىڭ قىزىڭنىڭ سول قولى ئۇنىڭغا ئەر بولۇش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن يىگىتكە تەگكەن چاغدا كۆزى كۆرىدۇ.

— رەھمەت ساڭا! — دەپتۇ قېرى ئايال، — بىراق مەن ئۇنىڭ قايسى قولىنىڭ سول، قايسى قولىنىڭ ئوڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن.

— مانا مۇنۇ سول قولى، — دەپ داۋادۇرجى ئۇ قىزنىڭ سول قولىغا تېگىپ كېتىپتۇ.

شۇ ھامان قىز خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋېتىپتۇ.

— كۆرۈۋاتىمەن! كۆرۈۋاتىمەن! قۇياشنىمۇ كۆرۈۋاتىمەن، دالانىمۇ، ئاسماننىمۇ كۆرۈۋاتىمەن! مەن نېمىدېگەن بەختلىك - ھە!

ئانا ئېتىلىپ بېرىپ داۋادۇرجىنى قۇچاقلاپتۇ، ئاندىن ئېسىنى يىغىپتۇ - دە، مۇنداق دەپتۇ:

— خوش، ئەمدى سەن ئۇنىڭ ئېرى بولۇپ قالدىڭ، بىز بىلەن بىللە ياشىغىن. بىزنىڭ ياخشى ئۆيىمىز، كالىلىرىمىز، قويلىرىمىز بار، ھەر كۈنى گۆش - ماي يەيسەن!

— ھازىرچە قالالمايمەن، مەن كۈن چىققۇچە قوشنا خانلىققا يېتىپ بېرىشىم كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، ئۇ يەردىكى ماللار ھالاك بولۇپ كېتىدۇ، ئادەملەرمۇ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن گۈزەل قىز گەپ قىپتۇ:
— مەن سىنىڭدىن ئايرىلالمايمەن. مېنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكىن.
داۋادۇرجى قىزنى ئېتىنىڭ كەينىگە مىنگەشتۈرۈۋېتىپ، چېپىپ كېتىپتۇ. ئۇ قوشنا خانلىققا يېتىپ كەپتۇ، بۇ يەردىكى كىشىلەر قىمىرلاشقىمۇ مادارى يوق، كىگىز ئۆيلىرىدە ئۆلۈمنى كۈتۈشۈپ ياتقانىكەن.
داۋادۇرجى ئۇلارغا:
— سىلەر دەريانىڭ مەنبەسىگە بېرىڭلار، شۇ چاغدا سىلەرنىڭ بەختسىزلىكىڭلار تۈگەيدۇ! — دەپتۇ.
ئۇلار بولسا ئۇنىڭغا:
— بىزنىڭ ئورنىمىزدىن تۇرۇشقىمۇ مادارىمىز يوق. تەقدىرنىڭ بىزنى هالاك قىلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇرۇپتۇ! — دەپتۇ.
داۋادۇرجى ئېتىنى دېۋىتىپتۇ - دە، ئۆزى دەريانىڭ مەنبەسىگە چېپىپ بېرىپتۇ.
ئۇ كېلىشى بىلەنلا ئۇ يەردە ئۆلۈك پىلىنىڭ ياتقانلىقىنى، ئۇ خارتۇمى بىلەن سۇنى توسۇۋېلىپ، سۇنىڭ ئېقىشىنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.
داۋادۇرجى پىلنىڭ خارتۇمىنى ئىتتىرىۋېتىپ سۇ يولىنى ئېچىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن سۇ خانلىققا قاراپ ئېقىپتۇ.
— ئەمدى دادامنىڭ يېنىغا بارايلى، — دەپتۇ داۋادۇرجى ئۆزىنىڭ خوتۇنىغا، — ئۇ ئالغان خوتۇنۇمنى كۆرسۇن! ئاكىلىرىمۇ سېنىڭ دىيانەتلىك ۋە گۈزەللىكىڭنى كۆرۈپ قويسۇن.
ئۇلار دەريا بويىغا كېلىپ يەنە بىر قىرغىقىغا ئۆتۈپ-

تۇ ـ دە، دەم ئېلىش ئۈچۈن ئاتتىن چۈشۈپتۇ. داۋادۇرجى توساتتىنلا قۇملۇقتا بىر ئالتۇن بىلىقنىڭ نىمجان ھالدا قىزىل قاناتلىرىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. دۇلقۇن ئۇنى قىرغاققا چىقىرىۋەتكەنىكەن.

داۋادۇرجىنىڭ بۇ بىلىققا ئىچى ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇ بۇنى ئاۋايلاپ ئاپتۇ ـ دە، دەرياغا قويۇۋېتىپتۇ.

بېلىق بىر ئاز ئۈزگەندىن كېيىن ئادەم تىلىغا كىرىپ:

— ئورنۇڭدا تۇرۇپ تۇرغىن، ھېچ يەرگە كەتمىگىن! — دەپتۇ ـ دە، سۇنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ غايىب بوپتۇ.

ھەش ـ پەش دېگۈچە بىردىنلا بوز ئات مىنگەن بىر كىشى دەريادا پەيدا بوپتۇ ـ دە، داۋادۇرجىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— سېنى سۇ خانى ھۇزۇرىغا چاقىرىدۇ! تېزرەك ماڭ! — دەپتۇ.

— سەن نېمە دەۋاتىسەن! — دەپتۇ داۋادۇرجى، — مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا بارغۇدەكمەن!؟

— سەن قورقۇنچاق ئوخشىمامسەن! سۇ خانىدىن قورقۇۋاتامسەن!

— مەن نېمىشقا ئۇنىڭدىن قورققۇدەكمەن؟ — دەپتۇ داۋادۇرجى، — ئەمىسە باراي، سۇ خانىنىڭ قانداق ياشايدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقسام باقاي.

ئاندىن ئۇ خوتۇنىغا ئاتقا مىنىپ دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىشنى ۋە ئۇ يەردە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇشنى تاپىلاپتۇ. خوتۇنى كەتكەندىن كېيىن داۋادۇرجى ئاتلىقنىڭ كەينىگە شۇنداق مىنگىشى بىلەن تەڭ ئاتلىق كىشى سۇ ئاستىغا

شۇڭغۇپتۇ. داۋادۇرجى كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە، ئۇلار خانىنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ. داۋادۇرجى سۇ ئاستىدىكى ئوردىغا كىرىپتۇ، سۇ خانى ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ، ئۇنىڭ قولىدا قىزىل قاناتلىق بېلىق تۇرغۇدەك.

— سالام دوستۇم! — دەپتۇ سۇ خانى، — سەن مېنىڭ جانجان قىزىمنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قاپسەن.

شۇ سۆز بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ قولىدىكى بېلىق قىزىل يۇزلۇك، ئالتۇندەك سېرىق چاچلىق قىزغا ئايلىنىپتۇ.

— سەن بىز بىلەن بىللە قالساڭ! — دەپتۇ خان، — مېنىڭ قىزىم ساڭا خوتۇن بولىدۇ. كەڭ - ئازادە ئۆي بېرىمەن، دېڭىز يىلقىسىنى سوۋغات قىلىمەن! ساڭا ئىشەنچلىك ۋە ماھىر خىزمەتكارلارنى بېرىمەن!

داۋادۇرجى جاۋاب بېرىپ:

— مەن بۇ يەردە قالالمايمەن، مېنى يەر ئۈستىدە خوتۇنۇم بىلەن دادام كۈتۈپ تۇرىدۇ. مەندىن باشقا ئۇلارنى كىم باقىدۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەگەر شۇنداق بولسا، مەن سېنى تۇتۇپ قالال- مىغۇدەكمەن، — دەپتۇ سۇ خانى، — خوشلىشىش يۈزىسىدىن مەن ساڭا ئۈچ نەرسىنى سوۋغات قىلىمەن، ئۇلاردىن قانداق پايدىلىنىشنى ئۆزۈڭ ئويلاپ تاپ. مانا بۇ قالپاقنى كىيسەڭ، سېنى ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ؛ مانا بۇ ئالتۇن بولقىنى يەرگە يەتتە قېتىم ئۇرساڭ، ئالتۇن كىگىز ئۆي ھازىر بولىدۇ؛ مانا بۇ بولسا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا بولۇپ، ئۇنى ئۈچ قېتىم قاقساڭ، ئاسماندىن يامغۇر ياغىدۇ، ئۈچ سائەتلىك يامغۇر - يېشىن

بولىدۇ.

مۇشۇ سۆزلەرنى دېگەندىن كېيىن خان داۋادۇرجىنى قىرغاققا يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. داۋادۇرجى ئاتقا يەنە مىنگىشىپتۇ ۋە كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆزىنى قىرغاقتا كۆرۈپتۇ.

داۋادۇرجى ئاتتىن چۈشۈپتۇ، ئاتلىق كىشى سۇغا كىرگەندەك بوپتىيۇ، غايىب بوپتۇ.

داۋادۇرجى قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، سېھىرلىك قالپاقنى يېڭىگە تىقىپ، ئالتۇن بولقىنى قوينىغا سېپتۇ - دە، ئۆيىگە قاراپ ئالدىراپ مېڭىپتۇ.

كۈن ئولتۇرغان چاغدا داۋادۇرجى ئۆز ئۆيىنى كۆرۈپتۇ. قالپاقنى كىيىپ كۆرۈنمەس بولۇۋاپتۇ. قارىسا ئۆلارنىڭ كونا ئۆيى بىلەن بىر قاتاردا يېڭى ئۆي تۇرغۇدەك. داۋادۇرجى يېڭى ئۆينىڭ يېنىغا كېلىپ چوڭ ئاكىسىنىڭ سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ:

— بۇ يايلاقتا ئەمدى ياشىغىلى بولمايدۇ! قۇياش ھەممە گىياھنى قۇرۇتۇۋەتتى، ماللار قىرىلىپ كەتتى، تۆگىلەرمۇ ھارام ئۆلدى. پەقەت سارالىنىڭ خوتۇنى مىنىپ كەلگەن ئاتلا قالدى. بولدى، ئەمدى بۇ يەردىن كېتەيلى!

ئىككىنچى ئاكىسى جاۋاب بېرىپ:

— بىزنىڭ ئۆيىمىز بىلەن دادامنىڭ ئۆيىنى بىر ئاتقا ئارتقىلى بولامدۇ؟ سارالىنىڭ خوتۇنىنى نېمىگە مىندۇرىمىز؟ — دەپتۇ.

چوڭ ئاكىسى ئەزۋەيلەپ:

— دادامنى نېمىشقا ئېلىپ كېتەتتۇق، ئۇ قويلارنىمۇ

باقالمىغۇدەك دەرىجىدە قېرىپ كەتكەن تۇرسا، ساراڭنىڭ خوتۇنىنىمۇ تاشلاپ كېتىمىز. كېچىدە، ئۇلار ئۇخلاپ قالغان چاغدا ئاتقا مىنىمىز - دە، ئۆيىمىزنى ئېلىپ دەريا بويىغا كۆچۈپ كېتىمىز.

داۋادۇرجى ئاكىلىرىغا گەپ قىلماپتۇ. تۈن كېچىدە ئۇلار ئاتنى ئوغرىلاپتۇ - دە، كۆچۈپ كېتىپتۇ. داۋادۇرجى بولسا سېھىرلىك قالپاقنى كىيىپ دادىسىنىڭ كىگىز ئۆيىگە شەپە چىقارماي كىرىپتۇ - دە، ئىشىك تۈۋىدە تېرىدىن تىكىلگەن جۇۋىغا ئورىلىپ يېتىپ ئۇخلاپتۇ.

ئەتىگەندە، تاڭ سۈزۈلگەندە ئۇ ئويغىنىپتۇ - دە، سېھىرلىك قالپىقىنى بېشىدىن ئېلىۋېتىپتۇ.

دادىسى ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ، خوتۇنىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەپتۇ. ئۇلار خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئۇلار ئۇنى قۇچاقلاپتۇ ۋە سۈتلۈك چاي بىلەن مېھمان قىپتۇ.

داۋادۇرجى چاي ئىچكىلى ئولتۇرۇپتۇ، دادىسى گەپ باشلاپتۇ:

— سېنىڭ كەلگىنىڭ ياخشى بولدى! بىزنىڭكى ئاپەتنى دېمەمسەن، يامغۇر ياغمىغىنىغا ئىككى ئاي بولدى، ھەممە ئوت - چۆپ قۇرۇپ كەتتى، ماللارنى باققۇدەك يەر قالمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىرىلىپ كەتتى. بۇ يەردىن تېزرەك كۆچۈپ كېتىشىمىز كېرەك. مەن ھازىر ئاكاڭلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارغا كۆچۈشكە تەييارلىق قىلىشنى ئېيتىپ قوياي.

داۋادۇرجى دادىسىنى توختىتىۋېلىپ:

— بارما! ئاكىلىرىم كېچىدە مېنىڭ ئېتىمغا مىنىپ

كۆچۈپ كەتتى، سىلەرنى بولسا بۇ يەرگە تاشلاپ كەت-
تى، — دەپتۇ.

دادىسى بولسا راسا خاپا بوپتۇ، ئاندىن ۋاپاسىز ئوغۇللىرىنى تىللاشقا باشلاپتۇ:

— كىگىز ئۆينى ياماشقا بولسىمۇ بىر پارچە كىگىزنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىچۇ كاشكى. قارىغىنا، بۇ كىگىز ئۆينىڭ كونىراپ كەتكىنىنى!

— بۇ بالانى بىرنېمە قىلغىلى بولار، — دەپتۇ داۋادۇرجى.

ئۇ ئۆيدىن چىقىپ يەتتە قەدەم مېڭىپتۇ، ئاندىن ئالتۇن بولقا بىلەن يەرنى يەتتە قېتىم ئۇرۇپتۇ. شۇ هامان ئۇ يەردە ئالتۇن كىگىز ئۆي قەد كۆتۈرۈپتۇ. ئۇ شۇنداق يالىلداپ كېتىپتۇكى، كۆزنى ئاچقىلى بولماي قاپتۇ.

دادىسى ئالتۇن كىگىز ئۆيدىن تولىمۇ خۇشال بوپتۇ، ئاندىن مۇنداق دەپتۇ:

— بىزنىگە ئالتۇن ئۆينىڭ نېمە كېرىكى، ھەممە قولۇم - قوشنىلار بۇ يەردىن كۆچۈۋاتسا؟ بۇ يەردە قىلىشقا بولمايدۇ... كۆرۈۋاتامسەن، بارلىق گىياھلار قۇرۇپ كەتتى، ماللارنى باققۇدەك يەرمۇ يوق.

بۇ سۆزلەرگە داۋادۇرجى ھېچنېمە دېمەپتۇ، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىنى ئاپتۇ - دە، ئۇنى ئۈچ قېتىم قېقىپتۇ، شۇ ھامان يامغۇر قۇيۇۋېتىپتۇ. يامغۇر ئۈچ سائەت توختىماي يېغىپتۇ. يامغۇر توختىشى بىلەنلا دالادىكى گىياھلار كۆكىرىشكە باشلاپتۇ، قويلار جانلىنىپتۇ، كالىلار مۆرەشكە باشلاپتۇ.

— ئەتتەك، — دەپتۇ دادىسى، — ئەمدى بىزگە

ئات بولغان بولسا ـ ھە!

ئۇ شۇ گەپنى دەپ بولغۇچە تالادا ئاتنىڭ دۈكۈرى ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ــ داۋادۇرجىنىڭ ئىتىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئىكەن. دۇلدۇل ئات ئۆزىنىڭ ئىگىسىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا كىشنەپتۇ ـ دە، ئالتۇن كىگىز ئۆينىڭ يېنىدا توختاپتۇ.

باشقا بىر كۈنى ئاكىلىرى ئىمجان ھالدا قايتىپ كېلىشىپتۇ. ئۇلار دۇلدۇل ئاتنىڭ ئۆزلىرىنى چۆلگە تاشلىۋېتىپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ چېپىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىپتۇ. . شۇنىڭ بىلەن كىگىز ئۆيلىرىنى چۆلگە تاشلىۋېتىپ سولىشىپ ئارانلا يېتىپ كەپتۇ.

داۋادۇرجى مۇنداق دەپتۇ:

ــ بوپتۇ! بىز بىلەن بىللە ياشاڭلار. ھەممىمىزگە زېمىن يېتىدۇ.

دادىسى بولسا ھومىيىپ قويۇپتۇ، لېكىن ئۇلارنى تىللىماپتۇ، ئۇمۇ:

ــ بىللە ياشىساق ياشىسۇن، لېكىن ئۇلار ئاز ـ تولا ئەقلىنى تېپىشى لازىم، ــ دەپتۇ.

ئۇ قامچىنى قولىغا ئاپتۇ ـ دە، يارىماس باللىرىنى ئەدەپلەپ قويماقچى بوپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

ــ ئادەم ئۆزى ئۈچۈن تۇغۇلمايدۇ، بەلكى باشقىلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تۇغۇلىدۇ! باشقىلارنى ئويلىغان ئادەم ياخشىلىق كۆرمەي قالمايدۇ! ــ دەپتۇ.

# راھىب بىلەن چاكار

## (ياپونىيە خەلق چۆچىكى)

ئىنتوسا يېزىسىدىكى بۇتخانىدا بىر بېخىل، ئاچ كۆز راھىب بولغانىكەن. ئۇ تاتلىق نەرسىلەرنى چاكىرىغا بەرمەي، ئۆزىلا يەۋالىدىكەن. چاكىرى بولسا تاتلىق يېمەكلىكنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن.

بىر كۈنى بىرى راھىبقا يېڭى ھەسەل ئەكېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ ھەسەلنى تۇڭغا قاچىلاپتۇ ـ دە، ئۇنى كۆزدىن خالىي يەرگە تىقىپ قويۇپتۇ. چاكىرىغا ئۇنىڭدىن تېتىپمۇ قويماپتۇ.

بىر كۈنى راھىبقا بىر كۈنلۈك يولغا چىقىشقا توغرا كەپتۇ. ئۇ چاكىرىغا:

— ئېھتىيات قىل، بۇ يەردە ئۆتكۈر زەھەر قاچىلانغان تۇڭ تۇرىدۇ. سىرتقى كۆرۈنۈشى ھەسەلگە تولىمۇ ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇ شۇنداق كۆرۈنىدۇ. بۇ زەھەرنى يالاپلا قويساڭ تۇگىشىسەن، — دەپتۇ.

راھىب كېتىشى بىلەنلا چاكار تۇڭنى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپتۇ ـ دە، ھەسەلنىڭ ھەممىسىنى يەۋېتىپتۇ. تۇڭدا ھېچنېمە قالمىغاندا ئۇ قورقۇپتۇ ھەم راھىبنى قانداق قىلىپ ئالداشنى ئويلاشقا باشلاپتۇ.

ئويلاپتۇ، ئويلاپتۇ، ئاخىر ئويلاپ بىر چارە تېپىپتۇ.

ئۇ راھىبنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىستاكىنىنى چېقىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ سۇنۇقلىرىنى ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چېچىۋېتىپتۇ. ئۆزى بولسا ئەدىيالغا ئورىنىپ راھىبنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ يېتىپتۇ.

كەچقۇرۇنلۇقى راھىب قايتىپ كەپتۇ. قارىسا ئۆيىنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ تۇرغۇدەك.

راھىب ئاچچىقلىنىپ تۇرۇپ ۋارقىراپتۇ:

— ھەي، سەن نەدىسەن؟ نېمىشقا چىراغنى ياندۇرمايسەن؟

مالاي بولسا ئەدىيالنىڭ ئىچىدە يېتىپ تۇرۇپ ئىڭراپتۇ:

— كەچۈرىسىز، راھىب ئاتا! مەن ئۆلگىلى ياتىمەن! ھېلىلا جېنىم چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ. تېزرەك بىر ئايەت ئوقۇپ قويغان بولسىڭىز!

راھىب چۆچۈپ كېتىپ:

— ھوي، ساڭا نېمە بولدى، چاكار، ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئالدىڭىزدا ئەيىبكارمەن، راھىب ئاتا. بۈگۈن مەن پولدا ئولتۇرۇپ ياخشى كۆرىدىغان ئىستاكىنىڭىزنى يۇيۇۋاتسام، تۇيۇقسىز بىر مۈشۈك يېنىمدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قولۇمغا ئۇرۇلۇپ كەتتى ـ دە، قولۇمدىن ئىستاكان يەرگە چۈشۈپ كېتىپ سۇنۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ئۆلۈۋېلىشتىن باشقا چارە قالمىدى، شۇنىڭ بىلەن تۇڭنى ئالدىم ـ دە، بارلىق زەھەرنى يەۋەتتىم. ۋايجان، زەھەر ھازىر بارلىق تومۇرلىرىمدا ئېقىۋاتىدۇ، ۋايجان، ھالىم چاتاق! تېزرەك ئايەت ئوقۇپ

قويسىڭىز، راھىب ئاتا! — چاكار شۇنداق دەپ قاتتىق ئىڭراشقا باشلاپتۇ.

راھىب چاكىرىنىڭ ئۆزىنى ئالداۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپتۇ، لېكىن ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاچ كۆز راھىب ھەسەلدىن قۇرۇق قاپتۇ.

يەنە بىر كۈنى راھىب ئۆيدە يوق چاغدا، چاكار ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قاپتۇ. تۇيۇقسىز بىرى ئىشىكنى چېكىپتۇ. چاكار ئىشىكنى ئېچىپ ئۈستىگە داستىخان يېپىلغان سېۋەت كۆتۈرگەن قوشنا موماينى كۆرۈپتۇ.

— بۈگۈن بايرام، بۇنى راھىب ئاتىمىزغا بېرىپ قويۇڭ، — دەپتۇ موماي ۋە چاكارغا سېۋەتنى بېرىپتۇ.

موماي كېتىشى بىلەنلا چاكار سېۋەتنى پۇرىغانىكەن، دىمىقىغا ئىسسىق ۋە مەززىلىك ھىد ئۇرۇلۇپتۇ.

«بۇ سېۋەتنىڭ ئىچىدىكىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي تۇرۇپلا، ئۇنى ئاچ كۆز راھىبقا بېرەمدىمەن، — دەپ ئويلاپتۇ چاكار، — ئۇنى بىر كۆرۈپ باقاي.»

شۇنىڭ بىلەن ئۇ سېۋەتنى ئېچىپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئىسسىق قاتلىما چىقىپتۇ. چاكار ئاستاغىنا بىر قاتلىمىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ يەپتۇ. ئارقىدىن يەنە بىرىنى تارتىپ چىقىرىپتۇ ـ دە، ئۇنىمۇ يەۋېتىپتۇ، ئاندىن ئۈچىنچىسىنى... ئاخىر ئۇ قانداق قىلىپ ھەممىسىنى يەپ قويغانلىقىنى ئۇقماي قاپتۇ. ئالغۇدەك قاتلىما قالمىغان چاغدا، ئاندىن ئۇ بېشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئاپلا، ئەمدى تۈگەشتىم! ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ — دەپتۇ.

ئۇ ئويلاپتۇ، ئويلاپتۇ، ئاخىر ئويلاپ بىر چارە تېپىپتۇ: سېۋەتنى داستىخانغا ئوراپتۇ- دە، ئۇنى كۆتۈرگەن پېتى بۇتخانىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

ئۇ يەردە سېۋەتنى بۇت ئامىدانىڭ ئايىغى ئاستىغا قويۇپتۇ- دە، ئېشىپ قالغان ناننىڭ ئۇۋاقلىرىنى بۇتنىڭ كالپۇكلىرىغا يېپىشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، بۇرۇنقى ئورنىدا گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

راھىبمۇ تېزلا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن چاكاردىن:

— مەن يوق چاغدا ئۆيگە بىركىم كەلدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، قوشنا موماي كەلگەن. ئۇ راھىب ئاتىمىزنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلەپ نېسىۋە ئەكەلگەنىكەن.

— قېنى ئۇ نېسىۋە؟

— مەن ئۇنى بۇتخانىغا ئاپىرىپ بۇت ئامىدانىڭ ئاياغلىرى ئاستىغا قويۇپ قويدۇم.

— پاھ، بۇنى ياخشى قىپسەن! قېنى، مەن ئۇنى كۆرۈپ باقاي.

راھىب بۇتخانىغا بېرىپ، بۇت ئامىدانىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىكى سېۋەتنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئويلاپ تۇرمايلا داستىخاننى يېشىپ، سېۋەتنى ئېچىپتۇ ۋە ئۇنىڭ قۇرۇقدىلىپ قويۇلغانلىقىنى، پەقەت تېگىدە ناننىڭ ئۇۋاقلىرىلا قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— ھەي، چاكار، بۇنىڭ ھەممىسىنى سەن يەپ-سەن! — دەپتۇ راھىب دەرغەزەپ بولۇپ.

چاكار يۈگۈرۈپ كېلىپ قۇرۇقدىلىپ قالغان سېۋەتكە قاراپتۇ - دە، دەرھال ئەجەبلەنگەن قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ.

— ئاجايىپ ئىشقۇ بۇ! زادىلا ئىشەنگىلى بولمايدىغان! — دەپتۇ ئۇ بۇت ئامىدانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇنىڭغا قاراڭا، راھىب ئاتا، بۇت ئامىدا بۇ نەرسىنى ئۆزىگە ئەكەلگەن دەپ قېلىپ ھەممىسىنى يەۋەتكەن ئوخشايدۇ. كۆرۈپ بېقىڭا، مانا ئۇنىڭ كالپۇكلىرىدا ناننىڭ ئۇۋاقلىرى تۇرىدۇ.

راھىبمۇ بۇتقا قاراپ چىقىپتۇ ۋە شۇئان ئاچچىقى كەپتۇ:

— مېنىڭ نانلىرىمنى يەۋەتكەن سەنمىدىڭ؟ ھەي يارىماس بۇت!

ئاندىن ئۇ ئاچچىقىدا مىس بۇتنىڭ كاللىسىغا ھاسىسى بىلەن بىرنى سابتۇ.

بۇت جاراڭلاپ كېتىپتۇ. راھىبقا بۇ بۇت: «ئۇ - ئۇ - ئۇ» دېگەندەك ئاڭلىنىپ كېتىپتۇ.

راھىب چاكارغا يەنە ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئامىدا: «ئۇ - ئۇ» دەۋاتامدۇ! دېمەك، ئۇنى سەن يەپ قويۇپسەن، بۇنىڭدىنمۇ تېنىۋالماقچىمۇسەن؟

چاكار مۇرىسىنى چىقىرىپ:

— شۇنداق، ئۇ سىزگە دەرھال ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇنى سەگىتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. تەخىر قىلىڭ، مەن ئۇنى سۆزلىتىمەن.

چاكار يۈگۈرۈپ بېرىپ چەينەكنى ئەكېلىپ، ئامىدانىڭ بېشىدىن قايناق سۇنى قويۇشقا باشلاپتۇ - دە:

— مىنىڭ دېگىنىم توغرىمۇ، بۇ ئىش بولغانمۇ؟ — دەپتۇ.

سۇ بۇتىنىڭ بېشىدىن يەرگە ئېقىپ چۈشۈپتۇ ـ دە، بۇلدۇق، بۇل ـ بۇل ـ بۇلدۇق. . . قىلىپ بۇلدۇقلىغىلى تۇرۇپتۇ.

— مانا كۆرۈۋاتىسىز، راھىب ئاتا، — دەپتۇ چاكار، — ئۇنىڭ ئۆزى بولغان، بولغان، بولغان، دەپ ئىقرار قىلدى.

راھىب بېشىنى چايقاپ قويۇپتۇ ـ دە، ئاچ قورساق ياتقىلى كېتىپتۇ.

يەنە بىر كۈنى قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ، راھىبمۇ نەگىدۇر كېتىپ قاپتۇ، چاكار بولسا ئۆيدە يالغۇز قاپتۇ. توساتتىن بىر دېھقان ئىشىكنى قېقىپتۇ. يول ئۈستىدە ئۇ يامغۇردا قېلىپ چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. دېھقان يەنە ئۇزۇن يول يۈرىدىغان بولغاچقا، يامغۇرلۇقنى ئارىيەتكە بېرىپ تۇرۇشنى سوراپتۇ.

چاكار راھىبنىڭ شەھەردىن سېتىۋالغان يېپيېڭى يامغۇرلۇقنى ئۇنىڭغا ئاچچىقىپ بېرىپتۇ. دېھقان مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈپتۇ ـ دە، يامغۇرلۇقنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ.

كەچقۇرۇنلۇقى راھىب ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئادەتتىكىدەك ئۆزى يوق چاغدا بىركىمنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى سوراپتۇ.

— ھەئە، بىر دېھقان كەلدى، ئۇ مېنىڭدىن يامغۇرلۇقنى بېرىپ تۇرۇشنى سورىدى.

— سەن بەردىڭمۇ؟

— شۇنداق، مەن ئۇنىڭغا سىزنىڭ يامغۇرلىقىڭىزنى بېرىپ تۇردۇم.

— سەن نېمىشقا شۇنداق قىلدىڭ؟ — دەپ تېرىكىپ كېتىپتۇ بېخىل راھىب، — بەرمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى.

— شۇنداق قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتسا، قانداقمۇ بەرمەي تۇرالايمەن!

— سەن يامغۇرلۇق بۇزۇق، تۇنۇگۇن ئاپتاپتا ئۇزاق تۇرۇپ قاپتىكەن، تالالىرى قۇرۇپ كېتىپ قاتلاقلىرى ئاجراپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قازناقتا تاشلىۋېتىپتىمىز، دېسەڭ بولماسمىدى.

— خوپ، ئىككىنچى قېتىمدا شۇنداق قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چاكار.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە بىر دېھقان كەپتۇ. بۇ چاغدا راھىب بۇتخانىدا ئىكەن، چاكار بولسا ھويلىدا ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن دېھقان توپتوغرا چاكارغا ئىلتىماس قىپتۇ:

— بۇگۈن ھاۋا ياخشى ئىكەن. قىزىمنىڭكىگە بېرىپ كېلەي دېۋىدىم، بىراق ئېتىم كېسەل بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا راھىب ئېتىنى بىرەر كۈنگە بېرىپ تۇرارمىكىن؟

— ياق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چاكار، — بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئېتى تۇنۇگۇن ئاپتاپتا ئۇزاق تۇرۇپ قاپتىكەن، قوۋۇرغىلىرى قۇرۇپ كېتىپ، قاتلاقلىرى ئاجراپ كېتىپتۇ، ئۇنى قازناقتا تاشلىۋەتتۇق.

دېھقان بۇنىڭدىن ھەيران بوپتۇ ـ دە، بېشىنى چايقاپ كېتىپ قاپتۇ.

راھىب بولسا بۇتخانىدا ئولتۇرۇپ بۇ سۆزلەرنىڭ

ھەممىسىنى ئاڭلاپ تۇرغانىكەن، دېھقان كېتىشى بىلەنلا ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ چاكارنى تىللاپ كېتىپتۇ:

— ھۇي، دۆت، دېگەن گېپىڭنى قارا! ئات تۇنۇگۇن زەھەرلىك چۆپ يەۋالغانىكەن، كۈن بويى قۇترىغاندەك چېپىپ يۈرۈپ پۇتلىرىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ، ھازىر ئېغىلدا تىترەپ ياتىدۇ، دېيىشىڭ كېرەك ئىدى.

— خوپ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چاكار، — كېيىنكى قېتىمدا جەزمەن شۇنداق دەي.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يېزىدا بىر باي ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى راھىبنى چاقىرىپ كەپتۇ. ئۇلار ھويلىدا چاكارنى ئۇچرىتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئائىلىمىزدە ئۆلۈم بولۇپ قالغانىدى. راھىب بىزنىڭكىگە بېرىپ دەپنە ئىشلىرىنى بېجىرىپ بېرەلەرمىكىن؟ — دەپتۇ.

— ياق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چاكار، — بولمايدۇ! راھىب تۇنۇگۇن زەھەرلىك ئوت يەۋېلىپ، كۈن بويى قۇترىغاندەك چېپىپ يۈرۈپ پۇتلىرىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ، ھازىر ئات ئېغىلدا تىترەپ ياتىدۇ.

— بولدى، بىزگە بۇنداق راھىب كېرەك ئەمەس! — قازا قىلغۇچىنىڭ تۇغقانلىرى شۇنداق دەپتۇ-دە، ئارقا-ئالدىغا قارىماي كېتىپ قاپتۇ.

# ماختانچاق بارامبا

## (گۋىنىيە خەلق چۆچىكى)

بۇرۇن ئۈچ ئاغىنە بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىردەك سامبا دەپ ئاتايدىكەن. ئەمما، بىرىنچىسىنىڭ ئىسمى سامبا بىمبىرى بارامبا، ئىككىنچىسىنىڭ سامبا كارلاكانا، ئۈچىنچىسىنىڭ بولسا سامبا دۇنگۇئونوتو ئىكەن.

ئۇلار ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئورمانىنىڭ ئەڭ بۈك - باراقسان جايىغا بېرىپ، ھەرقايسىسى بىر توپتىن پىلنى ئۆلتۈرۈپتۇ - دە، ھەممىسىنىلا شۇ كۈنىلا يەۋېتىپتۇ. ئۇلار يېزىغا قايتىپ كېلىپ ماختىنىشقا چۈشۈپتۇ:

— بىز دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك، بىزنى ھېچكىممۇ يېڭەلمەيدۇ! بىز ھەربىرىمىز ئون ئىككىدىن پىلنى ئۆلتۈردۇق ھەم ئون ئىككىدىن پىلنى يەۋەتتۇق!

سامبا بىمبىرى بارامبا بولسا ھەممىسىدىن قاتتىقراق ماختىنىپتۇ:

— بىز دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈكتۇرمىز، ئۈچىمىزنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكى يەنىلا مەندۇرمەن!

ئۇلار ئەنە شۇنداق ماختىنىشىپتۇ.

سامبا بىمبىرى بارامبا بىر كۈنى ياشقىنا بىر قىزنى ئۇچرىتىپتۇ، ئۇ گۋىنىيىلىك قىز بولغاچقا، كىشىلەر

ئۇنى كۇمبا گۋېنىيا دەپ ئاتىشىدىكەن. بارامبا ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىنى ۋە يوغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنداق يوغان قىزنىڭ ئادەتتىكى قىزلار ئىچىدە تېپىلمايدىغانلىقىنى پەملەپتۇ - دە، ئۇنىڭغا:

— مەن سېنى سۆيىمەن! — دەپتۇ.

كۇمبا گۋېنىيامۇ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار توي قىپتۇ.

ئۇلار ئورمانغا بېرىپتۇ. كۈن ئىسسىق ئىكەن. ئايالى كۇمبا بارامباغا:

— سۇ ئىچكۇم كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

سامبا بىر دەريانى تېپىپ، ئۇنى خۇددى خۇمرا كوزىنىڭ بويىنىنى تۇتقاندەك تۇتۇپتۇ - دە، سۇنى بىر چاشكىغا، ئاندىن يەنە بىرىگە قۇيۇشقا باشلاپتۇ.

كۇمبا سۇنى قانغۇچە ئىچكەندىن كېيىن بارامبا دەريانى ئارقىسىغا ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىپتۇ - دە، ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك مېڭىپ كېتىپتۇ، ئاندىن خوتۇنىغا پو ئېتىشقا باشلاپتۇ:

— مەن — سامبا بىمبىرى بارامبا — ئورمانلارنىڭ شاھى! تاغلارنىڭ ھاكىمى! سۇلارنىڭ خوجايىنى! دۇنيادا مېنىڭدىن زور، مېنىڭدىن كۈچلۈك ھېچكىم يوق!

كۇمبا گۋېنىيا بولسا ئەقىللىق ئىكەن. ئۇ ئېرىگە شۇنداق دەپتۇ:

— سەن كۈچلۈك، بۇ ياخشى ئىش. بىراق ئۆزۈڭنى ئەڭ كۈچلۈك دەپ كېرىلىپ ماختىنىشقا ئەرزىمسەن، يوق؟ بۇنى بىلمەيسەن. بۇنى بىلىش ئۈچۈن مېنىڭ ئاتا - ئانامنىڭكىگە بارايلى، شۇ يەردە ئۆز كۆزۈڭ بىلەن

كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن كىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىسەن.

— ماقۇل! — دەپتۇ بارامبا، — قېنى ئەمىسە ماڭايلى!

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سەپەرگە ئاتلىنىپ، تاڭ ئېتىش بىلەنلا يولغا چىقىپتۇ. تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا، بارامبا ئالدىدا بىر تاغ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— ماڭا قارا، خوتۇن، — دەپتۇ بارامبا، — مەن مۇشۇ ئەتراپتا ئۆزۈمدىن بۇيان ئۇۋچىلىق قىلىپ كەلگەنىدىم، لېكىن بۇ تاغنى زادىلا كۆرمىگەنىكەنمەن.

— سەن ياخشى قاراپ باق، تازا سىنچىلاپ قارىغىن، — دەپتۇ خوتۇنى، — ئۇ تاغ ئەمەس. دادام ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ پۇتىنى تىزىغا ئالمىۋاپتۇ. ئەنە شۇ ساڭا تاغ بولۇپ كۆرۈنۈۋېتىپتۇ.

ئۇلار يەنە ئۇزاق مېڭىپتۇ، تاڭ ئاتقاندا كومبانىڭ دادىسى ئۇخلاۋاتقان يېزىغا يېتىپ كەپتۇ.

سامبا بىمبىرى بارامبا قېيناتىسىنىڭ بەدەستىر يوغان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ. كومبا بۇنى شۇ هامان بايقاپ، ئېرىنىڭ شۇ تاپتىكى بىردىنبىر ئىستىكى غىپپىدە كېتىۋېلىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ.

كومبا ئېرىگە دەپتۇ:

— ئەنە مېنىڭ ئىنىلىرىم ئۇۋدىن قايتىپ كېلىۋاتىدۇ. سەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارغىن، ئۇۋ غەنىيمەتلىرىنى ئەكېلىشكە ياردەم بەرگىن.

دۇنيادا ئۆزىنى بىر دەپ چاغلاپ شادلىنىپ يۈرگەن سامبا بارامبا قايتىپ كېتىشتىن خىجىل بوپتۇ.

— خوپ، مەن ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا باراي، —

دەپتۇ.

كۇمبا ئۇنىڭغا ئىنىلىرىنى تونۇشتۇرۇپتۇ:

— چوڭ ئىنىم گامادى، ئىككىنچىسى دېبلو، ئەڭ كىچىكىنىڭ بولسا سېنىڭكى بىلەن ئوخشاش سامبا! خوپ، ئەمدى بېرىپ كۆرگىن!

بارامبا مېڭىپتۇ. بىرىنچى بولۇپ گامادىنى ئۇچرىتىپتۇ. بۇ يىگىت بەش يۈز پىلنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر باغلام قىلىپ باغلاپ، دۈمبىسىگە ئارتىپ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانىكەن.

بارامبا نېمە دېيىشىنى ئۆزىمۇ ئۇقماي دەپتۇ:

— ئەكەل، مەن ساڭا كۆتۈرۈشۈپ بېرەي.

گامادى بولسا دولىسىنى چىقىرىپ:

— بۇ يەردە كۆتۈرۈشۈپ بەرگۈدەك نەرسە يوق. سەن ياخشىسى ئالدىڭغا ماڭغىن، ئۇ يەردە ئوتتۇرانچى ئىنىم دېبلو بار، ئۇ ئاجىزراق، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىن.

بارامبا دېبلونى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ تۆت يۈز پىلنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ھەممىسىنى بىر باغلام قىلىپ چېگىپ، ئۇنى بىر مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانىكەن.

— ياق، ماڭا ياردەم كېرەك ئەمەس، — دەپتۇ ئۇ، — سەن ئالدىڭغا ماڭغىن، ئۇ يەردە ئىنىمىز سامبار بار، ئۇنىڭغا ياردەم قىلساڭ بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەڭ كىچىك.

بارامبا ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ ۋە ئالدىدىن كېلىۋاتقان ياش يىگىتنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ھەممىسى بولۇپ ئۈچ يۈز پىلنى ئۆلتۈرۈپ ھەم ئۇلارنى بىر باغلام قىلىپ بىر مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانىكەن.

— مەن سامبا بارامبا بولىمەن! سەن كۇمبانىڭ

ئىنىسى سامبا بولامسەن!

— ھە، مەن سامبا، كۇمبانىڭ ئەڭ كىچىك ئىنىسى بولىمەن! — دەپتۇ يىگىت ۋە بارامبانىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە قاراپ چىقىپتۇ.

— مەن سېنىڭ ئالدىڭغا، — دەپتۇ بارامبا، — يوكوڭنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەي دەپ كەلدىم.

— بۇ يەردە ياردەم بەرگۇدەك ھېچ نەرسە يوق، — دەپتۇ سامبا ئۇچ يۇز پىلنى بىر باغلام قىلىپ كۆتۈرۈۋالغان مۇرىسىنى سىلكىپ قويۇپ، — ئەمىسە مېنىڭ كەشىمنى كۆتۈرۈۋالغىن، ئۇنىڭ تاسمىسى ئۇزۇلۇپ كېتىپتۇ، ئادەمنى ئاۋارە قىلىۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەشنى ئۇزۇنلىقى دۇنيادا ئەڭ كۇچلۇك چاغلاپ يۇرگەن سامبا بارامبانىڭ يەلكىسىگە تارتىپ قويۇپتىكەن، ئۇ كەشنىڭ ئاستىدا قېلىپ، ئۆمىلەپ چىقالماي قاپتۇ. سامبا بۇنى كۆرمەي ئاكىلىرىنىڭ ئىزى بىلەن كېتىپ قاپتۇ.

كۇمبانىڭ دادىسى بالىلىرى ئەكەلگەن پىللارغا بىر قۇر قاراپ قويۇپ كايىغىلى تۇرۇپتۇ:

— نېمە بۇ! قىزىمنىڭ ئېرى بىزگە مېھمان بولۇپ كەپتۇ! ئۇ يات يەردىن كەلگەن تۇرسا، بار - يوق گۆشۈڭلار شۇنچىلىك ئىكەن، ماڭا ئەكەلگەن نەرسەڭلارنى قارىمامدىغان! بۇ يەردە يېگۇدەك نەرسە يوق! سۇيۇقئاشقا يەتسىمۇ مەيلىدى! — ئۇ ئەتراپقا قاراپ چىقىپ، — قېنى، مېنىڭ كۇيئوغلۇم؟ — دەپتۇ.

— ماڭا ئۇچرىغانىدى، — دەپتۇ گامادى، — مەن ئۇنى دېبلونىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنىدىم.

— ماڭىمۇ ئۇچرىغانىدى، — دەپتۇ دېبلو، — مەن

ئۇنى سامبانىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنىدىم.
شۇ چاغدا كۇمبا كىچىك ئىنىسىنىڭ پۇتىغا قاراپ، ئۇنىڭ يالاڭغىداق يوغان پۇتىنى كۆرۈپ، ھەممىنى چۈشىنىپتۇ.

— مەن بىرىپ تىپىپ كېلەي، — دەپتۇ ئۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىزنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئالدىدا ئىككى يىگىتنىڭ بىر يەردە بىر ئىش بىلەن ھەپىلىشىپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ قارىسا، كەش، كەشنىڭ ئاستىدا بولسا، دۇنيادا ئۆزىنى ئەڭ كۈچلۈك چاغلىغان سامبا بارامبا ياتقۇدەك. ئۇ ھەرقانچە تىرىشىپ - تىرماشسىمۇ ھېچبىر چىقالمىغۇدەك. ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈكمىز دەپ ماختانغان سامبا كارلاكانا بىەن دۇنگۇئونوتۇلار بولسا كەشنى كۆتۈرۈشكە ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ، ئۇنى كۆتۈرۈش بۇياقتا تۇرسۇن، ئورنىدىن قوزغاشقىمۇ چامى يەتمەي بىر ئورۇندا تېپىرلاشقۇدەك.

— سىلەر بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ كۇمبا.

— مۇشۇ ئارىدا ئوۋ قىلىۋېتىپ بارامبانى كۆرۈپ قالدۇق، ھەرقانچە قىلساقمۇ ئۇنى قۇتقۇزالمايۋاتىمىز.

كۇمبا كۈلۈمسىرەپ قويۇپتۇ - دە، كەشنى شۇنداقلا كۆتۈرۈۋېتىپتۇ. ئاندىن بارامباغا:

— ماڭ، كېتەيلى! — دەپتۇ.

— خوپ، كېتەيلى! — دەپتۇ سامبا بارامبا.

سامبا كارلاكانا بىلەن سامبا دۇنگۇئونوتۇ ئىككىسىنى بۇ يەردە قالدۇرۇپ قويىمىز، ئۇلار ئوۋنى ئوۋلاۋەرسۇن. بىز سامبا بىلەن بىللە بېرىپ، ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن

قىيناتىسىنىڭكىگە قايتىپ بارغاندا نىمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرەيلى.

بۇ يەردە سۈيۈقئاشمۇ پىشىپ قاپتۇ. ئۇلار دۇنيادا ئۆزىنى كۈچلۈك چاغلىغان سامبا بارامبانى تاماقا تەكلىپ قىپتۇ.

قارىسا، ئالدىدا ساپال قاچا، كۈمبانىڭ دادىسىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ ئۆكىلىرى ئولتۇرۇپتۇ. سامبا بارامبا بولسا قاچىنىڭ بۇ بېقىنىدىن ئايلىنىپمۇ، ئۇ بېقىنىدىن ئايلىنىپمۇ قولىنى ئۇنىڭ گىرۋىكىگە زادىلا يەتكۈزەلمەپتۇ، ساپال قاچا ئەنە شۇنداق ئېگىز ۋە يوغانىكەن.

قىيناتا كۈيئوغلىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپتۇ ـ دە، ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. بارامبا قوشۇقنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ شۇنداق كۆتۈرۈشكە، قوشۇقنىڭ ئېغىرلىقى بۇ كۈچلۈكنى شۇنداق تارتىپتۇكى، ئۇ ئۇدۇل بېرىپ ساپال قاچىدىكى سۈيۈقئاشقا موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ.

كۈمبانىڭ چوڭ ئىنىسى ئۇنى بىر چىشلەم گۆش دەپ قېلىپ ئاغزىغا ساپتۇ ـ دە، گېلىغا يوللىۋېتىپتۇ. بارامبا بولسا ئۇنىڭ ئاشقازىنىغا ئۇچقاندەك كىرىپ كېتىپتۇ.

بۇ چاغدا كۈمبانىڭ ئىككىنچى ئىنىسى دېبلو سوراپتۇ:

— قېنى، بىزنىڭ مېھمىنىمىز سامبا بارامبا؟ سۈيۈقئاش بولسىمۇ بىللە ئىچەيلى دېسەك، ئۇ يوققۇ!

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سامبا بارامبا گامادىنىڭ ئاشقازىنىدا ئەتراپقا چەكچىيىپ قاراۋاتقانىكەن: پاھ، بۇ ئاشقازان خۇددى ئۆيدەك يوغانىكەن، بېشى ئۈستىدىكى تورۇسلىرى بولسا گوياكى ئوردا سارايلىرىنىڭكىدەك ئېگىز

ئىكەن. . ئۇ يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلغىلى تۇرۇپتۇ.

گامادى ئىچىدىكى بارامبانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ:

— ھەي، سەن نېمىدەپ بىلجىرلاۋاتىسەن! بۇ كۆلبە ۋە ياكى ئۆي ئەمەس، مېنىڭ ئاشقازىنىم. تىرىكرەك ۋاقتىڭدا ئۇ يەردىن تېزرەك چىقىۋال.

بارامبا يامىشىپ چىقىشقا باشلاپتۇ. ئۆمىلەپتۇ، ئۆمىلەپتۇ، ئەڭ يۇقىرىغىچە ئۆمىلەپ چىقىپتۇ، چىشلىرىنىڭ ئارقىسىغا كەلگەندە بولسا، چىشلىرى يوغان ياغاچلاردىن قېقىپ ياسالغان ئېگىز تامغا ئوخشاش بولغاچقا توختاپ قاپتۇ. مۇشۇ چاغدا گامادىنىڭ گېلى قىچىشىپ كېتىپ بىر چۇشكۇرگەنىكەن، دۇنيادا ئۆزىنى ئەڭ كۈچلۈك چاغلىغان سامبا بارامبا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

كۇمبا ئۇنى يۇيۇپ تازىلاپتۇ، ئۇمۇ ئاز - تولا ئەقلىنى تېپىپتۇ.

— ھە، يەنە دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈكمەن دەپ ماختىنامسەن! بۇ تېخى ھەممىسى ئەمەس، تىرىكلا بولساڭ ئەمدى كۆرىسەن، — دەپتۇ كۇمبا.

كۇمبانىڭ ئىنىلىرىدىن باشقا يەنە كىچىك سىڭلىسىمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى سىرا ئىكەن، يەنە كېلىپ ئۇ كۇمبادىن چىرايلىقراق ۋە يوغانراق ئىكەن. مانا قاراڭ! مۇبادا ئۇنىڭ سۇ ئىچكۇسى كېلىپ قالسا، سۇنى بۇ دۇشەنبىدىن باشلاپ ئىچسە، كېلەر دۇشەنبىگىچە ئىچىدىكەن. دېمەك، ئۇ شۇنداق يوغان ئىكەنكى، سۇ ئىچسە ئۇنىڭ قارنىغا سۇ پۈتۈن بىر ھەپتە ئېقىش كېرەك ئىكەن.

باشقا بىر يات يېزىدىن ئىككى يىگىت ئۆيلەنگىلى كەپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى:

— مەن سۇلارنىڭ خوجايىنى! — دەپتۇ.

— مەن ئورمانلارنىڭ خوجايىنى! — دەپتۇ يەنە بىرى.

بىرى دەريانى ئىگىلىۋاپتۇ: بىر پۇتى بۇ قىرغاقتا ماڭسا، يەنە بىر پۇتى ئۇ قىرغاقتا ماڭىدىكەن، دەريا بولسا ئۇنىڭ چاترىقىدا قالىدىكەن. يىگىت ئېگىلىپ، قوراللىرىنى سۇغا تىقىپلا بېلىق، تىمساھ، سۇ ئېتى قاتارلىق نەرسىلەرنى سۈزۈۋالىدىكەن ـ دە، ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇدۇل ئاسمانغا، قۇياشقا يەتكۈزۈپ، ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى خۇددى گۈلخاندا قورۇغاندەك راسا قورۇپ يەيدىكەن.

يەنە بىر يىگىت قويۇق ئورمانلىقتا ماڭسا، دەرەخلەر ئۇنىڭغا تاپىنىنى قىچىقلىغاندەك تۇيۇلغۇدەك دەرىجىدە زور ئىكەن. ئۇمۇ ماڭغاچ دەرەخلەر ئارىسىدىن بەئەينى چۆپنى تېتىغاندەك تىرمىلاپ، ياۋا قۇشلارنى، قاپلانلارنى، پىللارنى ۋە باشقا هايۋانلارنىڭ هەممىسىنى سىيرىپ سۈپۈرۈپ ئالىدىكەن ـ دە، ئۇدۇل ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، قۇياشتا خۇددى گۈلخاندا قورۇغاندەك قورۇپ يەيدىكەن.

كۈيئوغۇل بولغۇچىلار يېزىغا كېلىپ، كۈمبانىڭ سىڭلىسى سىرانىڭ كىمگە نېسىپ بولۇشىنى تالىشىشقا باشلاپتۇ.

سامبا ئۇنچىقماپتۇ، دېبلو، گامادىلار جىم تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ قېرى دادىسىمۇ ئۈن چىقارماپتۇ. يىگىتلەر بۇنداق يوغان كىشىلەرنى زادىلا كۆرمىگەن تۇرسا، ئۇلار نېمىمۇ دېيەلىسۇن!

يىگىتلەر تالاش ـ تارتىش قىلا ـ قىلا، ئاخىر جاڭجاللىشىپ قاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن باشقا يېزىدىكى بىر بوۋاينى ئويغىتىۋېتىپتۇ. بوۋاي بولسا ئۆزىنىڭ ئېتىزىدا زىرائەتلىرىنى قۇشلارنىڭ چوقىلاپ يەپ كېتىشىدىن قوغداپ ئولتۇرغانىكەن.

بۇ بوۋايغا كەلسەك، ئۇ تېخىمۇ يوغانىكەن. ئۇ يىگىتلەرنىڭ چۇقانلىرىنى قۇشلارنىڭ ياكى مايمۇنلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئېتىزىدىكى شاۋقۇنى دەپ ئويلاپ قاپتۇ ـ دە، يوغان بىر تاياقنى ئېلىپ يىگىتلەرگە ئېتىپتۇ.

بوۋايغا نېمە دېگىلى بولسۇن؟ ئۇ قېرى، كۆزى ئاجىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە چالا ئۇيقۇلۇق بولغاچقا، تاياق دەل تەگمەي سىڭايان كېتىپتۇ ـ دە، تاياق يىگىتلەرگە تەگمەي، يېزىنىڭ بىر چېتىگە تېگىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ پۈتكۈل يېزىنى بارامبا، كۇمبا، سىرا ۋە ئۇلارنىڭ ئۈچ ئىنىسى، قېرى دادىسى، قوشنىلىرى ھەمدە ئاشۇ ئىككى يىگىت بىلەن قوشۇپ كۆككە ئۇچۇرتىۋېتىپتۇ.

يېزا ئۇچۇپ بارغۇدەك: ئۇنىڭدا گۈلخانلار يېنىپ، قازانلار قايناپ تۇرغۇدەك، كىملەردۇر تاماق يېسە، كىملەردۇر خامان تېپەر ئىمىش، كىملەردۇر ئوۋ قىلسا، كىملەردۇر ھېكايە ئېيتار ئىمىش. يىگىتلەر بولسا يېزا بىلەن ئۇچۇپ بارغۇدەك ۋە سىرانىڭ كىمگە خوتۇن بولۇشىنى يەنىلا توختىماي تالاشقۇدەك.

يېزا ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئۇ ئۇچۇپ بارغان يەردە بولسا، بىر ياش چوكان بالىسىنى قولىدا تۇتۇپ، تاماق بەرمەكچى بولۇپ تۇرغانىكەن. يېزا بولسا توپتوغرا ئۇنىڭ قىزىنىڭ كۆزىگە ئۇچۇپ كىرىپ كېتىپتۇ. بوۋاق يىغلاپ كېتىپتۇ ـ دە، بارماقلىرى بىلەن كۆزىنى ئۇۋۇلاپتۇ.

— يىغلىما، قوزام، ئەكەلگىنە مەن قاراپ با-
قاي! — دەپتۇ ئانىسى قىزىغا.
قىز بولسا يىغلاۋېرىپتۇ، چۈنكى ئۇ تېخى تولىمۇ كىچىك بولۇپ، سۆزلەشنى بىلمەيدىكەن. ئانا ئۇنىڭ كۆزىنى سۈرتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يېزا ئۇنىڭ كۆزىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.
— مانا ئەمدى بولدى! — دەپتۇ ئانا، — يىغلىما، قىزىم، ئۇ زەررىچىلىك ئەخلەت ئىكەن، — شۇنىڭ بىلەن ئانا قىزىنى كۆتۈرۈپ كېتىپتۇ.
يېزا بولسا زېمىندا قايتىدىن پەيدا بوپتۇ، ئۇ بوۋاقنىڭ كۆزىگە كىرىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە كىچىك ئەخلەت بولغاچقا، ئۇنى ھېچكىم سەزمەپتۇ.
يىگىتلەر بولسا يەنىلا تۇتۇشۇپ سوقۇشىۋېرىپتۇ. بىر- بىرىنى ئىتتىرىشكەندە تاغلار سىلكىنىپ سۈرۈلۈپ كېتىدىكەن. ئۇلار ئاشۇنداق مەڭگۈ ئۇرۇشقىنىچە قاپتۇ.
شۇ چاغدا كومبا باراماباغا دەپتۇ:
— مانا ئەمدى ئىش تامام ۋەسسالام! لېكىن، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ تېخى ھەممىسى ئەمەس. دۇنيا چوڭ، ناھايىتى چوڭ، ئۇنىڭ قانداقلىقىنى كىم بىلسۇن؟
— يوق، بۇ يەردىن ئۆيىمىزگە كېتەيلى، — دەپتۇ سامبا بىمبىرى باراماباغا.
دانالار دېگەنىكەن: ھەرقانداق ئادەم يەر يۈزىدە ئۆزىدىن كۈچلۈكرەك ھېچكىم يوق دېمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، دۇنيا چوڭ، تولىمۇ چوڭ. . ئۇنىڭ قانداقلىقىنى كىم بىلىپتۇ.

# قورقماس قىز نىزېرى

## (كېنىيە خەلق چۆچىكى)

بىر يىلى قۇرغاقچىلىق بوپتۇ. قۇياش نۇرغۇن كۈنلەر يەر ـ جاھاننى كۆيدۈرۈپتۇ. دالادىكى بارلىق زىرائەتلەر قۇرۇپ كېتىپتۇ. دەريالار قۇرۇپ، كۆللەر تېيىزلاپ كېتىپتۇ. ئاچارچىلىق كىشىلەرنى ئازابلىغىلى تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ئاقساقاللار يىغىلىپ، ئەڭ كۈچلۈك سېھىرگەر ۋە پېرىخونلارنى چاقىرىپ كېڭەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. كېڭەش يىغىنىدا ئۇلار:

— ساھىبجامال قىز نىزېرنى سۇ يولىدا قۇربان قىلغاندىلا، ئاندىن كۆللەر سۇغا تولىدۇ، يامغۇرمۇ زېمىننى جانلاندۇرىدۇ، — دەپتۇ.

ئاقساقاللار نىزېرىنىڭ دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ھازىر سەنلا خەلقنى قۇتقۇزۇپ قالالايسەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن دادىسى قىزىنى كۆل بويىغا ئېلىپ كەپتۇ.

— دادا، — دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭدىن نىزېرى، — خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولسا، بوپتۇ، قىزىڭ قۇربان بولسۇن، دېگىنىڭ راستمۇ؟

— ھەئە، راست، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دادىسى

مەيۈسلۈك بىلەن.

— ئۈنداقتا خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، قېنى ياغقىن يامغۇر! — دەپتۇ نژېرى.

كۆلدىكى سۇ كۆتۈرۈلۈپ ئۈنىڭ پۇتلىرى نەملىنىپتۇ.

— ئاپا، — دەپتۇ نژېرى، — خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولسا، بوپتۇ، قىزىم قۇربان بولسۇن، دېگىنىڭ راستمۇ؟

— ھەئە، شۇنداق، — دەپتۇ ئاپىسى ۋە كۆزلىرىدىكى ياشنى بىر كىم كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ يۈزىنى قوللىرى بىلەن توسۇۋاپتۇ.

— ئۈندا قتا، قېنى تېزرەك ياغقىن يامغۇر! خەلقنى قۇتقۇزغىن! — دەپتۇ نژېرى.

ئاندىن سۇ كۆتۈرۈلۈپ ئۈنىڭ تىزىغىچە كەپتۇ.

— بوۋا، — دەپتۇ نژېرى، — خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بولسا، بوپتۇ، نەۋرە قىزىم قۇربان بولسۇن، دېگىنىڭ توغرىمۇ؟

— ھەئە، توغرا، — دەپتۇ بوۋىسى چوڭقۇر ئۈھ تارتىپ.

— ئۈنداقتا، قېنى ياغقىن يامغۇر! زېمىنىمىزنى جانلاندۇرغىن! — دەپتۇ نژېرى.

ئاندىن سۇ كۆتۈرۈلۈپ ئۈنىڭ بېلىگىچە كەپتۇ.

— چوڭ ئانا، — دەپ سوراپتۇ نژېرى، — پۈتكۈل خەلقىمىز ھالاك بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن نژېرى قۇربان بولسۇن، دېگىنىڭ راستمۇ؟

— راست، — دەپتۇ چوڭ ئانىسى ئاۋازى تىترەپ

تۇرۇپ .

— ئۇنداقتا ھاياتبەخش يامغۇر ياغسۇن! — دەپتۇ نژہری .

ئاندىن سۇ ئۇنىڭ كۆكرىكىگىچە كەپتۇ .

— تاغا! — دەپتۇ نژہری، — كىشىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن بىزنىڭ نژہری سۇغا غەرق بولسۇن، دېگىنىڭ ھەقىقەتمۇ؟

— شۇنداق، ھەقىقەت، — دەپتۇ تاغىسى كۆزلىرى ياشتىن خىرەلىشىپ .

— ئۇنداقتا خەلقىم زارىققان يامغۇر ياغقىن، ئېلىمدىكى ئادەملەرنى قۇتقۇزغىن! — دەپتۇ نژہری .

ئاندىن سۇ ئۇنىڭ مۇرىسىگىچە كۆتۈرۈلۈپتۇ .

— خەير - خوش، جامائەت! — دەپتۇ قىز، — كۆلدىكى سۇدا قۇربان بولاي. ھەي، يامغۇر، سەن باشقىلارنىڭ ھالاك بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ياغقىن، تېزرەك ياغقىن!

ئاندىن سۇ كۆتۈرۈلۈپ كېلىپ ئۇنى يۇتۇپ كېتىپتۇ . ئاسماندا بولسا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يامغۇر سەلدەك قۇيۇلۇپ پۈتكۈل زېمىندا شارقىراپ ئېقىپتۇ .

ئىككىنچى كۈنى بۇ يەرگە بىر يىگىت كەپتۇ . ئۇ گۈزەل نژہرىنىڭ يىگىتى ئىكەن . ئۇ غەم - قايغۇغا ھاي بېرەلمەي، سۆيگىنىنى ئېلىپ قاچقان سۇنى قامچىلاپتۇ . لېكىن ئاقساقاللار ئۇنىڭغا :

— سەن سۇنى ئۇنداق ئۇرما . چۈنكى ئۇنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ نژہری ئۇخلاۋاتىدۇ، — دەپتۇ .

دەل شۇ چاغدا كۆلنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن قىزنىڭ

ئاۋازى ياڭراپتۇ:

— ئەي، مېنىڭ يىگىتىم، — دەپتۇ ئۇ، — سەن، باشقىلارنى قۇتقۇزۇش زۆرۈر بولسا مېنىڭ نژىرىم قۇربان بولسۇن، دېمەسمىدىڭ؟

يىگىت بولسا:

— ئەلۋەتتە، شۇنداق دېگەن بولاتتىم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت يۈرىكى ئېچىشىپ تۇرۇپ.

شۇ چاغدا كۆلدىكى سۇ قاق ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپتۇ - دە، ئۇنىڭ تېگىدىن نژىرى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپتۇ. ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. يىگىت قىزنى قولىدىن تۇتۇپتۇ - دە، ئۇنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نژىرى يىگىتى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپتۇ، دۇنيادا ھېچكىممۇ ئۇلاردەك بەختىيار بولالماپتۇ.

# كالا قوٚيرۇقىدىن ياسالغان قامچا

## (لۇيىيە خەلق چوٚچىكى)

بۇ ۋەقە كوٚندى يېزىسىدا بولغانىكەن. كوٚندى يېزىسى نەمخوٚش، قىبلىن ئورمان يېنىدىكى توٚپىلىكتە جايلاشقانىكەن. مانا موٚشو يېزىدا خوتوٚن ـ بالىلىرى بىلەن بىر ئوۋچى ياشايدىكەن. ئوٚنىڭ ئىسمى ئوگالوٚسا ئىكەن.

بىر كوٚنى ئەتىگەنلىكى ئوگالوٚسا تامدىكى مىلتىقىنى ئاپتوٚ ـ دە، ئورمانغا ئوۋ قىلغىلى كېتىپتوٚ. ئوٚنىڭ خوتوٚنى ئېتىزلىقتا مېڭىپتوٚ، بالىلىرى بولسا ماللىرىنى ئوتلاققا ھەيدەپ كېتىپتوٚ.

كەچ كىرىپتوٚ، ئوگالوٚسا قايتماپتوٚ. كەچلىك تاماق يەيدىغان چاغ بوپتوٚ، ئوگالوٚسا كەلمەپتوٚ، ئوٚيدىكىلەر نان ۋە بېلىقلارنىمۇ يەپ بوپتوٚ، ئوگالوٚسا يەنىلا كەلمەپتوٚ.

بىر كوٚن ئوٚتوٚپتوٚ، ئىككىنچى كوٚنمۇ ئوٚتوٚپتوٚ. ئوگالوٚسادىن ھېچبىر دېرەك بولماپتوٚ.

ئوگالوٚسا نەدىدوٚ؟ ئوٚنىڭغا نېمە بولغاندا؟ ئوٚ بىر بالاغا يولوٚققانمىدوٚ؟

نەمخوٚش، قىبلىن ئورمان تىمتاس جىم توٚروٚپتوٚ.

ھەپتە ئوٚتوٚپتوٚ، ئايمۇ ئوٚتوٚپتوٚ. ئوٚنىڭ خوتوٚنى بوٚروٚنقىدەكلا ئېتىزدا ئىشلەپ، ياغاچ ئوغوٚدا دان سوقوٚپ يوٚروٚۋېرىپتوٚ، بىراق ئوٚنىڭ بالىلىرى ئەمدى بېلىق توٚتوٚش

بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئۇۋغىمۇ چىقىدىغان بوپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇۋغا كەتكەن دادىسىنى كەمدىن - كەم ئەسلەيدىكەن.

مانا شۇ چاغدا ئوگالۇسىانىڭ خوتۇنى يەنە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭغا پۇلى دەپ ئات قويۇپتۇ.

پۇلى ئۆسۈشكە باشلاپتۇ. باشتا ئولتۇرىدىغان، ئاندىن ئۆمىلەيدىغان بوپتۇ. ئاخىر ۋاقىت - سائىتى كېلىپ تىلىمۇ چىقىپتۇ. مەن ئەمدى سىلەردىن ئۇنىڭ تىلى چىققاندا بىرىنچى دېگەن سۆزلىرى نېمىدۇ؟ دەپ سورىسام، بەلكىم سىلەر، ئانا، بەرگىن دېگەندۇ، دەپ جاۋاب بېرەرسىلەر.

ئۇ شۇنداق دېگەنمىدۇ؟ ياق! ئۇ ئۇنداق دېمەپتۇ. ئۇنىڭ دېگەن بىرىنچى سۆزى: «قېنى مېنىڭ ئاتام» دېگەندىن ئىبارەت بوپتۇ.

— قېنى مېنىڭ ئاتام؟ — دەپتۇ ئۇ.

ئۇنىڭ ئاكىلىرى شاللىق ئېتىزغا ۋە دەرياغا قارىشىپتۇ، قارىشىپتىيۇ، ھېچنېمە دېمەپتۇ.

— قېنى، مېنىڭ ئاتام؟ — دەپ تېخىمۇ قاتتىقراق سوراپتۇ بالا.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاكىلىرى نەمخۇش، قېلىن ئورمانغا قارىشىپتۇ، بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ، ئاندىن ئەڭ چوڭى:

— ئۇ شۇ يەردە قالغان، — دەپتۇ.

— ئۇ بۇرۇنلا قايتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— ئۇنىڭغا بىلىر ئىش بولغان، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

— ئۇ قازا قىلغان، — دەپتۇ تۆتىنچىسى.
— بولمىسا ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەن بولاتتى، — دەپتۇ بەشىنچىسى.
— ناۋادا ئۇنى تاپقىلى بولسىدى! — دەپتۇ ئالتىنچىسى.
— ئورمان شۇنداق يوغان تۇرسا، ئۇنى نەدىن تاپقۇلۇق؟ — دەپتۇ يەتتىنچىسى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئەڭ چوڭى:
— مەن ئۇنىڭ قانداق ماڭغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭ مۇشۇ يول بىلەن كەتكەنلىكى ئېسىمدە تۇرىدۇ. قېنى، بەختىمىزنى بىر سىناپ كۆرەيلى، ئۇنىڭ ئىزىنى قوغلىشىپ ماڭايلى، — دەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئوگالۇسسانىڭ يەتتە ئوغلى ئۆزلىرىنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپ، ئاتىسىنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ.
ئەڭ كىچىك ئوغلى پۇلى بولسا ئاكىلىرى بىلەن بىللە ئاتىسىنى ئىزدەشكە بارماپتۇ، چۈنكى، ئۇ تولىمۇ كىچىك بولۇپ تىلى ئەمدىلا چىققانىكەن.
ئۇلار نەمخۇش، قېلىن ئورمانغا كىرىپتۇ. ئورماننىڭ ئەتراپى شاخلىرى بىلەن ئاسماننى تىرەپ تۇرغان ئېگىز دەرەخلەر بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ قويۇقلۇقىدىن كۈننىڭ نۇرىمۇ چۈشمەيدىكەن، خۇددى گۇلخاندىن كۆتۈرۈلگەن تۈتۈندەك ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىكەن.
ئاكا - ئۇكىلار خۇددى تورۇسنىڭ ئاستىدا ماڭغاندەك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئاستىدىن مېڭىپتۇ.
ئۇلار شۇ يوسۇندا قانچىلىك ماڭغانلىقىنى بىلمەي،

ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق مېڭىپتۇ. چۈنكى ئەتراپ تۇم قاراڭغۇ بولۇپ، ئۇلاردىن ھېچقايسىسى قانچە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ، قانچە كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ ئالماشقانلىقىنى دەپ بېرەلمەيدىكەن.

ئۇلار ئاخىر دەرەخلەر ئارىسىدىن يىراقتىكى يورۇقلۇقنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار شۇ يەرگە كەپتۇ. ئۇ بىر ئوتلاق ئىكەن. مانا مۇشۇ ئوتلاقتا، ئوگالۇسسانىڭ سۆڭەكلىرى يەردە ھەر تەرەپكە چېچىلىپ ياتقۇدەك. شۇ ئەتراپتىلا ئۇنىڭ دات بېسىپ كەتكەن قورالى تۇرغۇدەك.

ئاكا ـ ئۇكىلار بۇ ھالنى كۆرۈپ چوڭقۇر قايغۇرۇپتۇ ۋە غەزەپلىنىپتۇ. لېكىن، ئاتىسى ئۈچۈن كىمدىن ئىنتىقام ئېلىش كېرەك؟

ئاكا ـ ئۇكىلاردىن چوڭى:

ــ ئورمان چوڭ بولسىمۇ، لېكىن مەن سىلەرنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم. ئەمدى ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ چامىسى يېتىدىغان ئىشنى قىلايلى! ــ دەپتۇ.

ئاندىن كېيىن ئىككىنچىسى:

ــ مەن مېيىتنىڭ سۆڭەكلىرىنى جاي ـ جايىغا كەلتۈرۈشنى بىلىمەن، ــ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوگالۇسسانىڭ سۆڭەكلىرىنى يىغىپ ۋە ئۇلارنى ئۆز ئورنىغا كەلتۈرۈپ بىر پۈتۈن ئىسكىلىتنى قۇراشتۇرۇپ چىقىپتۇ.

ئاندىن ئۈچىنچىسى:

ــ مەن ئاتامنىڭ سۆڭەكلىرىنى جىسمىغا ۋە مۇسكۇللىرىغا يېپىشتۇرىمەن، ــ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇنداق قىپتۇ ـ دە، ئورنىنى تۆتىنچىسىگە بېرىپ،

بىر تەرەپكە ئۆتۈپ تۇرۇپتۇ.

— مەن ئۇنىڭ تومۇرلىرىنى ئىسسىق قان بىلەن تولدۇرىمەن، — دەپتۇ تۆتىنچىسى. ئۇ شۇنداق دېگەچ، ئۇنىڭ تومۇرلىرىغا قان ساپتۇ.

ئاندىن بەشىنچىسى:

— مەن ئۇنى نەپەس ئالغۇزالايمەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ جانسىز جىسىمغا دەم بېرىپتۇ، ئاكىلىرى بولسا ئوگالۇسسانىڭ كۆكرىكى ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چۈشۈپ، ئاندىن پەسىيىشى بىلەنلا نەپەس ئېلىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.

— مەن بەدىنىنى ھەرىكەتلەندۈرەلەيمەن، — دەپتۇ ئالتىنچىسى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتىسىغا ھەرىكەتلىنىش كۈچى بېرىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوگالۇسسا ئولتۇرۇپتۇ ۋە كۆزلىرىنى ئېچىپتۇ.

ئوگالۇسسا كۆزىنى ئېچىپ ئولتۇرغاندا، نە ئۆلۈك، نە تىرىك ئەمەس ھالدا ئىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن يەتتىنچىسى:

— مانا ئاتىمىز نە تىرىك، نە ئۆلۈك ئەمەس ھالدا تۇرغاندا، مەن ئۇنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمەن، — دەپتۇ.

ئاندىن ئۇ ئۇنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ-دە، بىر تەرەپكە ئۆتۈپ تۇرۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوگالۇسسا ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراپتۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ شۇنداق قارىسا، يەتتە ئوغۇل ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغۇدەك.

ئوگالۇسسا ئارتۇقچە ھېچنېمە دېمەپتۇ. ئۇ باللىرىغا قاراپ چىقىپتۇ ـ دە:

ــ قېنى مېنىڭ قورالىم؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ئوغۇللىرى ئۇنىڭ دات بېسىپ كەتكەن، چۆپلۇكتە تاشلىنىپ قالغان قورالىنى ئەكېلىپ بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئارقىغا قايتىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئورماندا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا مېڭىپتۇ. ئۇلار شال ئېتىزلىقلىرىدىن ئۆتۈپ، ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ يېزىسىغا يېتىپ كەپتۇ.

ئوگالۇسسا ئۆيگە كىرىپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭ يۇيۇنۇشىغا سۇ تەييارلاپتۇ ۋە كەچكى تاماق ئېتىپ بېرىپتۇ.

ئوگالۇسسا ئۆيدە تۆت كۈن ئولتۇرۇپتۇ. بەشىنچى كۈنى چاچ ـ ساقىلىنى ئاپتۇ، ئۆلۈكلەر دۇنياسىدىن قايتىپ كەلگەن ئادەم بۇ ئىشلارنى قىلغاندىن كېيىن كوچىغا چىقىپتۇ.

يېزىنىڭ بارلىق ئاھالىسى ئوگالۇسسانىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن تولىمۇ خۇشال بوپتۇ.

ئۇ كاتتا بايرام قىلىش ئۈچۈن كالا سويۇپتۇ.

ئوگالۇسسا كالا قۇيرۇقىنى تال ـ تال قىلىپ ئۆرۈپ قامچا قىپتۇ ھەم ئۇنى مارجان، چاقچۇق، ئويما نەقىش ۋە رەڭلىك مېتال چاقماقلار بىلەن كۆركەم قىلىپ چىرايلىق بېزەپتۇ.

مۇبادا سىلەر بۇ قامچىنىڭ قانداق قامچا ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە بىر كۆرگەن بولساڭلار ئىدى! ھېچقانداق ئاقساقال ۋە ھېچقانداق ئادەمدە بۇنداق قامچا بولۇپ باقمىغانىكەن. پەقەت مۇقەددەس سورۇنلارنى

ئۇيۇشتۇرالايدىغان ئادەملا بۇنداق قامچىنى تۇتۇشقا قادىر بولالايدىكەن.

بۇ يېزىدا بۇنىڭغا ئوخشاش قامچىنى ھېچكىممۇ كۆرمىگەنىكەن. ئۇنى تۇتقان ئوگالۇسسا ئۇلۇغ ئاقساقالغىلا ئوخشاپ قاپتۇ. يېزىنىڭ بارلىق ئاھالىسى شۇنداق ئويلاپتۇ. ناۋادا سىلەرمۇ بۇ قامچىنى كۆرۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالىغان بولساڭلار، سىلەرمۇ شۇنداق ھۆكۈم قىلغان بولاتتىڭلار.

ئوگالۇسسانىڭ قايتىپ كېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بايرام ئەتىگەندىلا باشلىنىپتۇ.

يېزا ئاھالىسى ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپتۇ. سازچىلار ئۆزلىرىنىڭ سازلىرىنى ئېلىپ كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بەزمە باشلىنىپ كېتىپتۇ. سازچىلار سازلىرىنى چالسا، ئاياللار ناخشا ئېيتىپتۇ. بەزمە ۋە مېھماندارچىلىق قالتىس قىزىپتۇ!

ئاخىرىدا ھەممەيلەن تىنچلانغان ۋە ناخشا - ئۇسسۇل ھەم خۇشاللىقتىن چارچىغان چاغدا، ئوگالۇسسا ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز باشلاپتۇ:

— مەن قايسىبىر زاماندا ئورمانغا ئوۋ قىلىشقا كەتكەنىدىم، — دەپتۇ ئۇ، — نەمخۇش، قېلىن ئورمان ئىچىدە، بۇ يەردىن تولىمۇ يىراق بىر يەردە ماڭا قاپلان ھۇجۇم قىلدى. ئۇ مېنى چايناپ سۆڭەكلىرىمنى پۇركۇۋەتكەن، قورالىم بولسا تاشلىنىپ قالغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قورالىم داتلىشىپ، سۆڭەكلىرىم چىرىپ ياتقانىدىم. بىراق، ئوغۇللىرىم مېنى ئىزدەپ بېرىپ، مېنى ئۆلۈكلەر دۇنياسىدىن ئۆيۈمگە قايتۇرۇپ كەلدى.

هازىر مەن بۇ يەردە تۇرۇۋېتىمەن. ئەمدى مەن مۇشۇ قامچامنى مېنى قايتۇرۇپ كېلىش يولىدا ھەممىدىن كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلغىنىغا مۇكاپات قىلىپ بەرمەكچىمەن!

شۇ ھامان بەس ـ مۇنازىرە قوزغىلىپتۇ. ئوگالۇسسانىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز جاسارىتىنى كۆرسەتكەن، ئەمما قامچا بولسا بىرلا ئىكەن.

— ئاتام قامچىنى ماڭا بېرىدۇ! — دەپتۇ ئەڭ چوڭى، — ئورمانغا بارىدىغان، ئىزى ئۆچكەن چىغىر يولنى مەن تاپتىم.

— ياق، ئاتام ئۇنى ماڭا بېرىدۇ! — دەپتۇ ئىككىنـ چى ئوغلى، — مەن ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى يىغىپ قۇراشتۇردۇم.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى توغرا! — دەپتۇ ئۈچىنچى ئوغلى، — لېكىن مەن ئۇنىڭ ئىسكىلىتىنى جىسمىغا ۋە مۇسكۇللىرىغا يېپىشتۇردۇم.

— مەن ئۇنىڭ تومۇرلىرىغا قان بەردىم! — دەپتۇ تۆتىنچى ئوغلى.

— مەن ئۇنىڭ كۆكسىگە نەپەس بەردىم! — دەپتۇ بەشىنچى ئوغلى.

— مەن ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە كۈچ بەردىم! — دەپتۇ ئالتىنچى ئوغلى.

— مەن ئۇنىڭغا سۆزلەش ئىقتىدارىنى بەردىم! — دەپتۇ يەتتىنچى ئوغلى.

يېزا ئاھالىسى ئوگالۇسسانىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جىم بولۇپ قاپتۇ. ئاندىن

ئوگالۇسسا ئۇلارغا، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھېكايىسىنى ئاڭلىغان ۋە مۇنازىرە قىلىشقانلارغا:
— ھەرقايسىڭلار جىم تۇرۇڭلار. بىلىپ قېلىڭلاركى، مەن مۇكاپاتنى ئوغۇللىرىم ئىچىدىن ھايات قېلىشىغا ھەممىدىن كۆپرەك سەۋەبكار بولغۇچى - - غا بېرىمەن، — دەپتۇ.
ئۇ ئالدىغا چىقىپ ئېگىلىپتۇ - دە، كالا قويرۇقىدىن ئۆرۈلگەن قامچىنى كىچىك ئوغلى پۇلىغا بېرىپتۇ.
بۇ چاغدا يېزا ئاھالىسى ئۇنىڭ مۇنداق قارار قىلىشىدىن ھەيران قاپتۇ، ئۇۋچى ئۇلارغا بۇ ئوغلىنىڭ بىرىنچى سۆزى: «قېنى مېنىڭ ئاتام» دېگەندىن ئىبارەت بولغانلىقىنى ئەسلىتىپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئوگالۇسسانىڭ توغرا قىلغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئادەم تىرىكلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتمىگۇچە ئۆلمەيدۇ، دېگەن سۆز ھەقىقەت ئىكەن.

# گۈزەل فارىماتا

## (مالاي خەلق چۆچىكى)

بىر قىز دادىسى ۋە ئۆگەي ئانىسى بىلەن بىللە ياشايدىكەن.

قىزنىڭ ئىسمى فارىماتا ئىكەن. ئۇ شۇنداق گۈزەل، خۇش پېئىل ۋە مۇلايىم ئىكەنكى، بىر كۆرگەن كىشى ئۇنى سۆيمەي قالمايدىكەن.

ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىدىكەن. كېچىلىك ئولتۇرۇشلاردا كۆپچىلىكنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكۈسى، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇسى كېلىدىكەن، يانلىرىدا ئۇنىڭغا ئاتاپ ئالغان قانداقتۇر سوۋغاتلىرى بولىدىكەن.

بىراق، ئۆگەي ئانىلا بۇ ئۆگەي قىزنى يامان كۆرىدىكەن. ئۆگەي ئانىنىڭمۇ بىر قىزى بولۇپ، ئۇ شۇنداق سەت ۋە قوپال ئىكەنكى، بىرەركىم ئۇنىڭغا قاراپ قويايمۇ دېمەيدىكەن. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئۆگەي ئانا ئېرىنى ئۆز قىزىدىن جۇدا قىلماقچى بوپتۇ.

— ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت، — دەپ بۇيرۇپتۇ ئېرىگە ئۇ، — ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن، بىزدە بەخت ـ سائادەت دېگەن نەرسە بولمايدۇ.

دادىسى ئۇزاققىچە قوشۇلماپتۇ. لېكىن ئۆگەي ئانىنىڭ زۇلمى ئۇنىڭ شۇنداق جېنىغا تېگىپتۇكى، بۇ بىچارە ئۆزىنىڭ قىزىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ.

فارىماتانى كۆمگەن يەردە يېشىل كۆچەت ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ئۇ شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن يولۇچىلار بۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىردەم دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن توختىماي ئۆتمەيدىكەن. ئۇلار ئۇنىڭ ھەربىر شاخلىرىدىنمۇ ھۇزۇرلىنىپ:

— بۇنداق چىرايلىق كۆچەت دۇنيادا يوق! — دەپ ماختىشىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ دەرەخنى تېخىمۇ چىرايلىقراق، تېخىمۇ كۆركەمرەك بولسۇن، دەپ ئۇنىڭ شاخلىرىغا يالتىراق مارجانلارنى ئېسىپ بېزەپ قويۇشىدىكەن.

بۇنى كۆرگەن ئۆگەي ئانا ئېرىگە كۆچەتنىڭ بارلىق شاخلىرىنى پۇتنۇېتىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئېرى كۆچەتنىڭ بارلىق پۇتاق - شاخلىرىنى كېسىپ تاشلاپ، غولىنىلا كۆتمەك قىلىپ قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. لېكىن، بۇ غول شۇنداق نازاكەتلىك بولۇپ كېتىپتۇكى، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكۈچىلەر ئۇنىڭغا قاراپ بىردەم ھۇزۇرلىنىۋېلىش ئۈچۈن توختاپ قېلىشىدىكەن.

— بۇ دەرەخ گەرچە قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئەينى چاغدىكىدەك گۈزەل تۇرۇپتۇ، — دېيىشىپتۇ ئۇلار.

ھەممە بۇ دەرەخنىڭ گۈزەللىكى يەنىمۇ ئېنىق كۆرۈنسۇن دەپ، كېسىپ تاشلانغان شاخلىرىغىمۇ مارجان-مۇنچاقلارنى ئېسىپ قويۇشۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆگەي

ئانا ئېرىنى بۇ دەرەخنى توپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇپتۇ.

ئېرى بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇتۇنسۇرۇك بىر دەرەختىن پەقەت كىچىككىنە بىر سىقىم كۈللا قاپتۇ. لېكىن ئۇ خۇددى گۆرۈچ ئۇنىدەك پاكىز ۋە ئاپئاق ئىكەن.

دۆلەتلەر ئارا ساياھەت قىلىپ يۈرگەن سەيياھلارمۇ بۇ ئاجايىپ كۈلدىن بەھر ئېلىش ئۈچۈن بۇ يەردە توختاپ ئۆتۈشۈپتۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاتىغان بېزەكلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىشىپتۇ.

— ئاجايىپ، بىر سىقىم كۈلمۇ شۇنچە گۈزەل بولىدىكەن ـ ھە! — دېيىشىپتۇ ئۇلار.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆگەي ئانا ئېرىگە كۈلنى بۇلاققا تۆكۈۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ شۇنداق قىپتۇ. كۈل سۇدا غايىب بوپتۇ، سۇ بولسا گويا يېڭى سۈتتەك تاتلىق بولۇپ كېتىپتۇ.

چارچاپ ھالىدىن كەتكەن يولۇچىلار بۇ يېزىدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى ھەرقانچە ئۇسساپ كەتسىمۇ چىداپ، پەقەت مۇشۇ ئاجايىپ بۇلاقنىلا ئىشتىھا باغلاپ كېلىشىپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە ھاردۇق ئېلىپ، تەشنالىقلىرىنى قاندۇرۇشىدىكەن ۋە:

— بۇ پاكىز سۇدىنمۇ تاتلىقراق بىرەر نەرسە بارمىدۇ؟ — دەپ ماختىشىدىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆگەي ئانا ئېرىگە بۇلاقنى تىندۇرۇۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ.

بۇ بۇلاق سۈيى ئاققان يەردە قېلىن ئورمان پەيدا

بوپتۇ. بۇ ئورماندا قوۋناق كېيىكلەر ياشايدىغان بوپتۇ.

ھەر كۈنى ئۇلار جاراڭلىق ناخشىلىرى بىلەن بىر ـ بىرىنى چاقىرىشىپ، بىر يەرگە جەم بولىدىكەن:

كېلىڭلار، كېيىكلەر ئوينايلى،
ئەي، شادىيانە كېيىكلەر،
ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ،
يايرىشايلى كېيىكلەر.

ھەممە كېيىكلەرنىڭ كەينىدىن توقايلىق ئىچىدىن ئەڭ كىچىك، ئەڭ چىرايلىق كېيىك چىقىدىكەن. ئۇمۇ يېشىل ئوتلاقتا ئۇسسۇل ئويناپ مۇنداق ناخشا ئېيتىدىكەن:

بىر چاغدا قىزدىممەن،
ئەي، شادىيانە كېيىكلەر،
جېنىمنى دادام قەستلىدى،
ئەي، شادىيانە كېيىكلەر.
يېشىل كۆچەت بولسامەن،
ئەي، شادىيانە كېيىكلەر.
شاخلىرىمنى دادام پۇتىدى،
ئەي شادىيانە كېيىكلەر.
قاقشال كۆتەك بولسامەن،
ئەي، شادىيانە كېيىكلەر.
كۆتەكنى دادام كۆيدۈردى،
ئەي، شادىيانە كېيىكلەر.
ئاپئاق كۈل بولسامەن،
ئەي، شادىيانە كېيىكلەر.
دادام ئۇنى سۇغا چاچتى،

ئەي، شادىيانە كېپىنەكلەر.
بۇلاق سۇيى بولۇپ ئاقسامەن،
ئەي، شادىيانە كېپىنەكلەر.
بۇلاقنى دادام تىندۇردى،
ئەي، شادىيانە كېپىنەكلەر.
ئەمدى كېپىنەك بولدۇم مەن،
ئەي، شادىيانە كېپىنەكلەر.
كېپىنەكلەر ئىچىدە ياشايمەن،
ئەي، شادىيانە كېپىنەكلەر.
كېلىڭلار، كېپىنەكلەر ئوينايلى،
ئەي، شادىيانە كېپىنەكلەر،
ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ،
شادلىنايلى كېپىنەكلەر.

بىر كۈنى ئوۋچى ئورمان ئىچىدىكى چاتقاللىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بۇ كىچىك ئاھۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ يېزىغا قايتىپ كېلىپ كۆپچىلىككە ئورماندا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. مەرھۇمە فارىماتانىڭ دادىسى كىچىك ئاھۇنىڭ ئۆزىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشىنىپتۇ.

ئەتىسى ئۇ ئورمانغا بېرىپ ئوتلاقتا يېقىن چاتقاللىقتا يوشۇرۇنۇپتۇ. چۈشكە يېقىن كېپىنەكلەر ئوتلاقتا چىقىپتۇ.

ئۇلار ناخشا ئېيتىپتۇ، سەكرىشىپتۇ ۋە شادلىنىپتۇ، ھەممىنىڭ كەينىدىن كىچىك ئاھۇ چىقىپتۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىنى يەنە ئېيتىشقا باشلاپتۇ:

بىر چاغدا قىزدىمەن،
ئەي شادىيانە كېپىنەكلەر.

ئۇ ناخشىسىنى ئېيتىپ بولغاندا، دادىسى چاتقاللىقتىن چىقىپ ئۆزىنى بىچارە قىزىغا ئېتىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ باغرىغا باسماقچى بوپتۇ.

لېكىن كېيىكلەر ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنى زىچ ئورىۋاپتۇ.

— ياق، بىز ئۇنى ساڭا بەرمەيمىز! — دەپتۇ ئۇلار، — ناۋادا سەن ئۇنىڭغا قول تەگكۈزىدىغان بولساڭ، بۇ يەردىن تىرىك كېتىمەن دەپ ئويلىما! سەن ئۇنى مۇلايىم، خۇش چاقچاق قىز چېغىدا ئۆلتۈردۈڭ. ئۇ يېشىل كۆچەت بولغاندا ئۇنىڭغا رەھىم قىلمىدىڭ، قۇرۇق قاقشال كۆتەك بولۇپ قالغاندىمۇ قىلچە شەپقەت قىلمىدىڭ. بىر سىقىم ئاپئاق كۈل بولۇپ قالغاندىمۇ ئۇنى توزىتىۋەتتىڭ، سۈزۈك بۇلاق سۈيى بولۇپ ئاققاندا، ئۇنى تىندۇرۇپ يەر بىلەن يەكسان قىلدىڭ. بىز ئەمدى ئۇنى سېنىڭ يەنە ھالاك قىلىشىڭغا بەرمەيمىز! ئۇ بىز بىلەن مەڭگۈ بىللە تۇرىدۇ. سەن بۇ يەردىن تېز يوقال!

دادىسى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى جىمجىت تۇرۇپ ئاڭلاپتۇ. ئىزا - نومۇستىن ئۇلارغا قاراشقىمۇ پېتىنالماپتۇ، پەقەت كۆز ياشلىرىنىلا تۆكۈشتىن باشقا ئىش قىلالماپتۇ.

ئۇ شۇنداق يىغلاپتۇكى، ئاخىر كېيىكلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇلار ئارىنى ئېچىپتۇ، دادىسى بېشىنى كۆتۈرۈشى بىلەنلا ئالدىدا قىزى بۇرۇنقىدەكلا شۇنداق چىرايلىق، خۇشپىچىم ھالدا تۇرۇپتۇ. دادىسىنىڭ خۇشاللىقىدىن تىلى گەپكە كەلمەي قاپتۇ. كېيىكلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئۇسسۇل ئويناپتۇ، ئوتلاقنى بويلاپ

ناخشا ئېيتىپتۇ، ئاندىن بىر - بىرلەپ ئورماننىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ئۇزاققىچە ئۇلارنىڭ ناخشىلىرى يەنىلا ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ:

كېلىڭلار كېپىنەكلەر ئوينايلى،
هەي، شادىيانە كېپىنەكلەر.
ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ،
شادلىنايلى كېپىنەكلەر.

بەخت يار بولغان دادا قىزى بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ ۋە هەرقانداق كىشىنىڭ ئۇنى رەنجىتىشىگە يول قويماپتۇ. ئۆگەي ئانا بىلەن ئۇنىڭ يامان قىزىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

# گۈلدۈرمامىغا خوتۇن بولغان قىز

## (ئىندىئانلار چۆچىكى)

بۇ قەدىمكى زاماندا بولغان ئىش ئىكەن. دوكوتا قەبىلىسى ئاقساقىلىنىڭ چىرايلىق قىزى بولۇپ، ئۇنى ئۇزۇن چاچلىق قىز دەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ دوستلىرى بىلەن ئورمانغا مالىنا تەرگىلى بېرىپتۇ. ئۇلار ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ خۇشبۇي مېۋىلەرنى ئۇزۇشكە كىرىشىپتۇ. ئىچكىرىلەپ كىرىۋېرىپ ئاسماننىڭ قاپقارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلىنىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قاپتۇ. تۇيۇقسىز چاقماق چېقىلىپتۇ ـ دە، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ يېغىنلاپ كېلىپ تەھدىت سالغىلى تۇرۇپتۇ.

— ۋاي، تېز قاچايلى، — دەپتۇ قورقۇپ كەتكەن بىر قىز، ئۇنىڭ ئىسمى قامەتلىك قېيىن ئىكەن، — قاچايلى! بولمىسا گۈلدۈرماما بىزگە يېتىشىۋېلىپ ئۆتكۈر ئوقلىرى بىلەن ئېتىپ تاشلايدۇ.

— بىز نېمىشقىمۇ شۇنچە يىراققا كېتىپ قالغان-دىمىز! — دەپ ئۇھ تارتىپتۇ ئۇزۇن چاچلىق قىز، — ئەمدى بىز كەينىمىزگە قېچىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەيمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە گۈلدۈرمامىدىن شەپقەت تىلەپ، بۇ قەھرلىك جانابنىڭ غەزىپىنى ياندۇرايلى.

— قانداق قىلىپ؟ — دەپ خىتاب قىپتۇ پرېرىيە

قوْشى دەپ ئاتىلىدىغان قىز ھەسرەت بىلەن قوللىرىنى ئېچىپ تۇرۇپ، — بىزدە ھېچنېمە يوق! مالىنىدەك نەرسىلەرنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن چىلتەك بولغان بولسىمىغۇ كاشكى.

بۇ چاغدا ئۇزۇن چاچلىق قىز كۆلۈپ كېتىپ:

— ناۋادا گۇلدۇرماما بىزگە رەھىم قىلسىلا، مەن ئۇنىڭغا جان دەپ تېگەتتىم، — دەپتۇ.

ئۇ ئاخىرقى سۆزلىرىنى دەپ بولۇشى بىلەنلا، خۇددى شامال ھەيدىگەندەك، غايەت زور قارا بۇلۇتلارغا چۇمكەلگەن گۇلدۇرماما ئۆزىنىڭ ئۆتكۇر نەيزىلىرىنى ئادەمسىز قىيالىق چوققىلارغا ئېتىش ئۇچۇن جەنۇبقا قاراپ كېتىپتۇ.

ئۇچ كۇن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇچ دوست يەنە ئورمانغا ئوتۇنغا بېرىپتۇ. ئۇلار ئوتۇننى تېرىپ، تاسما بىلەن تېڭىپ ئۆيلىرىگە قايتىپتۇ. ئۇلارنىڭ مەھەللىسىمۇ كۆرۇنۇپتۇ. كۇتمىگەندە ئۇزۇن چاچلىق قىزنىڭ تاسمىسى ئۇزۇلۇپ كېتىپتۇ.

— مېڭىۋېرىڭلار، — دەپتۇ ئۇ قىزلارغا، — مەن تاسمىنى باغلىۋېلىپ ئارقاڭلاردىن يېتىشىۋالىمەن.

دوستلىرى كېتىپتۇ، ئۇزۇن چاچلىق قىز بولسا چۇپلۇككە چېچىلىپ كەتكەن ئوتۇنلارنى يىغىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئوتۇنلارنى يىغىپ بولۇپ ئەمدى بېشىنى كۆتۇرۇشى بىلەن، ئۆزىنىڭ يېنىدا ئالتۇن چاچلىق كېلىشكەن بىر يىگىتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۇپتۇ. ئۇ ئىككى قولىنى كۆتۇرۇپ سالام بەرگەنلىكىنى بىلدۇرۇپتۇ ـ دە:

— مەن شىمال بىلەن جەنۇبتىمۇ، غەرب بىلەن

شەرقتىمۇ پەيدا بولۇپ تۇرىمەن. مەيلى تۇزلەڭلىكتە ياشىغان خەلق ياكى تاغلاردا ياشىغان خەلق بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى تونۇيدۇ. قېلىن ئورمان ئىچىدىكىلەر بولسۇن ياكى ئۇلۇغ دېڭىز - ئوكيان بويلىرىدىكىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى تونۇيدۇ. مېنىڭ كۆزلىرىم ھەر خىل قەبىلىلەرنىڭ نۇرغۇن قىزلىرىنى كۆرگەن، لېكىن ئۇلاردىن ھېچقايسىسىنى ساڭا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. سېنىڭ مېنىڭ خوتۇنۇم بولۇشۇڭدىن ئىنتايىن خۇشالمەن!

ئۇزۇن چاچلىق قىز ھەيران قاپتۇ ۋە مەغرۇرانە ھالدا:

— سەن ئۇزۇڭگە ھەددىدىن تاشقىرى تەمەننا قويىدىكەنسەن، ناتونۇش يىگىت، مېنى تۇنجى ئۇچرىغان كىشىگە قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟

— ناۋادا مەن رەھىم قىلسامىلا ماڭا تېگىشكە ۋەدە قىلغان، دوكوتا دېگەن قەبىلىنىڭ قىزى سەنغۇ دەيـ مەن؟ — دەپ كۈلۈپتۇ يىگىت.

ئۇزۇن چاچلىق قىز ئىشنىڭ تەكتىنى چۈشىنىپتۇ.

— دېمەك، سەن گۈلدۈرماما ئادەم ئىكەنسەن - دە؟ — دەپتۇ ئۇ.

— شۇنداق، مەن، — دەپتۇ ئالتۇن چاچلىق يىـ گىت، — مەن سېنى ئەكەتكىلى كەلدىم، مەن سېنى ئاتاـ ئانامغا كۆرسەتمەكچىمەن.

ئۇ مۇشۇ سۆزلەر بىلەن ئۆز لايىقىنى ئەدەپ بىلەن قۇچاقلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆك ئاسمانغا يېنىككىنە كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

مەھەللىدە بولسا پاتىپاراقچىلىق كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئەڭ تەجرىبىلىك ئىزچىلار ئاقساقالنىڭ قىزىنى ئىزدەشكە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن چاچلىق قىزنى ئىزدەپ دەل كۈن پاتىدىغان يەرگىچە بېرىپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاقساقال دوكوتا قەبىلىسىنىڭ ياش سېھىرگىرى ئاق قۇندۇزنى چاقىرتىپتۇ. ئاق قۇندۇز بىر باغلام ئوتۇن ياتقان يەرگە بېرىپ، تىپىنلاردىن بۇ يەردە بىر گۈزەل قىزنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. تىپىنلار ئۇنىڭغا بۇ يەردە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاق قۇندۇز ئاقساقالنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— قىزىڭىزنى گۈلدۈرماما ئادەم ئېلىپ كېتىپتۇ. نۇرغۇن ئىشلارغا قۇدرىتىم يەتسىمۇ، لېكىن گۈلدۈرمامىغا تەڭكۈدەك مادارىم يوق. شۇنداق بولسىمۇ بىر ئۇرۇنۇپ باقاي، ئۇلۇغ ئاقساقال! بىراق، مۇبادا مەن قىزىڭىزنى ساقا قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بەرسەم، ئۇنى ماڭا خوتۇنلۇققا بېرىشكە ۋەدە بېرىسەن. مەن ئۇزۇن چاچلىق قىزنى ياخشى كۆرىمەن، مەن ئۇنىڭ كەپەمنىڭ ئوچاق بېشىدا بولۇشىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم، — دەپتۇ.

ئۇزۇن چاچلىق قىز بولسا گۈلدۈرماما ئادەمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپتۇ. ھەممەيلەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپتۇ، ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈپتۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش يولىدا پايىپىتەك بوپتۇ، ئۇنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ يېڭى ياۋا كالا گۆشى بىلەن ئېسىل ئاھۇ گۆشلىرىنى يەپتۇ، ئۇسسۇزلۇقىنى بولسا ئەتىيازلىق، يازلىق، كۈزلۈك مېۋىلەر بىلەن قاندۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا شېرىن - شەربەتلەر ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ.

بولۇپمۇ ئۇنى گۇلدۇرماما ئادەم ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ ئۇنىڭغا تولىمۇ مېھرىبانلىق قىپتۇ ۋە كۆيۈنۈپتۇ. ھەمدە ئۆزىنىڭ ساياھەتلىرىدىن ئاجايىپ - غارايىپ رەڭگارەڭ قىممەتلىك تاشلارنى ئەكېلىپ بېرىپتۇ. ئۇزۇن چاچلىق قىز يالتىراق تاشلاردىن كۈن بويى ھۇزۇرلىنىپتۇ ھەم ئۇلاردىن دوكوتا قەبىلىسىدىكى ھەرقانداق بىر خوتۇن كۆرسە ھەسەتتىن ئۆلۈپ كەتكۈدەك چىرايلىق مارجانلارنى ياسىتىپتۇ.

بۇنداق بەختلىك تۇرمۇش بىرنەچچە ئاي داۋام قىپتۇ. لېكىن، بىكارچىلىق ئۇزۇن چاچلىق قىزنى بىزار قىلغاندا، ئۇ باشقا خوتۇنلار بىلەن بىللە يىلتىز قازغىلى بېرىپتۇ. گۇلدۇرماما ئادەمنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا تاش گۈرجەك بېرىپتۇ - دە:

— ئاۋايلاپ قازغىن، قىزىم، — دەپتۇ ئۇ، — ئانا يىلتىزغا ھەرگىز تېگىپ سالمىغىن. ئۇ ئوزۇقلىنىدىغان بارلىق يىلتىزلارغا ھاياتبەخش ئېتىدۇ. سەن ئۇنى ئاسان بىلىۋالىسەن، ئۇ بارلىق يىلتىزلاردىن ئەڭ يوغان ۋە ئاق كېلىدۇ.

خوتۇنلار يىلتىزلارنى قېزىپ بولۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشقا تەييارلىنىپتۇ.

— ماڭا ئانا يىلتىزنى كۆرسىتىپ قويساڭلار، — دەپتۇ ئۇزۇن چاچلىق قىز، شۇنىڭ بىلەن خوتۇنلار ئۇنى ئانا يىلتىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەپتۇ.

— مانا ئۇ، كۆرگىن، — دەپتۇ ئۇلار.

ئۇزۇن چاچلىق قىز، ئۇنىڭ يىلتىزى زېمىندا بولغاچقا، ئۇ شۇنداق قۇدرەتلىكمىدۇ؟ دەپ ھەيران قاپتۇ.

ئۇ پۈتۈن بىر كېچە كىرپىك قاقماي چىقىپتۇ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا تاش گۈرجەكنى ئاپتۇ ـ دە، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئانا يىلتىز يېنىغا كېلىپ ئۇنى قېزىشقا باشلاپتۇ. ئۇ يىلتىزنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپتۇ! ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە دەرەخلەر غەزەپ بىلەن گۈرۈلدىشىپ، شاخ ـ شۇمبىلىرىنى ئېگىپ، بۇ خوتۇننىڭ يارىماس ئىشىدىن توختىتىشقا ئۇرۇنۇپتۇ، لېكىن ئۇزۇن چاچلىق قىز بۇنى كۆرمەپتۇ. ئۇ قېزىپتۇ، قېزىپتۇ، ئاخىر غايەت چوڭقۇر بىر يارما قېزىپ چىقىپتۇ. ئۇزۇن چاچلىق قىز يارمىدىن بۇلۇتلارنى، بۇلۇتلار ئارىسىدىن زېمىننىڭ كۆرۈپتۇ: مانا بۇ زېمىن، ئاۋۇ ئانا يۇرتۇم!

گۈلدۈرمامىنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىنى كۆرۈشى بىلەنلا چىرايىدىن كۈلكىلەر ئۆچۈپ، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ھالدا ياشلار تۆكۈلۈپتۇ. ئۇ ئۆيىگە غەم ـ قايغۇ ئىچىدە قايتىپ كېلىپ، ئېرىنى مىسكىن قىياپەتتە قارشى ئاپتۇ، ھەتتا ئېرىنىڭ سۇئاللىرىغىمۇ قاراپمۇ قويماي، ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ئۆز خانىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

— ساڭا نېمە بولدى، قەدىرلىكىم؟ سېنىڭ بەختىيار بولۇشۇڭ ئۈچۈن يەنە نېمە قىلسام بولىدۇ؟

— ئاتامنى كۆرۈشۈمگە رۇخسەت بەرگىن، — دەپ ئېرىدىن سوراپتۇ ئۇزۇن چاچلىق قىز، — بىر ئايچە بولسىمۇ ئۆيۈمدە بولۇشۇمغا رۇخسەت قىل.

گۈلدۈرماما ئادەم بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئۇ خىزمەتكارلىرىغا قېيىن پوستىدىن يوغان سېۋەت توقۇشنى، ئۇزۇن ئارقان

ئېشىشنى بۇيرۇپتۇ. ئاندىن ئۇلار ئۇزۇن چاچلىق قىز بىلەن ئۇ قازغان ئانا يىلتىزنىڭ يېنىدىكى يارمىغا كەپتۇ. ئاقساقالنىڭ قىزى سېۋەتكە چۈشۈپتۇ، ئاندىن گۇلدۇرماما ئۇنى يەرگە، توپتوغرا ئاتىسىنىڭ كەپىسىگە چۈشۈرۈپتۇ.

ئاتىسىنىڭ خۇشاللىقىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەسكەن! لېكىن، ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولغىنى قەبىلىنىڭ سېھىرگىرى ئاق قۇندۇز بوپتۇ. ئۇ خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئاقساقالنىڭ ئېسىگە ئاپتۇ.

— بىراق ئۇ ھازىر باشقا ئادەمنىڭ خوتۇنى - دە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاقساقال، — گۇلدۇرماما ئۇنى ئالغىلى كەلگەندە، مەن ئۇنىڭغا نېمە دەيمەن؟

— قورقما، — دەپ ئاقساقالنى خاتىرجەم قىپتۇ ئاق قۇندۇز، — مەن قەدىمىي قەسىدىنى بىلىمەن، ئۇ بىزگە گۇلدۇرمامىنى كۆزدىن يىراق قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. مەن ئۇنى ساڭا ئۆگىتىپ قويىمەن، ئۇلۇغ ئاقساقال، شۇنىڭ بىلەن سېنى قەبىلىمىزنىڭ ئادەملىرى ئۇزۇنغىچە ئەسلەيدۇ.

ئاقساقال گەرچە سېھىرگەرنى ياخشى كۆرىسىمۇ ھەم گۇلخانلاردا دائىم ھەمسۆھبەتداش بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا رازىلىق بىرەلمەي ئىككىلىنىپتۇ.

بەلگىلەنگەن ۋاقىت يېتىپ كېلىشى بىلەن گۇلدۇرماما خوتۇننى ئېلىپ كېتىشكە ئۇچۇپ كەپتۇ. ئاق قۇندۇز بولسا ئۇنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىنلا سېزىپ قاپتۇ. ئۇمۇ مۇراسىم لىباسىنى كىيىپ تۆت تال قاغا

قانتى بىلەن بېزەلگەن قارا كانايىنى ئېلىپ ئۆيىدىن چىقىپتۇ. ئالدى بىلەن يۈزىنى شىمالغا قىلىپ كاناي بىلەن خۇشبۇي چۆپلەرنىڭ تۈتۈنىنى ئىچىگە تارتىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى شىمالغا پۈۋلەپ چىقارغانىكەن، بىردىنلا سوغۇق شامال چىقىشقا، ئىس پۇراشقا باشلاپتۇ.

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، گۇلدۇرماما قىشتا بولمايدۇ. يەر - جاھان ئىسسىغاندىلا، ئاندىن گۇلدۇرماما گۇلدۇرلەيدۇ. دەل ئاشۇ سوغۇق شامال گۇلدۇرماما ئادەمگە يېتىپ بېرىشى بىلەنلا، ئۇ ئارقىغا چېكىنىپ يىلنىڭ ۋاقىتلىرىدا يېڭىلىشىپ قالغانلىقىنى تەن ئاپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ گۇلدۇرماما ئۇزۇن چاچلىق قىز ياشىغان يېزىغا يولىمايدىغان بوپتۇ. تۆت تال قاغا قانىتى بىلەن بېزەلگەن قارا كانايىنى ئاق قۇندۇز ئاقساقالغا تەقدىم قىپتۇ، ئاقساقال قېرىغاندا ئوغلىغا، ئوغلى ئۆز ئوغلىغا، مانا مۇشۇ تەرىزدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تەۋەررۇك قىلىپ ئۆتۈپ كەپتۇ. دوكوتا خەلقى ئۇنى ئىنتايىن قەدىرلەپ «گۇلدۇرماما كانىيى» دەپ ئاتاپتۇ.

## ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ يامان

### (كۇبا خەلق چۆچىكى)

بىر زامانلار بولغانىكەن، شۇ چاغدا قۇدرەتلىك خوجايىن ئوباتالا دۇنيادىكى ھەممە نەرسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. سەن دۇنيادا قانچە دانا، ئۇلۇغ بولمىغىن، يار - يۆلەكسىز بولساڭ، ئىشىڭ ھامان بىر كۈنى ئەپلەشمەي قالىدۇ. سەن ھەممىنى تەڭ كۆزىتىپ كېتەلەمسەن؟ شۇ سەۋەبتىن ئوباتالا ئۆزىنىڭ ئورنىدا زېمىننى باشقۇرۇپ كېتەلەيدىغان ئادەمنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆزىگە تايانچ قىلىشنى قارار قىپتۇ.

شۇ قارارغا كېلىش بىلەنلا ئۇ ئورۇلانى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇ، دەپ قاراپتۇ. بىراق، ئورۇلا ياش ئىكەن، ياشلا بولىدىكەن، دېمەك ئۇنىڭ زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا، خەلقنىلا باشقۇرۇشتا تەجرىبىسى كەملىك قىلىدۇ.

«ئۇنىڭ دانالىقىنى سىناپ كۆرۈش كېرەك، — دەپ ئويلاپتۇ ئوباتالا، — شۇ چاغدا ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىدۇ!»

ئوباتالا ئادەم ئەۋەتىپ ئورۇلانى چاقىرتىپ كەپتۇ - دە، ئۇنىڭغا:

— مەن سېنى سىناپ كۆرمەكچىمەن. سەن مېنىڭ تەلىپىمنى بەجا قىل: سەن ئۆزۈڭ خالىغان تاماق بىلەن،

مەيلى قايىنتىلغان ياكى قورۇلغان بولسۇن، مېنى ئوزۇقلاندۇرسەن، لېكىن ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى نەرسىدىن تەييارلانغان بولسۇن، — دەپتۇ.

ئورۇلا بازارغا بېرىپ، بارلىق رەستىلەرنى ئارىلاپ ئايلىنىپ چىقىپتۇ. ئاجايىپ مېۋىلەرنى كۆرۈپتىيۇ. سېتىۋالماپتۇ. قەنت - گېزەكلەرگە نەزەر تاشلاپ، ئالىيېشىل سەي - كۆكتاتلارغا قاراپ بېقىپتىيۇ، سېتىۋالماپتۇ. خىلمۇخىل بېلىقلارغا ھەۋەسلىنىپ قاراپتىيۇ، سېتىۋالماپتۇ. بارلىق ئۆي قۇشلىرى بىلەن ھەر خىل ياۋايى قۇشلارنى كۆرۈپ كۆزلىرى ئالىچەكمەن بوپتىيۇ، سېتىۋالماپتۇ. كالا، قوي قاتارلىق ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى پۇتۇن - پۇتۇن ئېسىقلىق تۇرسىمۇ، سېتىۋالماپتۇ.

ئورۇلا پەقەت ئادەتتىكى مال تىلىنى سېتىۋاپتۇ، ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا دورا - دەرمەك، لازا، لاۋۇر يوپۇرماقلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ شۇنداق بىر تاماق تەييارلاپتۇ - دە، ئۇدۇل ئوباتالاغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

— ئوباتالا مال تىلىنى يەپ بېقىپ:

— مەززىلىك ئىكەن! — دەپتۇ ھەمدە ھەممىسىنى يەۋېتىپتۇ.

ئورۇلا بولسا گەپ قىلماي جىم تۇرۇپتۇ.

— مەززىلىكلىكىغۇ مەززىلىك ئىكەن، — دەپتۇ ئوباتالا، — بىراق بۇنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى نەرسە دېگۈچىلىكى يوق ئىكەنغۇ؟ مەن سېنىڭدىن شۇنى تەلەپ قىلغانمىدىم؟

ئورۇلا بولسا، گەپ قىلماي جىم تۇرۇپتۇ.

— سەن بازارغا باردىڭمۇ؟ — دەپتۇ ئوباتالا، — ئۇ يەردە دورا ـ دەرمەك، قەنت ـ گېزەك دېگەندەك ئاجايىپ ـ غارايىپ نېمىلەر يوقمىكەن. ئادەتتىكى بىر تىل ئۇ يەردىكى ئەڭ ياخشى نەرسىدىنمۇ ياخشىمىدۇ؟

— دانىشمەن ئوباتالا! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئورۇلا، — مەن سېنىڭ كۆڭلۇڭدىكىنى تاپتىم. مەززىلىك تاماق بىلەن تويغۇچە مېهمان قىلدىم. سەن ئەقلىڭدىن كېتىپ قاپسەن، دۇنيادا تىل بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولغۇدەك نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلەلمەيۋاتىسەن. تىل خەير ـ ساخاۋەتلىك ئىشلارغا مىننەتدارلىقمۇ بىلدۈرىدۇ، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ماختاپ كۆككىمۇ كۆتۈرىدۇ، بالا ـ قازالاردا ئەقىل كۆرسىتىپ مەسلىهەت بېرىدۇ، غەم ـ قايغۇلاردا كۆڭۈل ئېيتىپ تەسەللى بېرىدۇ. يېڭىلىقلارنى كىشىلەرگە كىم يەتكۈزىدۇ؟ تىل. كىم ئۆگىتىپ، نېمە يول كۆرسىتىدۇ؟ تىل. قىسقىسى، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئاددىي ئادەملىكتىن يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشۈڭ مۇمكىن، — دەپتۇ ئورۇلا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ هەممىسى هەقىقەت! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوباتالا. ئىچىدە بولسا: «گەرچە ياش بولسىمۇ، دانالىقتا تولۇپتۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

ئەمما، ئوباتالا ئورۇلانى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ.

— سەن ماڭا دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى نەرسىدىن تائام تەييارلاپ بەردىڭ، — دەپتۇ ئوباتالا، — بۇ ساڭا نىسبەتەن ئانچە تەس ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. ئەمدى ساڭا قىيىن ۋەزىپىنى تاپشۇرىمەن. سەن مېنى يەنە ئۆزۈڭ

خالىغان تاماق بىلەن — مەيلى ئۇ قاينىتىلغان ياكى قورۇلغان بولسۇن، مېنى ئوزۇقلاندۇرىسەن، لېكىن ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ يامان نەرسىدىن تەييارلانغان بولسۇن، بىرىپ ئىزدىگىن. مۇبادا ئۇزاقراق ئىزدەپ قالغۇدەك بولساڭ، ئۇنىڭدىن خىجالەتچىلىك تارتىپ يۈرمە، چۈنكى دۇنيادا يامان ئىشلار ناھايىتى كۆپ.

ئورۇلا بازارغا بېرىپتۇ. بىراق، رەستىلەرنى ئارىلىماستىن، ئۇدۇل بېرىپ يەنە شۇ مال تىلىنى سېتىۋاپتۇ. ئۇنىڭغا لازا، لاۋزا يوپۇرماقلىرى بىلەن ھەر خىل دورا — دەرمەكلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاپتۇ ۋە ئۇنى ئوباتالانىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

ئوباتالا بولسا بۇنىڭدىن تولىمۇ تەئەججۇپلىنىپتۇ:

— سەن بىرىنچى قېتىم مۇشۇ تاماقنى ئەكەلگىنىڭدە، ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى نەرسە دەپ تەييارلىغانلىقىڭنى بايان قىلغانىدىڭ، مەنمۇ سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنى ھەقىقەت دېگەنىدىم. ئەمدىلىكتە بولسا، يەنە شۇ مال تىلىنى ئەكەلگەن تۇرۇقلۇق، يەنە دۇنيادا تىلدىنمۇ يامان نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى بايان قىلىۋاتىسەن. بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟

ئورۇلا جاۋاب بېرىپتۇ:

— دانىشمەن ئوباتالا! مەن كېسىپ ئېيتىمەنكى، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك يېرى يوق. بىر ئادەمنىڭ ياخشى نامىنى، باشقا ھېچقانداق نەرسە بىلەن ئەمەس، دەل تىل بىلەن ئاسانلا يامانغا ئايلاندۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بەزىدە ئۇ كىشىلەرنى ئەڭ ئاخىرقى ياشاش پۇرسىتىدىنمۇ مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ. تىل

كىشىلەرگە ئاھانەت قىلىدۇ، بوھتان چاپلايدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپمۇ قويىدۇ. بۇلار تېخى ھەممىسى ئەمەس. تىلىنىڭ ياردىمى بىلەن مەملىكەتكە خائىنلىق قىلىشمۇ مۇمكىن، خەلقنى بولسا قۇللۇققا چۈشۈرۈشمۇ مۇمكىن. بۇنىڭدىنمۇ يامان نەرسە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

ئورۇلا شۇنداق دەپتۇ ـ دە، ئوباتالانىڭ جاۋابىنى كۈتۈپتۇ.

ئوباتالا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ــ سىنىڭ دىگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى دەرھەقىقەت. سىنىڭ بىرىنچى قېتىمدىمۇ قىلغان سۆزلىرىڭ ھەقىقەت ئىدى، ھازىرمۇ ھەقىقەتنى ئېيتتىڭ. سىنىڭ دانالىقىڭغا تاڭ قالغاندىم، ئەمدى سىنىڭ ئەقلىڭگە چىن دىلىمدىن قايىل بولدۇم. سەن مىنىڭ ئورنۇمغا چىقىشقا مۇناسىپسەن، ــ دەپ ھۆكۈم قىپتۇ.

# كايوت بىلەن سكۇنس[1]

## (مېكسىكا خەلق چۆچىكى)

كايوت ئېدىرلىقنىڭ باغرىدىكى ئۆزىنىڭ ئىنىدە ياشايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئوۋدىن قۇرۇق قول قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئۆز - ئۆزىگە مۇنداق دەپتۇ:

— پۈتۈن بىر كېچە كاتەكنىڭ يېنىدا چۈجىلەرنى ماراپ يېتىپ بىرنىمۇ تۇتالمىدىم، ئەمدىلىكتە بولسا ئۆلگۈدەك ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ!

شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇگۈلۈپ يېتىپتۇ - دە، قاتتىق خورەك تارتقىنىچە ئۇخلاپ كېتىپتۇ.

بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئېچىرقىغان هالدا ئويغىنىپتۇ.

— قورسىقىم ئەجەب ئېچىپ كەتتى! — دەپ ئۆزىچە داتلاپتۇ ئۇ، — قانداق قىلسام بولىدىكىن، يەنە ئوۋغا چىقمايمۇ؟ خۇشياقمىسىمۇ ئوۋغا چىقمىسام بولمايدۇ.

كايوت شۇ سۆزلەر بىلەن ئىنىدىن چىقىپتۇ. ئۇ مايسو دالاسى كۆرۈنگىچە يۈگۈرۈپتۇ. بۇ يەردە ئۇ سكۇنسنى ئۇچرىتىپتۇ.

---

① كايوت — ئامېرىكا يايلاق بۆرىسى، سكۇنس — يىرتقۇچ بولۇپ، سۆسەر ئائىلىسىگە كىرىدۇ.

— هەي، — دەپ ۋارقىراپتۇ ئۇ سكۇنسقا، — نېمىگە ئالدىراپ كېتىۋاتىسەن؟ ئۇلجىغىمۇ - يا؟ ئەمىسە بىللە بارايلى.

— ماقۇل، — سكۇنس ئىچىدە، كايوتنىڭ نېسىۋىسىدىن نەپ ئالسام ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلاپتۇ - دە، — چېپىشساق قانداق دەيسەن؟ ئەگەر مەن ئۇتتۇرۇپ قويسام، ئۇ چاغدا مەن ساڭا چۇشلۇك تامىقىمنى بېرىمەن، ئەگەر سەن ئۇتتۇرۇپ قويساڭ، ئۇ چاغدا سەن چۇشلۇك تامىقىڭنى ماڭا بېرىسەن، بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— بولىدۇ! — دەپتۇ كايوت ھەمدە «بىر، ئىككى، ئۈچ!» دەپ ۋارقىراپتۇ - دە، ئالغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. سكۇنس بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشنى ئويلاپمۇ قويماپتۇ. ئۇ كايوتنىڭ تېز يۈگۈرىدىغانلىقىنى بىلەتتىكەن، شۇڭا ئالدىرىماپتۇ ھەم ئەتەي كايوتتىن كېيىن قاپتۇ. چۈنكى ئۇ ئىنتايىن يېقىن بولغان باشقا يولنى بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ بەلگىلەنگەن مەنزىلگە كايوتتىن خېلى بۇرۇنلا كېلىپ بوپتۇ.

كايوت بولسا ئىنتايىن تېز يۈگۈرۈپتۇ، ھايال قالمايلا ئالدىدا سكۇنسنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭغا يېڭىلگەنلىكىنى تەن ئېلىشقا توغرا كەپتۇ.

— سەن يەڭدىڭ! — دەپتۇ كايوت سىكۇنسقا يۈگۈرگىنىچە يېقىنلاپ كېلىپ، — سكۇنسلارنىڭ بۇنداق تېز يۈگۈرىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن!

— ھاھ، ھاھ! — دەپ كۈلۈپتۇ سكۇنس، — قېنى تېزرەك چۇشلۇك تامىقىڭنى بەرمەمسەن!

— توختاپتۇر. . . مەن تېخى ئۇلجىغا ئىگە بولغۇدەك

بولمىدىمغۇ!
— مېنى تولا كۈتكۈزمىگىن! تېزرەك بەرگىن!
— مەن دېدىمغۇ، مېنىڭدە ھېچنېمە يوق دەپ.
— ھېچنېمە يوق دەمسىنا؟ نومۇس قىلساڭچۇ! بىز يەڭگۈچى يېڭىلگۈچىنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى يەيدىغانغا شەرتلەشكەن ئەمەسمۇ.
— شۇنداق، بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ يەنە ئۇۋ قىلىشىمغا توغرا كېلىدۇ - دە، سەن مېنى مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغىن.
شۇنىڭ بىلەن كايوت چېپىپ كېتىپتۇ. كۆزدىن يىتكەندىن كېيىن، ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:
— سكۇنىس ئۆزىنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى ئەتىگىچە كۈتسۇن! ئۇ ھېچنېمىگە ئىگە بولالمايدۇ. مەن ئۇنى تازا بابلىدىم! — دەپتۇ.
كايوتنىڭ ئۆزىنىڭمۇ سكۇنىس تەرىپىدىن ئالدانغانلىقى خىيالىغا كەلمەپتۇ.
ئىككى مەككار بىر - بىرىنى ئەنە شۇنداق ئالدىشىپتۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyOTYzMjAuemlw",
"filename_decoded": "40296320.zip",
"filesize": 47162031,
"md5": "e645866020fc0797924d18d7a0eef6b6",
"header_md5": "be376835989db298b5827a1955c17cbe",
"sha1": "5e27c48b720f968f6c0e46dd777f120b5234a713",
"sha256": "4d78df97b25d747868e68bb7e9467d7783330fe832af2fc65554e62c1dd134af",
"crc32": 2912543570,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 52538227,
"pdg_dir_name": "\u2569\u2514\u255c\u03c4\u2550\u00bb\u2557\u2591\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40296320",
"pdg_main_pages_found": 302,
"pdg_main_pages_max": 302,
"total_pages": 309,
"total_pixels": 977923200,
"pdf_generation_missing_pages": false
}